


2–3

1989

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION



ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن: شائىر، مائارىپچى، كومپوزىتور مۇھەممەت ئېلى ئەپەندى توختاجى — ئەز
(1901 — 1936) سۈرەتنى شېرىپ خۇشتار تەمىنلىگەن

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

38 - يىل نەشرى — 1989 - يىل 2 - ، 3 - سان (ئومۇمىي 177- 178- سان)


## بۇ ساندا

### ئەدەبىيات گۈلزارى


ئاھ، يەر ...... (پوۋېست) ...... توختى ئايۇپ 64

كوچىدىكى ناخشا ئاۋازى ...... (ھېكايە) ...... مۇھەممەت باغراش 2


### تارىختىن سۆز


كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئۇچېركلىرى ... نىزامىدىن ھۈسەيىن 113


### دۇنياغا نەزەر


كۆز ئالدىمدا ئوتتۇرا ئاسىيا ...... رەخىم قاسىم 12


### سەھنە ماتېرىياللىرى


ئەزىزە ...... (دراما) ...... مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 31

ناخشا تېكىستلىرى ...... ياسىن مۇخپۇل 157

تۇرغان شاۋۇدۇن، مېھمانجان روزى، ئاۋۇت ساۋۇت، نۇرمۇھەممەت جېلىل، ئابلىجان ھېيىت، يۇسۇپ كېرىم، ئايگۈل مۇھەمدىن، ئالىمجان ئازات، ياسىن ئىسمائىل، ئىسكەندەر سەيپۇللايۇۋ


### مەدەنىيەت - سەنئەت گېزىتى


«چەبىيات» مۇقامى «12- قېتىملىق ئاسىيا سەنئەت بايرىمى» دا قىزغىن ئالقىشلاندى ...... ئەمەتجان ئەھمىدى 11


### قىزىقچىلىرىمىز


سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدىن ...... تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت 155


### ئەقىل ئۈنچىلىرى


تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ...... 160


مۇقاۋىدا: سادىر پالۋان (سۇ بوياق) نۇرۇللام ئىبراھىم سىزغان

رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز، ئىسمائىل ئىبراھىم (تەكلىپ قىلىنغان)


تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇ سانىنىڭ جاۋابكار مۇھەررىرى)

مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:

مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت تاتلىق، ئىبراھىم پەخرىدىن، نىزامىدىن ھۈسەيىن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان مامۇت، ساتتار توختى





# كوچىدىكى ناخشا ئاۋازى

(ھېكايە)

مۇھەممەت باغراش

سائەت 10 ـ 11 لەر بولسا كېرەك، چوڭ كوچىدا ئالدىرىغىنىمدىن ئادەملەرگە ئۈرۈلۈپ ـ سوقۇلۇپ كېتىپ باراتتىم. شەھەرلىك تىياتىرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگىنىمدە بىرسى ئىسمىمنى چاقىرىپ قالدى، ئۆرۈلۈپ قارىسام تونۇش بىر كىشى ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئادەتتىكىچىلا سالام قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشنى ئويلىدىم، لېكىن، قارىسام ئۇ كىشى ماڭا قاراپ ئالدىراپ كېلىۋېتىپتۇ. مەنمۇ توختاشقا مەجبۇر بولدۇم. بىز تونۇش بولساقمۇ ئۆز ئارا زادىلا ئارىلىشىپ باقمىغانىدۇق. مەن پەقەت ئۇ كىشىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ خاھىشى ۋە ۋاقتىنى ھېسابقا ئالماي ئۇدۇل كېلىپ قالغان يېرىدە بىر ئاشپىشىم ۋاتىلدايدىغان گەپ خالتىسى ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتىم. قاچان ۋە قايسى سورۇندا تونۇشۇپ قېلىۋېدىمكىن زادىلا ئېسىمدە يوق، ھەر ھالدا ئىككىمىزگە مۇشۇنداق «كوچا سالىمى» قىلىشىپ يۈرگەلى بەش ـ ئالتە يىل بولۇپ قالغانىدى. ھەر دائىم ئۇچرىشىپ قالساق، ئۇ، گەپنى «دەم ئالدىڭىزمۇ؟ يېقىندىن بۇيان نېمە يېزىۋاتىسىز. قەلەم ھەققىنى ئېلىۋېرىپ تىنىپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن. سىلە ـ بىزدەك يازغۇچى ئادەملەرگە ھەممىلا ئادەمنىڭ كۆزى قادىلىقلىق.

موشۇ پەلەتونىيەگىزلىنى، بىلىشىمچە، ئۈچ-تۆت يىلدىن بېرى كۆيۈپلا كېلىۋاتىمىز. پۇل بولغاندىن كېيىن پەخەسقىلىق قىلماي ئۆزدىگىزلىنىڭ تەقدىي - تۇرقىڭىزغىمۇ ئانچە - مۇنچە دىققەت قىلىڭ....» دېگەندەك گەپ بىلەن باشلايتتى. مەن: «ھەئە، ھېچنېمە، ياقەي، شۇنداقمۇ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن جاۋاب بېرەتتىم، ئىچىمدە بولسا ئۇنىڭدىن تېزىرەك قۇتۇلۇشقا بىرەر سەۋەب ئىزدەپ ئاۋارە ئىدىم. لېكىن ئۇ، مېنىڭ «ھەئە، ياق»لىرىمغىمۇ تۈزۈك قۇلاق سالمايتتى - دە، ئاغزىدىن گەپىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قانداقتۇر بىر رومانى ھەققىدە سۆزلەيتتى. رومانىنىڭ نامى، تېمىسى، قەھرىمانى، قۇرۇلمىسى... ۋەھاكازالار ئۈستىدە بەش يىل ئويلانغانلىقى، ئاخىرى كاللىسىدا پىشىپمۇ قالغانلىقى، ئەتە - ئۆگۈن ۋاقتى چىققاندا قولىغا قەلەم ئېلىپ ئىككى - ئۈچ ئاي ئىچىدە ھايتنى - ھۇيت دەپ پۈتتۈرۈۋېتىدىغانلىقى، موشۇنداق تېمىدىكى رومانىنىڭ مىللەتكە، جەمئىيەتكە، كەلگۈسى ئەۋلادقا قانچىلىك زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا كۆيۈپ - پىشىپ سۆزلەيتتى. ئەسلىسەم، بۇ كىشى مەن بىلەن تونۇشقان بىرىنچى كۈنىدىلا ئۆزىنى ئىشتىن سىرتقى يازغۇچى دەپ تونۇشتۇرۇپلا ئايىغىغا ئۇلاپ موشۇ رومانى ھەققىدە سۆزلىگەنىدى. بەش - ئالتە يىلدىن بېرى موشۇنداق كۆرۈشۈپلا قالساق ئوخشاش ئاھاڭ، ئوخشاش رىتىم، ئوخشاش ھېسسىيات بىلەن ئوخشاشلا ئاشۇ «پىشىپ قالغان» رومانى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن، ئەدەبسىزلىك بولسىمۇ ئېيتىۋېتەي، ئەدىناسى ئۆزى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغان ئادەمنىڭ تولا قاۋايدىغان ئىتتىن بىزار بولغاندەك ئۆزىدىن بىزار بولۇپ تويۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدىغان بۇنداق قاپاقباش ئەخمەقتىن رومان تۇرماق، سەل بىر لېمگە ئوخشايدىغان بىرەر مىسرا قوشاقنىڭ چىقىشىغا كاللىسى ساق ئادەم ئولتۇرۇڭ - كېسىڭ ئىشەنمەيتتى. دېمىسىمۇ، ھازىرغىچە بۇ يازغۇچىنىڭ بىرەر قوۋۇز گېپىنىڭ بىرەر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغىنىنى بىلمەيتتىم. تازا ئالدىراپ تۇرغاندا بۇ پالاكەتكە يولۇقۇپ قالغىنىمغا ئۆكۈنۈپ لېۋىمنى كۆچەپ چىشلىدىم. ئۇ ئالدىنى توسۇۋالغان ماشىنا، ۋېلىسىپىتلەرنىڭ ئارىسىدىن چاققانلىق بىلەن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ يولنىڭ ئۇ قېتىدىن مەن تۇرغان تەرەپكە ئۆتتى. ئىككىمىز قول بېرىشىپ سالاملىشتۇق.

— قانداقراق ئەھۋال، نېمىلەرنى يېزىۋاتىمىز، قەلەم ھەققىدىن كېلىدىغان تاپاۋەت نويدانىدۇ؟ سىلە - بىز يازغۇچى ئادەم...

ئىچىمدىن قايناپ چىققان ئۆچلۈكتىن چىرايىممۇ چەيزىرەك بولۇپ كەتتى. مەن قولۇم بىلەن قۇلاقلىرىمنى ئېتىۋالغىنىمدەك بولۇپ، دەررۇ چەتكە قارىۋالدىم. دەل شۇ چاغدا ئۆشتۈمتۇتلا بىر جاراڭلىق ناخشا ئاڭلىنىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ماگىزىندىمۇ ناخشا، چايخانىدىمۇ ناخشا، ناۋايخانىدىمۇ ناخشا، ھاجەتخانىدىمۇ ناخشا بولۇپ كەتكەنىدى. پەقەت قاسساپنىڭ كانارى بىلەن ئىمامنىڭ مېھرابىلا قالغانىدى. بولۇشىغا قويۇۋەتكەن ئۈنئالغۇدىن ئەتىدىن كەچكىچە ياڭراپ تۇرىدىغان ناخشىنىڭ دەستىدىن كىشىلەرنىڭ قۇلاق - مېڭىسى پاك بولۇپ ئىچى ئېلىشقىدەك ھالغا كەلگەنىدى. بەزىدە، ئاشۇ ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان ئالاتاغىل جارقىراشلاردىن يۈرىكى ئاجىزراق ئادەملەر ئۆشتۈمتۇت ئۆلۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن دەپ ئويلاپ قالىدۇ كىشى...

مەن دەسلەپتە بايىقى ناخشىنى ئاشۇنداق

كوچا بويىمىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى دەپ ئويلىدىم. لېكىن، بۇ ناخشىغا ھېچقانداق مۇزىكا تەڭكەش قىلىنمىغانىدى. ئۈن ئالغۇلاردا بولسا ناخشىچىنىڭ ناخشىسىدىن كۆرە ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىنغان «جاراڭ - جۇرۇڭ»، «گۇلدۇرگۇپپاڭ»، «جاتتۇر - جۇت»لار ئەدەپ كېتەتتى. بۇ ناخشا بولسا، گويا كەڭرى دالىدا ئېزىپ قالغان يالغۇز قۇشنىڭ سايرىشىدەك دەبدەبىسىز، يېگانە ئىدى.

مەن ناخشا ياڭراۋاتقان تەرەپكە نەزەرىمنى ئاغدۇردۇم. دەرۋەقە ئۈن ئالغۇ ئەمەسكەن. كۆلرەڭ رەختتىن تالاستوپكا، زەڭگەر سارجىدىن قىسقا ۋە تار يوپكا كىيىۋالغان بىر قىز تىياتىرخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى پەلەمپەيدە تۇرۇپ كوچىغا قاراپ تۇرغىنىچە ناخشا ئېيتىۋاتاتتى:

ئىگىز - ئىگىز تاغ بېشىدىن سىرىلدىم تۈزگە،

قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئېگىلدىم سىزگە.

ھەيران بولغىنىمدىن ھاڭ - تاڭ قالدىم. كۈپكۈندۈزى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراش. تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا ھېچكىم يوق، لېكىن، بىر گۈزەل قىز چوڭ كوچىغا قاراپ جېنىنىڭ بارىچە توۋلاپ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ. ئارتىسمىكىن دېسەڭ، يېنىدا مۇزىكانتلىرى يوق، ئۆزى تەنھا، چەت-ياقىدىن كېلىپ قېلىپ چوڭ شەھەرنىڭ كوچىسىدا تېنەپ يۈرۈپ جان باقالماي قالغان ساياقمىكىن دېسەڭ، تەققى - تۇرقى، كىيىم-كېچەكىدىن كوچىغا چىقىپ قالغان ئەڭ مودىۋاز قىزلاردىن ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇنداق قىزلار ئەڭ ئېغىر كۈنگە قالغان تەقدىردىمۇ كەچلىرى كىنو - تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا، مېھمانخانىلارنىڭ يالغۇز كىشىلىك ياتاقلىرىدا ياكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى رەڭگارەڭ چىراغلار چاقناپ تۇرىدىغان قەھۋەخانىلاردا باشقا خىلدىكى سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا رازىكى، ھەرگىزمۇ چوڭ كوچىغا چىقىپ، يەنە كېلىپ كۈپكۈندۈزدە ناخشا سېتىپ جان بېقىشنى ئۆزى ئۈچۈن كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ھاقارەت دەپ بىلىدۇ. چۈنكى ئۇنداق قىزلاردا ساختا غۇرۇر تۇيغۇسى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە ئەقلىم يەتمەي بېشىم قاتتى. قارىسام، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇ قىزنىڭ ئۆپچۆرىسىگە بىر مۇنچە ئادەم ئولىشىۋالدى.

— رومانىمنى خۇدا خالىسا كېلەر ئايدا يېزىشنى باشلىۋېتىمەن، ھېلىقى بىر ئايلىق دەم ئېلىشىمىز بار ئەمەسمۇ. رومانىمنىڭ نامى «بەخت» ئىسپەتدىم، بەخت دېگەن نېمە؟ بەخت دېگەن ...

— جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭە تەقسىر، — دېدىم مەن بىمەززە سۆزىدىن زېرىكىپ جان-جەھلىم بىلەن تۈگۈلۈۋالغىنىمغا پىسەنت قىلىپ قويماي تېخىچە كاسىلداۋاتقان بەتتام ۋە بىزەڭ كاسكىغا زەردە بىلەن، — ئۇ رومانىڭىز رومان بولۇپ بولغىچە تىلىڭىزغا كۆيدۈرگە چىقار ئىسلاھىم، رومانىڭىزنى يازىدىغان كۈنىڭىزدە پۈتۈن ئالەمدىكى قەلەم - قەغەزلەرگە ئوت كېتەر پەرۋەردىگارىم. خوش ئەمىسە، سىزنى ئىككىنچى قېتىم ئۇچرىتىپ قالمىسام مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ زور بەخت، بىلەمسىز، بەخت دېگەن ئەنە شۇ!

— ئېلىشىپ قالدىمۇ نېمە مانادىش... قاراپ تۇرۇپ ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللايدا، ما، سالما...

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئەدەب يوزىسىدىن قىلىپ كېلىۋاتقان يالغان تەكەللۇپىمنى راست دەپ چۈشىنىپ قالغان بۇ كالۋاڭ مېيىنەتلىك

بايىقى سۆزۈم بىلەن بېشىمغا كالتەك تەگكەندەك ئەندىكىپ كېيىمدىن تۇتقىناپ قالدى ۋە ئاچچىقىدا بىردىنلا ئاۋازىنىڭ بىردىچە كاركىراپ ماڭا ھۆرپىيىپ ئېتىلىپ كەلدى. مەن «غەيپىدە» ئارقامغا ئۆرۈلدۈم - دە، كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇۋېلىپ ئۇنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلدىم. ئۇنى ئازدۇرغانلىقىمغا ئىشەنگىنىمەدىن كېيىن ھېلىقى ناخشا ئېيتىۋاتقان قىز تەرەپكە قاراپ ماڭدىم.

ئۇ، 18 - 19 ياشلاردىكى زىلۋا بويلۇق، ئاق يۈزلۈك قىز ئىكەن. لەۋگىردىمى سۇرتۇشنىمۇ ئانچە بىلمەسە كېرەك، نېپىز لەۋلىرىنى قىزىل سىردا سىرلىۋالغاندەك يالتىرتىۋېتىپتۇ. قىل قۇيرۇق قىلىپ سىزغان قاشلىقى قاپقارا بۇدۇرە چاچلىرىنىڭ ئارىسىغىچە سوزۇلۇپتۇ. قىزنىڭ يوپكىسى شۇنچىلىك تار ۋە قىسقا ئىدىكى، ئۇنىڭ ئاپئاق يوتىسى خۇددى كىشىلەرگە ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك خېلى بىر يەرلىرىگىچە ئېچىلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئاپئاق، سىلىق ۋە تولغان پاچىقى قارىغان كىشى ئويۇلۇپ قالغىدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىدى.

قىزچاق سۈرمە سۈرگەن چىرايلىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ جىنىنىڭ بىردىچە تۇۋلايتتى. ئۇ كۆزلەردىن بولسا بىر خىل جىددىيلىك، سارامسىمە چىقىپ تۇراتتى. قىزنىڭ بارماقلىرى يەڭگىل تىترەيتتى.

بىلەمسىزكىن، بىلمەمسىزكىن، مەن كۆيۈ-
دۈم سىزگە،
ئىشقىڭىزدا كۆيۈپ ئۆلسەم ئۇۋالى سىزگە.

قىزنىڭ ئاۋازى قوڭغۇراق ئاۋازىدەك زىل ۋە ساپ ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ يېقىملىق تىترەشلىرى كىشىنىڭ ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ ئەستىن چىققان تاتلىق ئەسلىمىلىرىنى قايتىدىن ئويغىتىۋاتقاندەك، كىشىگە بىر خىل ئازابلىق مەيۈسلۈك بېغىشلايتتى. ئاشۇ جاراڭلىق ئاۋازنىڭ تەگ - تېگىدە ئالىلىقىنىڭ سەبىيلىكى، نادانلىقى، جۇشقۇنلۇقى، ساددىلىقى ۋە يەنە قانداقتۇ تەلۋىلىكىگە ئوخشايدىغان بىر خىل ياۋايىلىقى ئەينى بىلەن ساقلىنىپ قالغانىدى. بۇ ئاۋاز شۇ قەدەر يېقىملىق ۋە گۈزەل بولسىمۇ تېمىشكىدۇر بۇ قىزنىڭ ناخشىسى خۇددى قوناق ئۇنى ئەلەن دۆنگەداي ئۇنى قوۋۇشمىغاندەك قوۋۇشمايتتى. ھەممىگە تونۇشلۇق بۇ ناخشىنىڭ تېكىستى ۋە ئاھاڭى توغرا بولسىمۇ، بۇ ناخشىنىڭ ئۇدۇل بېرىپ يۈرەككە تېگىدىغان بىر يەرلىرى يوقالغاندەك ئىدى. بۇ گۈزەل ناخشا قىزنىڭ يۈرىكىدىن ئەمەس قىپقىزىل سىرلىۋالغان ئاشۇ ئوماق ئاغزىنىڭ ئۇچىدىن چىقىۋاتقاندەك، بۇ قىزنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقاندا ئېھىمىدۇر بىر نېمىسى چۈشۈپ قالغاندەك، ناخشىنىڭ زەر يىپقا تىزىلغان تىزىقچىسى چېچىلىپ كېتىۋاتقاندەك ۋە پاكى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدىلا گويا بىر سەبىي، يومران بالا تاش ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشۈۋاتقاندەك تۇرۇپ بىر خىل پاراكەندىچىلىككە، تۇرۇپ بىر خىل غەشلىككە، يەنە قانداقتۇر بىر خىل ئىچ ئاغرىتىشقا ئوخشايدىغان بىر سېزىم كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. بۇ ناخشىنى ھەقىقىي ناخشا دېگەندىن كۆرە تامدىن قايتقان يېقىملىق ئەكس سادا دېيىش ئورۇنلۇقراق ئىدى.

ئەتراپىمدىكى ئادەملەر دەسلەپتە ئۇ قىزغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇشتى. كېيىن بىر-بىرلەپ كۇسۇرلاشقىلى تۇردى:

- ئارتىسقۇ ئەمەستۇ...

- ئارتىس بولاددۇ، ئاغزىدىن ناخشا چۈشۈپ قېلىۋاتسا...

- تىلەمچىمۇ يا؟

- ھەر قانچە بولسىمۇ چوپچوڭ بىر قىز بالا ناخشا ئېيتىپ تىلەپ يۈرمەس...

– تىلەمچى بولامدۇ، قاراڭلار ئۇنىڭ تەققى تۇرقىغا...

– ئېلىشىپ قالغانمىدۇ - يە ؟

– ۋاي بىچارە... پاكىزمۇ قىزىكەندۇق...

شۇ ئەسنادا 25-26 ياشلىق ئوتتۇرا بوي، قاراموتۇق كەلگەن بىر يىگىت ئۇ قىزنىڭ قېشىغا باردى-دە، قىزغا ئىچى ئاغرىغاندەك چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ قاراپ قويۇپ يانچۇقىدىن بىر سوملۇق پۇلنى چىقىرىپ قىزنىڭ ئېتىكىگە تاشلىدى ۋە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كېتىپ قالدى. باشقىلارمۇ يانچۇقلىرىنى كولاشقا تەمشىلىشتى.

قىز بىردىنلا ناخشىسىنى ئۈزۈپ قويۇپ ئايىغى ئاستىدا ياتقان پۇلغا چەكچىيىپ قارىدى ۋە بىردىنلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ «غاچچىدە» ئېڭىشىپ پۇلنى ئالدى-دە، تېخى تونۇپ چىقىپ بولالمىغان يىگىتنىڭ كەينىدىن ئېتىلىپ بېرىپ پۇلنى ئۇ يىگىتنىڭ دېشىغا ئاتتى.

– ئالە پۇلۇڭنى لوكچەك، كىم ساڭا ناخشا سېتىپتۇ!

قىز غەزەپ بىلەن بايىقى يىگىتنى تىللىۋەتتى. ئۇ يىگىت هاڭ-تاڭ بولغىنىچە ئالدىدا هازىرلا چاڭ سېلىشقا تەييار تۇرغان چىشى مۈشۈكتەك هۈرپىيىپ تۇرغان ناخشىچى قىزغا چەكچىيىپ قاراپ قېتىپ قالدى. قىزنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان ئادەملەرمۇ هەيران بولغىنىدىن ئەس-هوشىنى يوقىتىپ دىمىنى ئىچىگە تارتىپ تۇرۇپ قېلىشتى.

– ساراڭمۇ-نېمە ماۋۇ؟ -دېدى بايىقى يىگىت بىر هازادىن كېيىن ئىمزادىن شەلپەردەك قىزىرىپ .

– كىم ساراڭكەن، ئۆزۈڭ ساراڭ، شاۋزى، فېڭزى!

قىز تېخىمۇ بەكرەك هۈرپىيىپ ئاغزىنى بۇزدى. قىز باشقا تىلدا قايماقتەك سۆزلەيدىكەن. باشقا تىل ئۇنىڭ ئاغزىدا يىاغلىما چۈپچەك ئۈزۈلمەي كېتىۋېتىپتۇ. ئادەملەر بىر-بىرىگە قارىشىپ ياقىسىنى تۇتۇشتى.

يىگىت بىردىنلا غەزەپكە كەلدى.

– ساراڭسەندىنمۇ ئارتۇق بولامدۇ؟ ساراڭ بولمىساڭ نېمە ئىش ئەممىسە كۈپكۈندۈزدە چوڭ كوچىدا ناخشا توۋلاپ! ساراڭ بولماي تىلەمچى بولساڭ پۇل بەرگەن ئادەمنى تىللامسەن...

– مەن ساراڭ ئەمەس، تىلەمچىمۇ ئەمەس، ناخشىچى بولىمەن! ناخشىچى بولۇپ، سەھنىدە ناخشا ئېيتىمەن...

قىز بىردىنلا ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىگىتكە چەكچەيگەن كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى. ئۇ، كۆزىدىن ئاققان ياش بىلەن كارى يوق هەدەپ بۇرنىنى چىمدايتتى...

يىگىت مەسخىرىلىك كۈلۈپ بۇرنىنى قاقتى:

– ناخشىچى بولارمىش تېخى، ئاشۇمۇ ناخشىمۇ؟ سېنىڭ ئۇ ناخشاڭ ناخشىغا ئەمەس، قۇرۇپ قالغان قوناق شېخىنىڭ شالدىرلىشىغا ئوخشايدۇ. سەن، بىزچە ناخشا ئېيتىمەن دېگۈچە ئاۋۋال بىزچە يىغلاشنى ئۆگەنگىن، يىغلاشنى...

قىز بىردىنلا ئېسەدەشتىن توختاپ يىگىتكە هەيران بولۇپ قارىدى:

– نېمە، يىغلاشنى؟ ناخشا ئېيتىمىدىغان ئادەم يىغلاشنى ئۆگىنىپ نېمە قىلىدۇ؟!...—

قىزنىڭ ئاۋازى بىردىنلا مۇلايىملىشىپ قالغانىدى. قىز جاۋاب كۈتۈپ يىگىتكە يېقىنلاپ كەلدى. يىگىتمۇ سەل مۇلايىملاشتى.

– بىزچە ناخشا دېگەننى بارغۇ، يىغلاشنى بىلگەن ئادەم ئېيتالايدۇ. يىغلىمىغاندىمۇ بىزچە يىغلاشنى، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ

يىغلاشنى... ! ئاشۇ يىغىنىڭ مۇڭىنى ناخشىغا سىڭدۈرەلىگەن ئادەملا بىزنىڭ ناخشىمىزنى شېرىنىسى بىلەن قويالايدۇ...

كىشىلەر يىگىتنى ماقۇللاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— يىغلاشنى قانداق ئۆگىنىدۇ؟...

ئەتراپتىن پاراقىدە كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. قىز خىجىل بولغانىدەك ئەتراپتىكىلەرگە قورۇنۇش ئىچىدە قاراپ قالدى. يىگىت كۈلمىدى. ئۇ، قىزنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك قىزغا قاراپ قالدى.

— يىغلاشنى دەمسەن؟— دېدى يىگىت بىر هازادىن كېيىن سىڭلىسىغا سۆزلەۋاتقان ئاستا ئاهاڭدا، — يۈرە مەن بىلەن، تەڭدەمەتلىك بىر دوستۇم ئۇشتۇمتۇت قازا قىلىۋېدى، شۇ يەرگە پەتمىگە ماڭدىم. مەن بىلەن بېرىپ دوستۇمنىڭ ئانىسىنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ يىغلىشىنى بىر ئاڭلاپ كەلگىن، ئۇلارنىڭ يىغىسىدىكى مۇڭىنى، ھەسرەتنى يۈرىكىڭگە ئورنىتىۋېلىشقا تىرىشقىن، بولسا ئۆزۈڭمۇ شۇنداق يىغلىغىن، شۇ چاغدا سەن ھەقىقىي ناخشىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىسەن...

قىز ئالدىراپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

دەل شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى «قارا!» دېگەندەك قىلدى. شۇنداق قارىسام، بايا مەن دەككىسىنى بەرگەن ئىشتىن سىرتقى «يازغۇچى» دوستۇم قاقىرىدەك بوينىنى سوزۇپ مۇشۇ توپقا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ. قارىغاندا مېنى ئىزدەپ يۈرسە كېرەك، مەن ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ توپتىن ئايرىلىپ، پىيادىلەر يولى بىلەن «غىپپىدە» تىكىۋەتتىم.

※ ※ ※

ئارىدىن سەككىز-ئون ئاي ئۆتتى بولغاي، بىر كونا كوچا ئاپتوبۇسىدا كېلىۋېتىپ ھېلىقى ناخشىچى قىزغا پۇل بېرىپ دەشنام يېگەن يىگىتنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئىككىمىز بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىكەنمىز، مەن بىر قاراپلا ئۇنى تونۇپ قالدىم. مەن ھېلىقى ئاداشنىڭ كاساپىتى بىلەن تىياتىرخانا ئالدىدىكى ۋەقەنىڭ ئىشتىراكچىسى بولۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانىدىم. لېكىن، شۇ كۈندىن بېرى بايىقى قىز توغرىسىدىكى خىيال مېنى ئويلاندۇرماقتىدى. بۇ، مەندىكى يازغۇچىغا خاس كەسپىي قىزىقىش تۇيغۇسى ئىدى. دەسلەپتە بۇ يىگىتتىن تەرەپپال گەپ سورىسام قانداق بولار، دەپ ئويلىنىپ قالدىم. لېكىن، مېنىڭدىكى تاقەتسىزلىك ئۈستۈن كەلدى.

— خاتالاشمىسام، سىز بۇنىڭدىن بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى بىر ناخشىچى قىزدىن ئازار يېگەن ئىدىڭىزغۇ دەيمەن، — دېدىم مەن ئۇ يىگىتكە. يىگىت ماڭا «لەپپىدە» قارىدى. ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى قەدىناسلارچە سەممىيەت ئىچىدە ئۇچراشتى. يىگىت بىردىنلا كۈلۈۋەتتى.

— ھە ... سىزمۇ شۇ مەيداندا بار ئىكەنسىز-دە؟

— كېيىن ئالدىراپ كېتىپ قالدىم... ئاخىرى...

— ھە ... ئۇ كۈنى قىز مەن بىلەن كېتىپ قالدى، — يىگىت بىر كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— بىرچە يىغلاشنى ئۆگەندىڭلارمۇ؟

— ھا... ھا ... ھا...

مەنمۇ كۈلۈۋەتتىم.

— ئۇ قىز ئەسلىدە بىر ناخشا مەستانىسى ئىكەن، — دېدى يىگىت كۈلكىسىنى توختىتىپ، ئۇ، مېنىڭ نېمە كۈلۈۋاتقىنىمنى بىلمەيتتى.

— كىچىكىمدىن ناخشىچى بولسام دەپ كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتىكەن، كېچىلىرى جۆيلىسىمۇ ناخشا ئېيتىپ جۆيلۈيدىكەن. ناخشا ئېيتىش قائىدىسى ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپتۇ. يىللاپ ئۈن ئالغۇنىڭ يېنىدىن كەتمەي چەت ئەل ناخشا چولپانلىرىنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبىنى ئۆگىنىپتۇ. لېكىن، سەنئەت مەكتەپلىرىگە ئىمتىھان بېرىپ ھېچقايسىدىن ئۆتەلمەپتۇ. چۈنكى ئۇ، ياۋروپاچە ۋە خەنزۇچە ناخشىدىن ئىمتىھان بەرگەنىكەن. ئۆزىنىڭ قىزىقىدىغىنىمۇ شۇ ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ، گېزىتتىن ھېلىقى تىياتىرنىڭ مىللىي ناخشىچى قوبۇل قىلىش ئېلانىنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە، ئۈن ئالغۇدىن بىر ناخشىنى تاللاپ ئۆگىنىپتۇ. كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي، ئەشۇ ناخشىنى مەشىق قىلىپتۇ. ئىمتىھان كۈنىگىچە تىت-تىتلىقتىن ئۇيقۇسى قېچىپ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەي يىقىلىپ قالاي دەپتۇ. لېكىن، لېۋىنى چىشلەپ مەشىق قىلىپ ئىمتىھان كۈنىنى كۈتۈپتۇ. ھېلىقى كۈنى ئۇنىڭ ئىمتىھان مەيدانىدىن چىققان ۋاقتى ئىكەن.

— قانداق؟ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپتۇمۇ؟

يىگىت بېشىنى چايقىدى:

— ئۇ قىز ئانا تىلىنى تۈزۈك بىلمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىللىي ناخشا ھەققىدە ئەقەللىي ھېس-تۇيغۇغىمۇ ئىگە ئەمەسكەن. شۇڭا ئۇنىڭ نەچچە ئون كۈنلەپ مەشىق قىلغان ناخشىسى ئىمتىھان مەيدانىدا بىر مۇنچە كۈلكىگە قاپتۇ. ئۇ يەردە كىمدۇر بىرى: «بۇ قىز سەھنىگە چىقىپ مۇشۇنداق تۈۋلىغىلى تۇرسا، كۇلۇبىنىڭ ئىچىدە ئادەم قالمىغۇدەك» دەپ يۈزىدىن-يۈزىگە مەسخىرە قىلىپتۇ. ئۇيات ۋە غەزەپتىن يېرىلاي دەپ قالغان بۇ قىز تىياتىرخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ ۋە جان ئاچچىقىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا ناخشا ئېيتىپتۇ... مەن دەسلەپتە ئۇنى كوچىلاردا ناخشا ئېيتىپ جان باقىدىغان قىز ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. مەن بەرگەن پۇلنى بېشىمغا ئاتقىنىدا بولسا، ئېلىشىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ئاخىرىدا...، — يىگىت بىردىنلا جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاپتوبۇس كۆزنىكىدىن يىراقلارغا تىكىلدى.

— ئۇنىڭدا تالانت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ ساپ، بۇنداق ئاۋازنى خۇدايىم كۆرگەنلا بىرىگە بېرىۋەرمەيدۇ. نەق پاكىز، مىللىيچە ئاۋاز... ئەمما ئۇ، ئۆز مىللىتىنى، ئۇنىڭ تىلىنى، ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن سەنئەت ئۇنى قوينىغا ئالماپتۇ.

— ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى بارمىكەن؟

— بار ئىكەن.

ئىككىلىمىز سۈكۈتكە چۆمدۇق. ئىككىمىزنىڭ بىرلا نەرسىنى ئويلاپ ئولتۇرغانلىقىمىز بىر-بىرىمىزگە مەلۇم ئىدى.

— ئاخىرى قانداق بولدى؟ — مەن جىمجىتلىقنى بۇزدۇم.

يىگىت كۆزىنى ماڭا ئاغدۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى.

— كېيىن... كېيىن... بىز توي قىلدۇق.

مەن گېلىمنى قىرىپ قويدۇم. يىگىت سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

— «بەك تاسادىپىي بوپتۇغۇ» دەپ ئويلاۋاتىسىز تايىن، لېكىن مەن ئۆزۈمنى بەختلىك سېزىمەن. مەن بىر چاغلاردا ئىككى پاختەك سوقۇۋالدىم...، — يىگىت ئوچۇق-كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈۋەتتى، — تەقدىر ئۇنى ماڭا ئۇچراشتۇرغانىكەن...

مەن «قانداق؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا «لەپپىدە» قارىدىم.

— ھېلىقى كۈنى ئۇ قىز ماڭا ھەقىقەتەنمۇ دەك غەلىتە كۆرۈندى، — يىگىت سۆزىنى داۋام قىلدى، — كېيىن ئويلىسام بۇ قىزنىڭ پاك روھى، سەبىي ۋە گۈزەل مەنىۋى دۇنياسى يىمىرىلەي دەپ قالغانىكەن. ھېلىقى ئەسەبىيلىك ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن. لېكىن، ئۇ قىزدا نېمە گۇناھ؟ مەن ئۇ قىزنى مۇشۇ ھالدا تاشلاپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت ھېس قىلدىم ۋە ئۇ قىزنى قۇتقۇزۇۋېلىش قارارىغا كەلدىم، بولمىسا ئۇ ھەر نېمە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن قىز بىلەن كۈندە كۆرۈشۈپ تۇردۇم. ئۇنى ئۆزۈم بارغانلىكى مېھماندارچىلىققا، ئولتۇرۇش-بەزمىلەرگە، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارغا باشلاپ باردىم. ئاتا-بوۋىلىرىمىز ھەققىدە يېزىلغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئوقۇپ بەردىم. ئۆزۈم بىلىدىغان رىۋايەت-چۆچەكلەرنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ قىز دەسلەپتە ئايدىن چۈشكەن ئادەمدەك ئۆزى يېڭىدىن ئۇچراشقان ھەممە نەرسىگە ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئاچقىنىچە ھاڭۋېقىپ قاراپ قالدى. ئۇ، ھەممە نەرسىگە قىزىقاتتى، ھەممىنى بىلىۋالغۇسى كېلەتتى، بىزنىڭ ئۆرپ-ئادىتىمىز، توي-خىياللىرىمىز ئۇنىڭغا بەكمۇ يېڭىچە تۇيۇلغانىدى. ناخشا-ئۇسسۇللىرىمىز ئۇنى تاڭ قالدۇردى، كېيىن بىلسەم، ئۇلار ئائىلىسىدە ئانا تىلى بىلەن سۆزلەشمەيدىكەن... ئاتا-ئانىسى بۇنداق سورۇنلارغا بېرىشنى چەكلەيدىكەن. كېيىن ئۇ ھەممىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

— ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن سىزنى...، — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

يىگىت تاتلىقىنە كۈلدى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئاشۇ سورۇنلاردىن بىزنىڭ ناخشىلىرىمىزنى، ئۇسسۇللىرىمىزنى ئۆگەندى. ئۇ، ھەر كۈنى شۇنداق سورۇنلاردىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ماڭا قوزىنىڭ كۆزىدەك سىنەدىمى كۆزلىرىنى تىكىپ: «مەن بىزچە يىغلاشنى ئۆگەندىمۇ؟» دەپ سورايتتى. مەن كۈلۈۋېتەتتىم. ئۇ، تالانتلىق، سەنئەتنى جېنىدىن سۆيىدىغان قىز بولۇپلا قالماي روھى پەرىشتىدەك تازا، ۋۇجۇدى پاكىز، سەممىي قىز ئىكەن. بېرىپ-بېرىپ مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بىز بىر-بىرىمىزگە ئامراق بولدۇق. مەن دۇتار چالسام ئۇ ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئېيتىپ قانمايمىز، ئويناپ ھارمايمىز. ئۇ، ئانا تىلىنى، بىزچە ناخشا-ئۇسسۇلنى كۈلى-كۈلىگە كەلتۈرۈپ ئۆگىنىۋالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ياردىمىدە خەنزۇ تىل-يېزىقىنى خېلى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالدىم. لېكىن ئۇ ئارتىس بولۇش خىيالىدىن ۋاز كېچىپ قالدى. لېكىن مەن ۋاز كەچمىدىم. ئۇنىڭدىن بىر چولپان چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئاخىرى ئۇنى ئۆتكۈزۈلىدىغان ناخشا كۆرىكىگە قاتنىشىشقا كۆندۈردۈم. ئۆتكەن ئايدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىشتىن سىرتقى ناخشىچىلارنىڭ مىللىي ناخشا تۈرى بويىچە مۇسابىقىدە شەھەر بويىچە ئالاھىدە دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئالدىنقى ھەپتىدە ئۆز ۋاقتىدا ئۇنى قوغلىۋەتكەن تىياتىر ئۆزلىرىگە كېلىشكە تەكلىپ ئۇقتۇرۇش ئەۋەتىپتۇ. بىز ئۈچ كۈن ئىلگىرى توييىمىزنى ئۆتكۈزۈۋالدۇق...

يىگىت سۆزىدىن توختاپ قۇۋۋەتلىك كۆكرىكىنى چىقىرىپ قاتتىق بىر كېرىلىۋالدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆكە-ئۆكىلىرىنىڭ قاراس-

لاپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. ئۇ، بەختىتىن كېرىلگەنىدى. پەقەت ھەقىقىي بەختلا كىشىنى مۇشۇنداق كېرىلدۈرىدۇ.

ئاپتوبۇس توختىدى. مەن ئۇ يىگىتنىڭ قولىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قىستىم ۋە:

— مىللىتىمىزنىڭ بىر چولپانىنى ساقلاپ قالدىڭىز-دە.

يىگىت دەررۇ كېپىمنى بۇلۇۋەتتى.

— ئۆزۈممۇ ئالتۇندەك بىر خوتۇنغا ئېرىشىۋالدىم.

ئىككىمىز قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتۇق. ئاپتوبۇستىكىلەر ھەيران بولۇپ چەكچىيىشتى. يىگىت كۆزىنى قىسىپ قويۇپ ئاۋازىنى پەسەيتىپ:

—بىزگە مېھمان بولۇپ بېرىڭ،—دېدى.

—رەھمەت.چوقۇم بارىمەن.

بىز ئايرىلدۇق.

مېنىڭ مېڭەمدە ئىككى ئوبراز- چوڭ كوچىدىكى تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدا- كۆپكۈندۈزدە كۆزىگە لىققىدە ياش تولغان ھالدا جان-جەھلى بىلەن بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ يۈرگەن غەلىتە، ئەسەبىي قىز بىلەن؛ رەڭگارەڭ چىراغ ئاستىدا قىزغىن كۆڭۈللۈك تاماشىبىنلارنىڭ قىقاس چاۋاكلىرىغا كۆمۈلۈپ ناخشا ئېيتىۋاتقان، توزدەك ياسانغان، بەختىيار ناخشا چولپانى كىنو كۆرۈنۈشىدەك تەكرار-تەكرار ئەكسلەنمەكتە ئىدى. نېمىشقىدۇر ئارقىدىنلا بۇ ئوبرازلار يەڭگۈشلىنىپ، مېڭەمدە باشقا بىر ئوبرازلار—ناخشىچى قىزنىڭ مەن زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئاتا-ئانىسىنىڭ سوغ نەپەس چىرايى بىلەن، بايىقى ئوت يۈرەك يىگىتنىڭ يالقۇن تەپتى كېلىپ تۇرغان چېھرى قېتىپ قالدى...

1988-يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى

(بېشى 11 - بەتتە)

مىللىي شەكلى ئارقىلىق دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

ياپونىيە مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئويۇن ئويۇشتۇرغۇچىسى شياۋچەي خانىم ئويۇننى كۆرگەندىن كېيىن، قىزغىن ھېسسىيات بىلەن: «سىلەر ئورۇندىغان بۇ مۇقام ئاسىياغا ۋە ياۋروپاغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. سىلەرنىڭ ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇيغۇر مۇقاملىرىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن بۇ ئىشتا سىلەرگە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ بېرىشكە رازىمەن» دېدى.

بايرام مەزگىلىدە، ئاسىيا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، شياڭگاڭنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئۆزلىرىنىڭ كۈنلۈك ئېلان پروگراممىلىرىدا ئۈچ مىنۇتتىن ئون مىنۇتقىچە مەخسۇس مۇقام ۋە سەنئەتكارلارنى تونۇشتۇرۇپ تۇردى. شياڭگاڭ گېزىتلىرى «چەبىيات» مۇقامى توغرىسىدا 48 پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەردە: «شىنجاڭدىن بىر توپ قىزىلگۈل كېلىپ، ئاسىيا سەنئەت بايرىمىنى قىزىلگۈللەرگە پۈركىدى...» دېيىلگەن.

بايرام جەريانىدا بۇ ئۆمەك يەنە گورۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، شياڭگاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 80 قېتىمدىن ئارتۇق ناخشا - ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، شىۋېتسارىيە، ھىندىستان، كانادا، پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەربابلىرى بۇ ئۆمەكنى ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. تەيۋەن سەنئەت خادىملىرىمۇ بۇ ئۆمەكنىڭ تەيۋەنگە بېرىپ ئويۇن قويۇپ بېرىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئۆمەك ۋەتىنىمىزگە جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى.

# «چەبىيات» مۇقامى «12 - قېتىملىق ئاسىيا سەنئەت بايرىمى» دا قىزغىن ئالقىشلاندى



ئەمەتجان ئەھمىدى

(ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرى)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مۇھەممەت زۇنۇن ئۆمەك باشلىق قىلىنغان جۇڭگو ئۇيغۇر مۇقامىنى ئورۇنداش ئۆمىكى «شىياڭگاڭ جۇڭخۇا مەدەنىيەت مەركىزى» نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 1988 - يىلى شىياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن «12 - قېتىملىق ئاسىيا سەنئەت بايرىمى»غا قاتنىشىپ، قىزغىن ئالقىشلاندى.

50 كىشىدىن تەركىب تاپقان بۇ ئۆمەك ئۆتكەن يىلى24-ئۆكتەبىردە شىياڭگاڭغا بارغانىدى. ئۇلار شىياڭگاڭدا چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12 مۇقام»نىڭ ئىككىنچىسى — «چەبىيات» مۇقامىنى ئورۇندىدى. شېئىر، مۇزىكا، ئۇسسۇل بىرلەشكەن بۇ خىل سەنئەت شەكلى، ئارتىسلارنىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇندىغان نەپىس ئۇسسۇلى، يېقىملىق ناخشىلىرى شىياڭگاڭ ۋە ھەر قايسى دۆلەت تاماشىبىنلىرىنى ھەيران قالدۇردى. بۇ ئۆمەك «چەبىيات»مۇقامىنى ئالتە مەيدان تولۇق ئورۇندىدى. بۇ ئۆمەكنىڭ ئويۇنىنى كۆرگۈچىلەر بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمىغا قاتناشقان 11 دۆلەت ۋە رايوندىن كەلگەن ئۆمەكلەرنىڭ ئويۇنىنى كۆرگۈچىلەردىن كۆپ بولدى ھەممىدە ئۇ، ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن سەنئەتكارلار، مېھمانلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى.

ئامېرىكىلىق ئاتاقلىق مۇزىكاشۇناس، پروفېسسور يۇسۇپ فاخول چىيەك ئەپەندى ئۇدا ئىككى قېتىم كۆرگەندىن كېيىن، ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا: «مەن ئاھاڭدارلىقى يېقىملىق، رىتىمچانلىقى كۈچلۈك، ئاھاڭ بايلىقى مول، ھەجمى چوڭ بولغان مۇنداق مۇقامنى ھازىرغىچە ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، بۇ، ھەقىقەتەن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ئىكەن، بۇنى چوقۇم قوغداپ قېلىش كېرەك، ئىمكانىيەت بولسا «12 مۇقام»نىڭ ھەممىسىنى مۇشۇنداق

(ئاخىرى 10 - بەتتە)




رەخىم قاسىم

## 3 - قىسىم


## شەرقتىكى بىباھا گۆھەر — سەمەرقەنت

1987 - يىل، 25 - دېكابىر.

ئايروپىلان تاشكەنت ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلگەندە، كۈن ئەمدىلا چىققانىدى. مەن جەنۇبقا قاراپ ئۇچتۇم. مەنزىلىم سەمەرقەنت ئىدى.

مەن، دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ تۆۋەنگە نەزەر تاشلىدىم. گەرچە ھازىر قىش پەسلى بولسىمۇ، چەكسىز زېمىن يەنىلا جىگەر رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە قارلىق تاغلار ئەمەس بەلكى پاكار ئېدىرلار كۆزگە چۈشەتتى. مانا بۇ ئۇزاقتىن - ئۇزاققا سوزۇلغان دىيار — ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىندىكى ھېسابلانغان، تارىخنامىلەردا ماۋەرەئۇننەھر دەپ ئاتالغان مۇقەددەس جاي ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ تىلى بولغان بولسا، ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسىنى ھەر بىر ئۆتكۈنچىگە سۆزلەپ بەرگەن بولار ئىدى. بۇ سەرگۈزەشتىلەرنى ئاڭلىغانلار بەزىدە ئۆپكىدەپ ياش تۆكسە، بەزىدە شادلىقتا كۈلەتتى. چۈنكى بۇ زېمىن پاراغەت بىلەن پالاكەت، مۇستەقىللىق بىلەن مۇستەملىكىلىك، تىنچلىق بىلەن قىرغىنچىلىق، ئاۋاتلىنىش بىلەن خارابلىنىش، قىسقىسى ئامەت بىلەن ئاپەت يەنى پەلسەپىۋى تىلدا ئېيتقاندەك بىر - بىرىگە تامامەن قارىمۇ - قارشى بولغان ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ئۈزلۈكسىز ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرغان ئۆزگىرىشچان زېمىن ئىدى. ئۇنىڭ ھەسرىتىمۇ بار ئىدى، بەختىمۇ بار ئىدى.

مانا مۇشۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ ئادەملەر ياشىغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى 1000 يىللىققا مەنسۇپ بولغان يېزىقلار ۋە مەنبەلەر



خارەزم، باقتىرىيا ۋە مەرغىيانە قاتارلىق جايلاردا دېھقانچىلىق راۋاجلانغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تاكى 4 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چوڭ بىر قىسمى ئىران ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى

* بېشى ئۆتكەن ساندا

327 — 320 - يىللاردا بۇ يەرگە پادىشاھ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونسكىي) باستۇرۇپ كىرگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 250 - يىلدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدا يۇنان - باكتىرىيە پادىشاھلىقى ۋۇجۇدقا كەلگەن. مىلادىنىڭ 4 - ئەسىرلىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىدا قۇدرەتلىك ھېسابلانغان كوشان پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان. 5 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى قۇدرەتلىك ئاق ھونلار دۆلىتى شەكىللەنگەن. بۇ دۆلەت مىلادىنىڭ 563 — 567 - يىللىرىدا تۈركىي قەبىلىلەر تەرىپىدىن يېڭىلگەن. نەتىجىدە 6 - ئەسىردە تۈرك خاقانلىقى بارلىققا كەلگەن. 7 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 8 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئەرەب خەلىپىلىكى تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان ۋە بۇ يەردە ئەرەبلەر ئىسلام دىنىنى تېز تارقاتقان. 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 9 - ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب خەلىپىلىكى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش كۈچىيىپ كەتكەن. تەخت ئۈچۈن ئۇزاق داۋام قىلغان ئۇرۇشلار نەتىجىسىدە بۇ يەردە سامانىيلار دۆلىتى ۋە كېيىن قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقى قارار تاپقان. مانا مۇشۇ قاراخانىيلار دەۋرىدە جاھان ئىلىم - پەن ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقان مۇھەممەد ئەلخارەزمى، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئەھمەد پەرغانى، ئەبۇ رەيھان بىرونىي ئوخشاش بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار ياشىغان ۋە ئىجاد قىلغان.

1219 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا چىڭگىزخان قوشۇنى باستۇرۇپ كىرگەن. 14 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ماۋەرەئۇننەھردە ئەھۋال بەكمۇ كەسكىنلىشىپ كەتكەن. بىر - بىرىگە دۈشمەن ئۇششاق فېئودال دۆلەتلەر كۈرىشى ئەۋجىگە چىققان. نەتىجىدە، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بەكمۇ چوڭ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن ئەمىر تېمۇر دۆلىتى مەيدانغا كەلگەن. ئۇ ئۆزىگە پايتەخت قىلىپ سەمەرقەنت شەھىرىنى تاللىغان.

سەمەرقەنتنىڭ مەدەنىي ھاياتى ئۇلۇغبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇ، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقان. ئۇلۇغبەگ ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بۈيۈك ئالىمى سۈپىتىدە جاھانغا تونۇلغان.

ئۇلۇغبەگنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا بىر نەچچە يۈز يىللار داۋام قىلغان تەخت ئۈچۈن بولغان كۈرەشلەر نەتىجىسىدە خانۇ - ۋەيرانچىلىققا يۈز تۇتقان.

16 - ۋە 19 - ئەسىرلەردە ھازىرقى ئۆزبېكىستان زېمىنىدا ئۈچ فېئودال خانلىق — بۇخارا، خىۋا ۋە قوقان خانلىقلىرى مەيدانغا كەلگەن.

19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا چار رۇسىيە پادىشاھى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان.

..........................................

مەن ئايروپىلان دېرىزىسىدىن مانا بۇ چەكسىز زېمىنغا قاراپ ئۇنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى ئەنە شۇنداق ئەسلەپ چىقتىم.

ئايروپىلان يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ئۇچقاندىن كېيىن، سەمەرقەنت ئاسمىنىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا رىۋايەتلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ

قەدىمكى شەھەر بارا - بارا چوڭايدى. ئۇنىڭ كۆك - يېشىل گۈمبەزلىرى ئەتىگەندىكى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ زۇمرەتتەك چاقنايتتى. بۇ گۈمبەزلەر شەھەرنىڭ ھەممە يېقىغا تارقالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى زامانىۋى ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قارىماققا بۇ شەھەر — ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ ئۆز ئارا يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئايرودرومىدىن شەھەر رايونىغىچە ئون نەچچە كىلومېتىر يول ئىدى. مەن ماشىنىدا شەھەر رايونىغا قاراپ ماڭدىم. سەمەرقەنت تاشكەنتكە قارىغاندىمۇ ئىسسىقراق بولسا كېرەك، ئىدىرلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە تېخىچە يېشىللىقىنى يوقاتمىغان ئوت - چۆپلەر ئۇچراپ تۇراتتى. يول بويىدىكى باراقسان دەل - دەرەخلەرمۇ ئۆز ئىسكەتىنى ئانچە بۇزمىغانىدى.

مەن، كۆركەم، چىرايلىق سېلىنغان «سەمەرقەنت مېھمانخانىسى»غا چۈشتۈم. ئەتىگەنلىك تاماقنى يەپلا زىيارەتكە ئاتلاندىم.

يولباشلىغۇچى چىرايلىق رۇس قىزى ئىدى. قارىغاندا ئۇ ئۆز خىزمىتىگە بەك پۇختا بولسا كېرەك، ماشىنىغا چىقىش بىلەن تەڭلا سەمەرقەنتنى تونۇشتۇرۇشنى باشلىۋەتتى:

«رويى زېمىن» (زېمىننىڭ ھۆسنى) — قەدىمكى قوليازما كىتابلاردا سەمەرقەنتكە ئەنە شۇنداق تەئبىر بېرىلگەن. ئوتتۇرا ئەسىر شائىرلىرى سەمەرقەنتنى دۇنيا پايتەختى رۇمغا قىياس قىلىشقان؛ تارىخچى ۋە سەيياھلار بولسا ئۇنى شەرقتىكى جەننەت، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىباھا گۆھىرى دەپ ئاتاشقان.

سەمەرقەنت زەرەپشان دەرياسىنىڭ مول ھوسۇللۇق ساھىلىغا جايلاشقان. بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى قەدىمدىن تارتىپ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. نۇر ئاتا تاغ ئېتەكلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئىقلىم شارائىتى ھەمدە بىپايان يايلاقلىرى قىممەت باھا قاراكول قويلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئىمكان يارىتىپ بەرگەن. سەمەرقەنت ئەتراپىدىكى تاغلار پايدىلىق مەدەنلەرگە باي.

سەمەرقەنت — ئۆزبېكىستاننىڭ تۇنجى پايتەختى.

1924 - يىلى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى سوۋېتلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيى مانا مۇشۇ شەھەردە بولۇپ ئۆتكەن. بۇ قۇرۇلتايدا ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى جاكارلانغان. پايتەخت 1930 - يىلى تاشكەنتكە كۆچۈرۈلگەنگە قەدەر سەمەرقەنتتە ئۆزبېكىستاننىڭ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە قانۇنچىلىق ئىدارىلىرى پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

سەمەرقەنت — ئۆزبېكىستاندا تاشكەنتتىن كېيىنكى ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇنىڭدا 500 مىڭدىن كۆپرەك ئاھالە ياشايدۇ. بۇ يەرگە 80دىن ئارتۇق يىرىك سانائەت كارخانىلىرى جايلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتى، كىنو ۋە رادىئو ئۈسكۈنىلىرى زاۋۇتى، تاماكا، پار - پۇر ۋە چاي پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قاتارلىقلار بار.

سەمەرقەنت — ئۆزبېكىستاننىڭ يىرىك ئىلمىي ۋە مەدەنىي مەركەزلىرىنىڭ بىرى. 1925 - يىلى تەشكىل قىلىنغان سەمەرقەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى 50 تىن ئارتۇق ئىختىساس بويىچە كادىر يېتىشتۈرۈپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ 11 فاكۇلتېتىدا 14 مىڭدىن ئارتۇق ستۇدېنت تەلىم ئالماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيادا بىردىنبىر ھېسابلانغان پارازىتولوگىيە ئىلمىي تەكشۈرۈش

ئىنىستىتۇتىمۇ مۇشۇ يەرگە جايلاشقان. سەمەرقەنتتە مەملىكەت بويىچە بىگانە بولغان پۈتۈن ئىتتىپاق قاراكولچىلىك ئىلمىي تەكشۈرۈش ئىنىستىتۇتى ئىشلەيدۇ. بۇ يەردە يەنە ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئىنىستىتۇتى بار. شۇنداقلا ئىلمىي خاراكتېردىكى يەتتە مۇزېي بولۇپ، ئۆزبېكىستان مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى تارىخى مۇزېيى ئەنە شۇلارنىڭ بىرسىدۇر.

..................................

يولباشلىغۇچى رۇس قىزى زىيارەت قىلىدىغان بىرىنچى مەنزىل ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى (ئوبسېرۋاتورىيىسى)غا كەلگىچە سەمەرقەنتنى ئەنە شۇنداق تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسى ئېگىز بىر دۆڭلۈككە جايلاشقان. مەن قارامتۇل تاشلاردىن تىزىپ ياسالغان ئانچە كەڭ بولمىغان يول بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىدىم. يولنىڭ ئەتراپلىرىغا دەل - دەرەخلەر تىكىلگەن. مەن رەسەتخانا جايلاشقان دۆڭلۈككە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدىم. بۇ يەردىن قەدىمكى ئەپراسىياپ شەھىرىنىڭ خارابىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

تارىخىي ھۆججەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسىغا مىلادى 1429 - يىلى ئاساس سېلىنغان؛ ئۇ ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بولغان، سىرتى گۈللۈك كاھىشلار بىلەن بېزىتىلگەن. رەسەتخانا ئىچىگە ئورنىتىلغان بەك چوڭ ئەسۋاب يارىدىمىدە قۇياش، ئاي، سەييارە ۋە يۇلتۇزلار ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىلگەن. ئىچكى تاملاردا ئاسمان تەسۋىرى، يۇلتۇزلار خەرىتىسى، تاغ، دېڭىز، مەملىكەتلەر بەلگىلەنگەن يەر شارىنىڭ تەسۋىرى ئىشلەنگەن. بۇ يەردە سەييارىلار، ئاي ھەرىكىتى تەكشۈرۈلگەن. شەرق پەنىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان «زىيج كۆراگانى» ئەسىرى مانا مۇشۇ يەردە بارلىققا كەلگەن.

تارىخىي مەنبەلەردە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇلۇغبەگ سانىسىز مۇھەندىس (گېئومېتىرىيە ئالىمى)، ئەختەرشۇناس (ئاسترولوگىيە ئىلمىنىڭ ئالىمى) ۋە كىتاب يازغۇچىلارنى يىغىپ ئۇلارنى ئاسماندا كېزىپ يۈرگەن سەييارىلارنىڭ شەكلى، قىياپىتى، ھەرىكەتلىرى، چوڭ ۋە كىچىكلىكى، ياخشىلىق ئالامەتلىرى، يامان سائەتلىرى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئوبدان مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ۋە ئىنچىكىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مەسىلىلەرنى يېشىپ چىقىشقا دەۋەت قىلىپ رەسەت (ئوبسېرۋاتورىيە) باغلاتقۇزدى. بۇ رەسەتكە «زىيجى كۆراگانى» (كۆراگانى كالېندارخانىسى) دەپ ئات قويدى. بۇ جايدا ئىشلەيدىغان ئالىملارغا ھەددى-ھېسابسىز ئىنئام ۋە مۇكاپات تەقدىم قىلدى...

ھازىر بۇ رەسەتخانىنىڭ پەقەت ئاستىنقى قىسمى ساقلىنىپ قالغان. ئۇ، ياي شەكلىنى ئەسلىتىدۇ: ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىن بىر مېتىر كەڭلىكتىكى ۋە شۇنچىلىك چوڭقۇرلۇقتىكى بىر ئېرىقچە ھەمدە ئۇنىڭ ئىككى چېتىدىكى پەلەمپەيلەر بىر نەچچە ئون مېتىرچە يانتۇ شەكىلدە تۆۋەنگە قاراپ سوزۇلىدۇ ھەم شۇ شەكىلدە قەدەممۇ-قەدەم يۇقىرى ئۆرلەپ قارشى تەرەپتىكى ئىشىككىچە ئۇلىنىدۇ. مەن بۇ يەردىكى پەلەمپەيلەرگە قارىدىم، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى قايتا يېڭىلانمىغان. تونۇشتۇرغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، رەسەتخانىنىڭ بۇ يەر ئاستى قىسمى ئۇزاققىچە تۇپا ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان. مەن ئۇنىڭ تاملىرىغا قارىدىم، دۆڭلۈكتىن چېپىلىپ ھاسىل قىلىنغان بۇ تەبىئىي تاملارنىڭ قىسمەن جايلىرىغا بېرىلگەن سۇۋاقلار كۆزگە چېلىقىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمى يەنىلا يەر قاتلىمىنىڭ ئەينى ئۆزى ئىدى.

ئۇلۇغبەگ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى مانا مۇشۇ يەردە — بۇنىڭدىن 500 يىللار ئىلگىرى ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس كەشپىياتىنى ياراتقان. ئۇلۇغبەگ ئېنىقلاپ چىققان سەييارىلار ھەرىكىتى جەدۋىلى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە قەدەر پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان بىردىنبىر توغرا جەدۋەل بولۇپ كەلمەكتە. مەن رەسەتخانا يېنىدىكى ئۇلۇغبەگ مۇزېيىغا قويۇلغان ماتېرىياللارنى كۆرگىنىمدە بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. 20 - ئەسىرنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمى باش قاتۇرۇۋاتقان نۇرغۇن مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى بۇندىن نەچچە ئەسىر مۇقەددەم تېپىپ چىققان بۇ دانا زاتنىڭ ئىجادى ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. ئېچىمۇ چوڭقۇر ئويغا سالىدىغىنى شۇكى، ئۇلۇغبەگ ئەينى زاماندا مۇشۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئۇ، ئەمىر تېمۇرنىڭ تۆتىنچى ئوغلى شاھرۇھنىڭ بالىسى ئىدى. ئاتىسى تېمۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ كەڭ زېمىنىغا ھۆكۈمدار ۋاقتىدا، ئۇلۇغبەگ سەمەرقەنتنىڭ ھاكىمى ئىدى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن پۈتكۈل تېمۇرىيلەر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى بولدى. ئۇ ئەنە شۇنداق چوڭ مەملىكەتنى كۆپ يىل تىنچ - ئاسايىشلىقتا ياخشى باشقۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كەڭ ئىمكان يارىتىپ بەردى. شەخسەن ئۆزى جاپالىق ئىلمىي ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن دۇنيانى ھەيرەتتە سالغان بۈيۈك كەشپىياتى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆلمەس تۆھپە قوشتى. مەن: «دۇنيادا مۇنداقمۇ پادىشاھلار ئۆتكەن ئىكەن - دە!» دەپ ھەم ھەيرانلىق ھەم قايىللىق ئىلكىدە چوڭقۇر ئويغا چۆمدۈم. مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدى» دېگەن كىتابىدا ئۇلۇغبەگ ھەققىدە مۇنداق تەئبىر بەرگەن: «پادىشاھلار ئىچىدە مىرزا ئۇلۇغبەگدەك موللا، پازىل ۋە ئۆلىما ئادەم ئۆتمىگەنىدى.»

ئەپسۇسكى، ھەممە ياخشى ئادەملەرنىڭ تەقدىرى كۆپ ھاللاردا ئېچىنىشلىق خۇلاسىلىنىشتىن مۇستەسنا بولغان ئەمەس: ئۇلۇغبەگ دۆلەت ئىشى بىلەن ئىراق تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ئۆز ئورنىغا ئوغلى ئابدۇللەتىپ مىرزىنى قويۇپ كەتكەن. ئۇ يەردىكى ئۇرۇش ئىككى يىلدا ئاخىرلاشقان. بۇ مەزگىل ئىچىدە ئابدۇللەتىپ مىرزا دۆلەتنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىش قەستىدە يوشۇرۇن كۈچ توپلىغان، ئاتىسىدىن تەختنى تارتىۋېلىپ، ئۆزى مۇستەقىل پادىشاھ بولۇشقا ئۇرۇنغان. مانا شۇ نىيەتتە لەشكەر توپلاپ ئاتىسىنىڭ ئالدىنى توساپ ئۇرۇش قىلغان. نەتىجىدە، ئاتىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئۇنى زىندانغا تاشلىغان. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئابدۇللەتىپ باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئۆز ئاتىسى مىرزا ئۇلۇغبەگنى ئۆلتۈرگەن. «ئەلقىساسۇل مىنەلھەق» دېيىلگىنىدەك، ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قىسىسىغا قالغان ئابدۇللەتىپ مىرزىمۇ ئارىدىن ئالتە ئاي ئۆتمەي، ئۆز ئادەملىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن...

مەن ئۇلۇغبەگ مۇزېيىدىن چىققۇچە، نېمە ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۆزبېك ئەدىبلىرىنىڭ ئۇلۇغبەگ ھەققىدە شۇنچە كۆپ ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنىڭ سىرىنى تولۇق بولمىسىمۇ ئاز-تولا چۈشەنگەندەك بولدۇم. چۈنكى، ئۇلۇغبەگنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادى مۇرەككەپ دۇنيانىڭ مۇرەككەپ زىددىيەتلىرى ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇ ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بۈگۈنكى كۈن ئۈچۈنمۇ يەنىلا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر دۇنيانىڭ مۇتلەق كۆپ جايلىرىدا شاھلىق تۈزۈمى بىكار قىلىنغان، يېڭى سىياسىي - ئىجتىمائىي تۈزۈملەر بارلىققا كەلگەن، ئىنسانىيەت ئېلېكترون دەۋرىدە پەللىمۇ- پەللە يۇقىرى ئۆرلەۋاتقان ۋە ئۆزىنى ماددىي، مەنىۋى جەھەتتىن بېيىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغبەگ سەرگۈزەشتىسىگە شەكىل جەھەتتە ئوخشىمىغىنى

بىلەن ماھىيەت جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغان سەرگۈزەشتىلەرنى ھېلىمۇ ئۇز بېشىدىن كەچۈرمەكتە. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئۇلۇغبەگ بىز ئۇلۇچلۇنىمۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىر تېما.

مەن ئۇلۇغبەگ رەسەتخانىسىدىن چىقىپ، «گۆرئەمىر» (ئەمىر تېمۇر) مەقبەرىسىگە قاراپ يول ئالدىم.

تارىخنامىلاردا يېزىلىشىچە، ئەمىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ نەسلى چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادلىرى بىلەن بىر. ئەمىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ ئاتا جەمەت سەككىزىنچى بوۋىسى بىلەن چىڭگىزخاننىڭ تۆتىنچى بوۋىسى بىر تۇغقان. ئۇز دەۋرىنىڭ قانۇنى بويىچە خانلىق چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادىغا، ۋەزىرلىك ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەجدادىغا تەيىن تاپقانلىقى ئۈچۈن ئەمىر تېمۇر كۆرەگانى گەرچە ھەر قانچە ئۇلۇغ پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ يەنىلا خانغا ۋەزىرلىك ياكى خىزمەتكارلىق دەرىجىسىدە تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ھەتتا بىر قانچە ئەۋلادقىچە شۇ تەرتىپتە ئۆتەتتى، ئۇزلىرىگە خان ياكى پادىشاھ دېگەن نامنى قويالمايتتى. شۇڭا ئەمىر تېمۇرمۇ ئۇزىگە خان ياكى خاقان نامىنى قويالمىغان.

ئەمىر تېمۇر تارىخ ھىجرى 771- يىلى (مىلادى 1369 — 1370 - يىلى) تەختكە چىققان. ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن 18 كىشى جەمئىي 160 يىلچە ئەمىر تېمۇر ئىگىلىگەن مەملىكەتلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئەمىر تېمۇر 71 يېشىدا تارىخ ھىجرى 870 - يىلى (مىلادى 1404 — 1405 - يىللاردا) ۋاپات بولغان ۋە سەمەرقەنتكە دەپنە قىلىنغان.

تارىخنامىلاردا ئەمىر تېمۇرگە بېرىلگەن باھالار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر خىلىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: موغۇل خانلىرى ئىچىدە ئەمىر تېمۇر كۆرەگانىدەك مۇسۇلمان دىندار، ئۇلۇغ ۋە كاتتا پادىشاھ ئۆتمىگەن، ئۇ ناھايىتى شىجائەتلىك، جەڭگىۋار، قەھرى كۈچلۈك، تېز ئاچچىقلىنىدىغان بىر پادىشاھ ئىدى. شۇنداقلا ئۇ يەنە جەسۇرلۇق بىلەن كەشپىياتچىلىقنى بىرلەشتۈرگەن پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە خوجا ھاپىز شىرازىدەك ئۇرغۇنلىغان ئالىم - ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققان...

ئەنە شۇ تارىخنامىلارنىڭ يەنە بىر خىلىدا بولۇپمۇ ئەرەب تارىخنامىلىرىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەمىر تېمۇرنىڭ ھەممە جەڭ - جېدەللىرى ئىسلام دىيارى بىلەن بولۇپ، ئۇ ئاساسەن بۇ رايونلاردىكى ئالىم - ئۆلىمالارنى قىرغىن قىلغان. بۇ ھال ئۇنىڭ زالىملار ئىچىدىكى ئەڭ يامان زالىم، پاسىقلار ئىچىدىكى ئەڭ يامان پاسىقلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمىر تېمۇر شامنى بويسۇندۇرۇپ، دەمەشقنى مۇھاسىرە قىلىپ، قىرغىنچىلىق باشلىغان چاغدا: «لەشكەرلەرنىڭ ھەر بىرسى ئىككى مۇسۇلماننىڭ بېشىنى كېسىپ كېلىپ، مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن ۋە بۇ جاينى ناھايىتى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران قىلغان، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىن 124 «كاللا مۇنارە» ياساتقان، ھەر بىر «كاللا مۇنارە» 9000 ئادەمنىڭ بېشىدىن ھاسىل بولغان...

ئەمىر تېمۇر كۆرەگانى ھەققىدىكى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل باھا تارىختىن بۇيان بىللە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مەن ئەنە شۇ مۇرەككەپ زىددىيەتلىك پادىشاھنىڭ مەقبەرىسى ئالدىدا ماشىنىدىن چۈشتۈم. بۇ مەقبەرە رىگىستاننىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، سىرتقى شەكلى

سەككىز بۇرجەكلىك، ئىچكى كۆرۈنۈشى تۆت بۇرجەكلىك ئىدى. مەقبەرىنىڭ تورۇسلىرى زەڭگەر، هاۋارەڭ ۋە ئاق سىرلىق كاهىشلار، تۈرلۈك شەكىلدىكى نەقىشلەر بىلەن بېزىتىلگەنىدى. مەقبەرىگە گۈمبەزلىك شەرقىي پەشتاق ئارقىلىق كىردىم. ئۇنىڭ ئىچى غايەت ئېگىز پەللىلەنگەن ۋە بەكمۇ چىرايلىق زىننەتلەنگەن. تاملار كۆكۈش يالتىراق تاشلاردىن ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ چاككىلىرى قارا كۆك تاشلار بىلەن بېزىتىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەنگەن رەڭمۇ - رەڭ لەۋھەلەر خۇددى زەر ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلغان گىلەمگە ئوخشايدۇ. مەقبەرە ئىچىگە رەڭدار ئەينەكلىك ۋە پەنجىرىلىك تۆت دېرىزىدىن يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرىدۇ. مەقبەرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان قەبرە تاشلىرىدا تېمۇرىلەرگە بېغىشلانغان يېزىقلار بار. ئەمىر تېمۇر قەبرى ئۈستىگە قويۇلغان توق يېشىل رەڭلىك تاش كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتىدۇ. ئەمىر تېمۇر، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ۋە ئىككى نەۋرىسىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ قەبرىلىرى مەرمەر پەنجىرە بىلەن ئورالغان. مەقبەرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى پەلەمپەيدىن ئاستىنقى قەۋەتتىكى لەھەتكە چۈشىمىز. ئۇ، ئون ئىككى قىرلىق گۈمبەز شەكلىدە قايتا ئىشلەنگەن، ئىچكى بېزەكلىرى ناھايىتى ساددا. ئەمىر تېمۇر مەقبەرىسى ھەجىمىنىڭ ئېگىزلىكى، شەكلىنىڭ ساددىلىقى، تاشقى ۋە ئىچكى بېزەكلىرىنىڭ بايلىقى جەھەتتە دۇنيادىكى مەشھۇر مېمارچىلىق (ئارخىتېكتورلۇق) ئابىدىلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

مەن «گۆر ئەمىر» دەپ ئاتىلىدىغان ئەمىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ بۇ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىۋېتىپ، ئىختىيارسىز كۆڭلۈمدىن مۇنۇ ئويلار كەچتى: تارىختا چىڭگىزخان، ھۇلاكۇدىن كېيىن ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشاھ دەپ نام ئالغان مۇشۇ ئەمىر تېمۇر ئۆز دەۋرىدە مەشرىقتىن مەغرىبكىچە بولغان ئىنتايىن كەڭ زېمىننى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزۈپ، ئۆزىنى ئالەمدە يەككە - يېگانە سەلتەنەتلىك تەخت ئىگىسى دەپ ھېسابلىغانىدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قانلىق قىلىچى سانسىز ئادەم بالىسىنىڭ تېنىنى جېنىدىن جۇدا قىلغان، ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى سانسىز ئاجىز بەندىلەرنى چەيلەپ ئۆتكەنىدى. ئەمىر تېمۇر بەلكى ھايات ۋاقتىدا، مەن بۇ چەكسىز ئالەمنىڭ مانا مۇشۇنداق ئەبەدىي ھۆكۈمرانى بولۇپ ئۆتۈپ كېتىمەن، دەپ ئويلىغان بولغىيدى! ئەپسۇسكى، ھازىر ئۇ ئۇزۇنلۇقى تۆت - بەش قەدەم، ئېنى ئىككى قەدەم كېلىدىغان قارا يەردىن باشقا ھېچنېمىگە ئىگە بولغىنى يوق. ھەممىدىن يامىنى شۇكى، ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن ھازىرغا قەدەر بولغان نەچچە ئەسىر جەريانىدا، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىنسانىيەت ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن قانلىق قىرغىنى كىشىلەر تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز ئەيىبلەنمەكتە، لەنەتلەنمەكتە. ئەمىر تېمۇر زامانىدىن 600 يىللا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بىزنىڭ ئىرادىمىزدىمۇ يەر شارى ئەنە شۇنىڭغا ئوخشىغانلارنىڭ «ئىنسانىيەت تەقدىرى بىلەن خالىغانچە ئوينىشىپ»، ئۇلارنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلىپ، خالىغانچە بالايى - ئاپەت دېڭىزىغا ئىتتىرىدىغان جىنايى قىلمىشلىرىدىن تېخى تامامەن خالىي بولۇپ كەتكىنى يوق. مانا مۇشۇ جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزگەندە ئەمىر تېمۇر كۆرەگانى ھەققىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىلىش ۋە توغرا يەكۈن چىقىرىش بۈگۈنكى كۈنىمىزنىڭمۇ جىددىي تەلىپى!

مەن «گۆر ئەمىر مەقبەرىسى» دىن چىقىپ بى بى خانىم مېمارچىلىق تۈركۈمىگە باردىم. بۇنى ئادەتتە «بى بى خانىم مەسچىتى» دەپمۇ ئاتايدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بى بى خانىم ئەمىر تېمۇر كۆرەگاننىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالى ئىكەن. ئالىي پەزىلەتلىك، بىلىملىك، ھۆرمەت - ئېتىبارغا سازاۋەر بۇ ئايال

گەرچە ئۆزى ئۆلگەن بولسىمۇ، ئەمىرتىمۇرنىڭ ھەممە ئاياللىرىنى تەرىپلەپ - ئۇستۇرگەنىكەن. مەلۇم بىر يىلى ئەمىر تىمۇر يىراقتىكى ھەربىي يۈرۈشكە ماڭغاندا، بىبى خانىم ئۆلىنگەا،

— سەلكى سىز بۇ يۈرۈشتىن تىنچ - ئامان قايتىپ كېلەرسىز، ئەلكى باشقىچە بىرەر ئەھۋال تۇغۇلۇپ قالار، مېنىڭ سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، — دەپتۇ ئەمىرتىمۇرغا:

— نېمە ئىلتىماسىڭىز بار؟ ئېيتىڭ، بەجا كەلتۈرىمەن، — دەپتۇ.

— ئىلتىماسىم شۇكى، — دەپتۇ بىبى خانىم، — بىز ئىككىمىزدىن بىرەر پەرزەنتىمۇ قالمىدى. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە مۇشۇ پايتەختكە بىر مەسچىت سالدۇرۇپ قويسام دېۋىدىم.

ئەمىر تىمۇر بىبى خانىمنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ماقۇللاپتۇ.

ئەمىر تىمۇر ھەربىي يۈرۈشكە كەتكەندىن كېيىن بىبى خانىم ئۆزى نىيەت قىلغان مەسچىتنى قۇرماقچى بوپتۇ ۋە ئەڭ ئۇستا مىمار تېپىشنى قول ئاستىدىكىلەرگە تاپىلاپتۇ. شۇ چاغلىرى مىمارلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ كارامەت ماھارىتى بىلەن شۆھرەت قازانغان ياش بىر يىگىت بار ئىكەن. ئەنە شۇنى بىبى خانىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. بىبى خانىم ئۇنىڭغا:

— بىز قۇرىدىغان بۇ ئىمارەتلەر ھازىرغا قەدەر قۇرۇلغان ئىمارەتلەرنىڭ ئەڭ سەرخىلى بولسۇن، — دەپ تاپشۇرۇق بېرىپتۇ.

مىمار يىگىت پۈتۈن كۈچ - تالانتىنى جارى قىلىپ، بۇ بىر يۈرۈش قۇرۇلۇشنى ياساپ چىقىپتۇ. بۇلار پۈتكەندىن كېيىن بىبى خانىمنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىپتۇ. بىبى خانىم قۇرۇلۇشنى كۆرۈپ ئىنتايىن مەمنۇن بوپتۇ ۋە ياش مىمارغا:

— نېمە تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىڭ، ئورۇنداپ بېرىمەن، — دەپتۇ.

بۇ يىگىت ئۇزاقتىن بېرى بىبى خانىمغا غايىبانە ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشقى پىراقىدا يۈرگەنىكەن. ئۇنىڭ بۇ قۇرۇلۇشقا شۇنچە زور ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - غەيرەت سەرپ قىلغىنىمۇ ئەنە شۇ مۇھەببەتنىڭ سېھىرلىك كۈچىدىن بولغانىكەن.

يىگىت بىر پەس ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن:

— مېنىڭ باشقا تەلىپىم يوق، ئەگەر كۆڭلۈمنى چۈشەنسىڭىز، مەن ئاشىقى بىقارار ئىدىم. ئايدەك رۇخسارىڭىزغا بىرنى سۆيۈۋېلىپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق ئىدى، — دەپتۇ.

بەزى رىۋايەتلەردە، بىبى خانىم بۇ تەلەپنى رەت قىلغان دېيىلىدۇ. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە بىبى خانىم بۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە شۇ قەدەر ئاشىقلىقىنى، ئەنە شۇ سۆيگۈ تۈپەيلىدىن بارلىقىنى مۇشۇ ئىمارەتلەرنى قۇرۇشقا بېغىشلىغانلىقىنى بىلىپ، قاتتىق تەسىرلەنگەن ۋە يىگىتنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يۈزىدىكى پەردىنى قىيا كۆتۈرۈپ سول مەڭزىنى ئېچىپ بەرگەن، يىگىت قانغىچە سۆيگەن، كېيىن ئەمىر تىمۇر ھەربىي يۈرۈشتىن قايتىپ كەلگەندە بىبى خانىمنىڭ يۈزىدىكى بىلىنەر - بىلىنمەس بىر داغنى كۆرگەن. ئەمىر تىمۇر بۇنى سورىغاندا، بىبى خانىم ھەممە كەچۈرمىشنى سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان، دەر غەزەپكە كەلگەن شاھ بىبى خانىمنى ھېلىقى يىگىت بىلەن بىللە قەتل قىلغان، دېيىلىدۇ.

بۇ رىۋايەتلەر راستمۇ، يالغانمۇ، بىر نەرسە دېمەك قىيىن، چۈنكى رىۋايەتلەر ھەر خىل توقۇلۇۋېرىدۇ. بىراق، بىبى خانىمنىڭ يەرلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ رىۋايەتنىڭ

كېيىنكىسىنىڭ راست بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق. لېكىن، بۇ يەردە بىر نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ، مىئماركارلىق تۈركۈمىنى لايىھىلىگەن مىئمار ھەقىقەتەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ تالانتلىق ئۇستىسى بولغان. بۇ مىئماركارلىق تۈركۈمى كىشىنى ئاڭ قالدۇرارلىق دەرىجىدە كۆركەم ۋە گۈزەل ياسالغان. ئۇ، كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، تاملىرىنىڭ ئېگىز ۋە مۇستەھكەملىكى، بۇ يەردىكى مەسچىت، مەيدان، ئايۋان ۋە ھۇجرىلارنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەممىدە ئۇلارنى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل شەكىللىرى بىلەن بېزەش - زىننەتلەشلىرى زىيارەت قىلغۇچىلاردا ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرىدۇ.

مەن بىبى خانىم مىئماركارلىق تۈركۈمىدىن چىقىپ «شاھزىندە»گە باردىم.

«شاھ زىندە» — كۆپلىگەن مەقبەرىلەردىن تەشكىل تاپقان قەبرىستانلىق بولۇپ، ئېگىز بىر دۆڭلۈككە جايلاشقان. مەن ئورغۇنلىغان تاش پەلەمپەيلەردىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدۈم. دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىگە چىققاندا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئۇزۇن يولغا بۇرۇلدۇم. بۇ يولغىمۇ پارچە - پارچە تاشلار بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈپ ياتقۇزۇلغان. يول ئانچە كەڭ ئەمەس، كونىلارنىڭ تىلىدا ئېيتقاندا، بىر ھارۋا پاتقىدەك تار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى يېقىغا بىر - بىرىگە يانداش قىلىپ قاتار مەقبەرىلەر ياسالغان. بۇ مەقبەرىلەر ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەم ئېگىز، ھەم چوڭ ياسالغان؛ ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، ئېگىز - پەسلىكتە بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ، لېكىن ئىچكى شەكلى بولۇپمۇ نەقىشلىرى بىر - بىرىدىن ئۆزگىچە ئايرىلىپ تۇرىدۇ. نەقىشلەر ئىنتايىن چىرايلىق، جەزىبىدار ئىشلەنگەن بولۇپ، قۇياش نۇرىدا تۈمەن خىل چاقناپ تۇرىدۇ. بۇ نەقىشلەر ئالقانچىلىك تۆت بۇرجەك كاھىشلارغا ئىشلىنىپ، ئاندىن مەقبەرە تاملىرىغا چاپلانغان.

يولباشلىغۇچى قىز مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— مانا مۇشۇ ھەر بىر پارچە كاھىشقا ئېچىلغان بىر چېچەكنىڭ بەش - ئالتە ياپرىقى چۈشۈرۈلگەن، ھەر بىر ياپراقنىڭ رەڭگى ئۆزگىچە، مۇشۇ ھەر خىل ياپراقنى بىر خىل ئوتتا تاۋلىغان ئەمەس، ئەكسىچە، ھەر بىر ياپراقنى ئايرىم تېمپېراتۇرىدىكى ئوتتا تاۋلىغان.

مەن بىر پارچە كاھىشتىكى بىر تال چېچەككە سىنچىلاپ قارىدىم. بۇ چېچەكنىڭ بەش رەڭدىكى بەش ياپرىقى بار ئىدى. ئۇلار شۇنچە زىچ تۇراتتى. ئەگەر سەللا دىققەت قىلمىسا، بىر ياپراق ئىككىنچى ياپراققا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ياپراقلار بەكمۇ كىچىك ئىدى. مۇشۇنداق بىر نازۇك گۈل نەقىشىنى قانداق قىلىپ ئوخشاشمىغان بەش خىل تېمپېراتۇرىدىكى ئوتتا تاۋلىغىلى بولىدىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

يولباشلىغۇچى قىز مۇنداق دېدى:

— تاكى بۈگۈنگىچە قانچە ئالىملار بۇ سىر ئۈستىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، تېخىچە بۇ سىرنى ئېچىپ چىققانلىرى يوق.

بۇ مەقبەرىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى 11- ئەسىردە ياسالغان قۇسام بىننى ئابباس مەقبەرىسى. ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، «شاھزىندە» نىڭ بەرپا بولغىنىغا 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولىدۇ. 1000 يىل بۇرۇنقى كىشىلەر ئىختىرا قىلغان ئەنە شۇ كەشپىياتنىڭ سىرىنى تەرەققىي تاپقان 20 - ئەسىر ئالىملىرى تېخىچە ئېچىپ چىقالمايۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ پاكىتنىڭ ئۆزىلا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

11 - ئەسىر— قاراخانىيلار دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئەنە شۇ دەۋردە ئىنسانىيەت

دۇنياسىدىكى تالاڭ قالدۇرغان بۈيۈك ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار، شائىرلار ئىجاد قىلغان، ياشىغان. مانا بۇلارنى «شاھ زىندە»گە باغلاپ بىكىر يۈرگۈزگەندە، تەبىئىي ھالدا مۇنداق يەكۈن چىقىدۇ: ئەگەر ئىنسانىيەت كەشپىيات - ئىجادىيەتنىڭ تولۇق شەرت - شارائىتلىرىغا ئىگە بولسا، ئۇ ھالدا ئۆزىدىن ئالدىنقىلار ياراتقان يېڭىلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۆزىدىن كېيىنكىلەر ئۈچۈنمۇ ئاجايىپ زور ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىپ بېرەلەيدۇ. ئىجاد - كەشپىيات ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى شەرت - شارائىت ئىكەنلىكىنى 1000 يىل ئالدىنقى ئەنە شۇ تارىخمۇ ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ...

مەن كەچىنە سەمەرقەنت مېھمانخانىسىنىڭ يەتتىنچى قەۋىتىدىكى بالكوندىن بۇ ئاجايىپ مۆجىزاتلارغا تولغان شەھەرگە ئۇزاقتىن - ئۇزاق كۆز يۈگۈرتتۈم. سانسىز يۇلتۇزلاردەك نۇر ياغدۇرۇپ چاقناپ تۇرغان ئېلېكتىر چىراغلىرى دېڭىزىدا بۇ شەھەر شۇنچە گۈزەل، شۇنچە يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭدا تىنچ - ئاسايىشلىق، شۇنداقلا ھاياتىي كۈچكە باي خوشخۇي يېڭى بىر دەۋر ئۆسۈپ يېتىلمەكتە ئىدى. مەن بۇ شەھەرنىڭ ئەتىكى كۈنىنىڭ تېخىمۇ پارلاق، تېخىمۇ مەنىلىك بولۇشىغا سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈردۈم.

## بۇخارائى شەرىپ

1987- يىل، 26- دېكابىر.

قەدىمكى قولىيازمىلاردا ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇقەددەس جايى قۇددۇسقا قىياس قىلىنىپ بۇخارائى شەرىپ دەپ تەئرىپ بېرىلگەن بۇ شەھەرنىڭ نامى ئەينى يىللاردا ئىسلام مەدەنىيىتى مەركەزلىرى قاھىرە، ئىستانبۇل ۋە دەمەشقلەر بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئېلىنغانلىقى تاسادىپىي ھال ئەمەس.

بۇخارا زېمىنى مىلادىدىن ئاۋۋالقى 5- ئەسىردە پارس پادىشاھلىقىنىڭ ئىلكىدە بولغان. 329- يىلغا كەلگەندە بۇ يەرگە سوغدىئانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان. كېيىن ئۇنى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بېسىۋالغان. مىلادى 1- ئەسىردىن 4 - ئەسىرگىچە بۇخارادا ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ چوڭ دۆلەت بولغان كۇشان پادىشاھلىقى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزگەن. مىلادى 7 - ئەسىردە ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىستىلاھ قىلىنىغان. بۇ چاغدا بۇخاراغا قىتەيبە (سېپىل) سوقتۇرۇلغان، قەلئە ئىچى - شەھەرىستان دەپ ئاتالغان. 9 - ئەسىردە بەلخ - سامانىيلار دۆلىتى ۋۇجۇدقا كېلىپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلەپ، بۇخارانى ئۆزىگە پايتەخت قىلغان. مانا بۇ دەۋردە بۇخارا ئىقتىساد، سودا ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشكەن. 10 - ئەسىردە بۇخارا ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە بىرىنچى چوڭ شەھەرگە ئايلانغان. بۇ يەردىن پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر ئالىملار، شائىرلار، رەسساملار يېتىشىپ چىققان. شائىرلاردىن روداكىي، فىردەۋسى ۋە دەقىقىي؛ مۇتەپەككۇر ئالىم ئەبۇ ئەلى ھۇسەيىن ئىبنى سىنا؛ تارىخچىلاردىن نارشاھى ئەل بىلازورى، ئات - تابارى، ئىبنى مىسكەۋەيي قاتارلىقلار مانا شۇ شەھەردە ياشىغان ھەم ئىجاد قىلغان.

مەن دۇنياغا مەشھۇر مانا بۇ تارىخىي شەھەر ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەرنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئوقۇغانلىقىم ئۈچۈن ئۇنى ئۆز كۆزۈمدە كۆرۈشنى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن ئەنە شۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئېشىپ، مەن ئۇنىڭ كۆپكۆك ئاسمىنىدا ئايلانماقتىمەن.

بۇخاراغا ھاۋادىن نەزەر سالغاندا، ئاجايىپ مەنزىرە نامايەن بولىدۇ: شەھەرنىڭ بەزى

قىسىملىرىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىمارەتلەر ۋە رەتلىك كوچىلار كۆزگە چېلىقىدۇ، باشقا قىسىملىرىدا زامانىۋى ئېگىز بىنالار قەددىمكى پاكار ئۆيلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئەنە شۇ كەڭ زېمىنغا جايلاشقان شەھەردە ئېگىزلىكى 50 مېتىرچە كېلىدىغان ھەيۋەتلىك كەلان مۇنارىسى بۇخارانىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

مەن ئايرودرومغا قونغاندا، بۇخارا ئۆزىنىڭ يېڭى بىر كۈنىنى ئالدىراپ باشلىۋەتكەن ئىدى. 2500 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇخارا زېمىنى ماڭا قەشقەر دىيارىنى ئەسلەتتى، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى قۇرغاق ئىدى. ھازىر قىش پەسلى بولسىمۇ، قاردىن ئەسەر كۆرۈنمەيتتى، ئەكسىچە، ئىمز-غىرىن شامالدا قىزغۇچ توپا-چاڭ ھېلىدىن-ھېلىغا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇخارادا ياز ئىسسىق، قىش مۆتىدىل كېلىدۇ. يىلنىڭ ئوتتۇرا تېمپېراتۇرىسى 15°C بولۇپ، ئىيۇل ئايلىرى ئەڭ ئىسسىق مەزگىل ھېسابلىنىدۇ، بۇ چاغدا تېمپېراتۇرا 29.5°C قا يېتىدۇ. يانۋاردا 0°C سوغۇق بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پۈتۈن يىلنىڭ 217 كۈنى سوغۇق بولمايدۇ.

مەن ئايرودرومدىن شەھەر رايونىغا كىرىپ، «بۇخارا مېھمانخانىسى»غا چۈشتۈم. بۇ مېھمانخانىمۇ «سەمەرقەنت مېھمانخانىسى»غا ئوخشاش ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋېلىش مەقسىتىدە سېلىنغانىكەن. ئۇ، 13 قەۋەتلىك ئاپئاق بىنا بولۇپ، گرانت ۋە مەرمەر تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن، چىرايلىق نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. مېھمانخانىغا يېقىن جايدا بۇخارا ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ زامانىۋى بىناسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ — شەھەرنىڭ يېڭى رايونى بولۇپ، تۈپتۈز تارتىلغان كەڭ ئاسفالت يوللار ۋە ئۇ يوللارنىڭ چەتلىرىدىكى گۈلزارلار، دەل-دەرەخلەر كىشىگە ئازادىلىق، ئارامبەخشلىك بېغىشلايتتى.

بۇخارا — زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان. بۇ شەھەر يەر مەيدانى جەھەتتىن ئۆزبېكىستاندىكى ئەڭ يىرىك ئوبلاست مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1960-يىللار ھارپىسىدا يەنى بۇندىن 25 يىل مۇقەددەم چوڭ ئامۇ-بۇخارا قانىلى قۇرۇلۇشقا باشلىنغان. قانال پۈتكەندىن كېيىن 100 مىڭلاپ گېكتار ھوسۇللۇق يەرلەر سۇ بىلەن تەمىنلەنگەن. يېڭى ئېتىزلار، باغلار ۋە ئۈزۈمزارلىقلار بارلىققا كەلگەن. مانا شۇ چاغلاردا بۇ يەردە چوڭ تەبىئىي گاز كانى ئېچىلىپ، بۇخارا - ئورال ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا-مەركىزىي گاز تۇرۇبا يولى قۇرۇلۇشقا باشلانغان. ھازىر بۇ كاندىن ئېلىنىۋاتقان تەبىئىي گاز پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يېقىلغۇ ئېنېرگىيىسىنى ۋە خىمىيە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا ئالاھىدە رول ئوينىماقتا. بۇ گاز ئۆزبېكىستاندىكى ھەممە سانائەت تارماقلىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىلمەكتە. جۇمھۇرىيەتنىڭ سانائەت كارخانىلىرى ۋە ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىلىرى تەبىئىي گازدا ئىشلىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئائىلىلەرنى گازلاشتۇرۇشقىمۇ كەڭ ئىمكان تۇغۇلغان. ھازىر ئۆزبېكىستان شەھەرلىرىدىكى ئائىلىلەرنىڭ 90 پىرسەنتى، يېزىلاردىكى ئائىلىلەرنىڭ 76 پىرسەنتى گازلاشتۇرۇلغان، بۇلارنى ئاساسەن مانا مۇشۇ قەدىمكى بۇخارا زېمىنى يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. بۇخارادا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئەڭ زور پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ 200 مىڭ ئىگىرىش ئۇرچۇقى ۋە 7000 توقۇش ئىستانوكى بار. بۇ يەردە يەنە مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ قاراكۆل پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇلغان. بۇ زاۋۇتتا بۇخارا ئوبلاستى بويىچە ھەر يىلى يېتىشتۈرۈلىدىغان 420 مىڭ قاراكۆل تېرىسىدىن باشقىرى ئۆزبېكىستاندا تەييارلانغان 2 مىليون 400 مىڭ تېرىنىڭ خېلى كۆپ قىسمى قايتا ئىشلىنىدۇ. لايپسىگ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا كۆرگەزمىدە بۇخارا قاراكۆلىغا ئەلا سۈپىتى ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئالتۇن مېدال بېرىلگەن، بۇخارا

شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرىمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ھازىر شەھەردىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 80 مىڭدىن ئارتۇق بالا ئوقۇماقتا. ئالىي ۋە مەخسۇس بىلىم يۇرتلىرىدا 20 مىڭدىن ئارتۇق ستودېنت تەلىم ئالماقتا.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ياش يىگىت بۇ يەردىكى ساياھەتچىلەر ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خادىمى ئىكەن. ئۇ ئەسلى بۇخارالىق بولۇپ، ئىنتايىن خۇشخۇي، چاققان، كىشىلەر بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەلەيدىغان خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. مۇشۇنداق بىر يىگىتنىڭ يول باشلىغۇچى بولغانلىقىدىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلدىم.

مەن «بۇخارا مېھمانخانىسى» دىن چىقىپ بىر نەچچە كوچىلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چوڭ بىر باغچىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشتۇم. بۇ بۇخارالىقلارنىڭ يېڭى كۈتۈلگەن – سالقىن ساي دېگەن باغچىسى بولۇپ، ھازىر بۇ يەردە ساياھەتچىلەردىن باشقا يەرلىك ئاھالە ئانچە كۆپ كۆزگە چېلىقمايتتى. مەن بۇ باغچىنىڭ ئىچىگە يولنى بويلاپ خېلى يۈرگەندىن كېيىن ئالدىمدا چوڭ بىر مەقبەرە كۆرۈندى. بۇ – سامانىيلارنىڭ پادىشاھى ئىسمائىل سامانىينىڭ مەقبەرىسى بولۇپ، 9 – 10-ئەسىرلەردە ياسالغان. غەرب مېمارچىلىقىنىڭ دۇردانىلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان بۇ مەقبەرە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلاتتى، قەدىمكى زاماندىكى ئۇستىلار بۇ مەقبەرىنى پۈتۈنلەي خىشتا ياساپ چىققان. مەقبەرىنىڭ تاشقىرىسىدىمۇ، ئىچكىرىسىدىمۇ خىشلار ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن تىزىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كارامەت گۈزەل نەقىشلەر ھاسىل قىلىنغان: مەقبەرە ئاسمانىدىكى قۇياشنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ھەر خىل تۈس ئالىدۇ، يەنى ئەتىگەندە بىر خىل شەكىلدە كۆرۈنسە، چۈش مەزگىلىدە يەنە بىر خىل شەكىلدە كۆرۈنىدۇ. ئېگىزلىكى 30 مېتىر، ئېنى 20 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىغان بۇ مەقبەرىنىڭ تۆت تەرىپىدە تۆت ئىشىكى بولۇپ، ئۈستى قۇببا شەكلىدە ياسالغان. مەن مەقبەرە تاملىرىغا تىزىلغان خىشلارغا زەڭ قويۇپ قارىدىم: ئۇلار قارىماققا ئاددىيكى خىشلاردىن ھېچقانداق پەرقلەنمەيتتى. مانا مۇشۇ ئاددىي خىشلاردىن تەبىئىي ھالدا ئاجايىپ خىلمۇ – خىل نەقىشلەرنى، قۇياش ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ پەيدا بولىدىغان كارامەت گۈزەل تۈسلەرنى ھاسىل قىلغان ئۆز دەۋرىنىڭ ئەنە شۇ ئۇستا مېمارلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمىدىم.

مەن ئىسمائىل سامانىي مەقبەرىسىدىن چىقىپ چەشمە ئەيۈپ مازارىغا باردىم. بۇ، تۆت ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان، ئانچە كەڭ دائىرىدە بولمىغان مازار ئىچىگە تۆت خىل شەكىلدە تۆت گۈمبەز سېلىنغان. يول باشلىغۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ مازار 12- ئەسىردە ياسالغانىكەن. ئەينى زاماندا بۇ يەردىن سۈيى ئىنتايىن سۈزۈك بىر بۇلاق قايناپ چىققانىكەن. ئۇ، تەشنالارنىڭ دەردىگە داۋا بولغاندىن تاشقىرى، تۈرلۈك كېسەللەرگىمۇ شىپا بولغانىكەن. ھەتتا پەرزەنت ئارزۇ قىلغان ئاياللارمۇ ئۇلارنىڭ سۈيىنى ئىچىشنى ئادەت قىلغانىكەن، ئاقىۋەت، بۇ بۇلاق ئەل ئاغزىدا رىۋايەتكە ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ مانا مۇشۇ مازار بەنا قىلىنغانىكەن. بۇ مازاردىكى بىر – بىرىگە ئۇلاپ سېلىنغان تۆت خىل شەكىلدىكى تۆت گۈمبەز قەدىمكى زامان مېمارچىلىقىنى تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتلىك ئورۇندا تۇرۇپ كەلمەكتە.

مەن «چەشمە ئەيۈپ مازارى» دىن چىقىپ «ئارك» قەلئەسىگە كەلدىم. ئارخېئولوگلارنىڭ

ئەپسانىلەشچە، «ئارك» قەلئەسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى بىرىنچى مىڭ يىلدا بىنا بولغان. كېيىن بۇ يەردە بۇخارانىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئورگانلىرى ئىش ئېلىپ بارغان، نۇرغۇنلىغان مەسچىتلەر ۋە باشقا قۇرۇلۇشلار بارلىققا كەلگەن. بۇخارانىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە «ئارك» ئانسامبىلى (بىنالار تۈركۈمى) ئىنتايىن مۇھىم يادىكارلىق بولۇپ، ھازىر بۇ يەردە ئوبلاستلىق تارىخ مۇزېيى ئىش ئېلىپ بارماقتا.

مېنىڭ نۆۋەتتىكى زىيارىتىم «پايى كەلان» ئانسامبىلى بولدى. «پايى كەلان» ئانسامبىلى — «كەلان مۇنارى»، «كەلان مەسچىتى»، «مىر ئەرەب مەدرىسى» قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان. «كەلان مەسچىتى» — دائىرىسىنىڭ چوڭلۇقى، كۆركەم ۋە جەزىبىدارلىقى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ مەسچىت 12- ئەسىردە سېلىنغان. مەن مەسچىتنىڭ كۈنچىقىشقا قارىغان چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرگىنىمدە، ئالدىمدا كەڭرى مەيدان ئېچىلدى. مەيداننىڭ تۆت ئەتراپى ئايۋان بىلەن قورشالغان. بۇ ئايۋانلارنىڭ مېھراب شەكىللىك نۇرغۇنلىغان ئوچۇق ئىشىكلىرى مەيدانغا قارىتىلغان. مەيداننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپلىرىگە بىرىدىن دەرۋازا قويۇلغان. ئوتتۇرىدا ئۈستى قۇببا شەكىللىك ئىگىز بىنا سېلىنغان، ئېھتىمال، بۇ ـ مەسچىتنىڭ مېھرابى ئورنىدا ياسالغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئالدىغا شىپاڭ شەكىللىك كىچىكرەك بىر قۇرۇلۇش سېلىنغان. مەيلى مەسچىتنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ۋە يان دەرۋازىلىرى بولسۇن، مەيلى تۆت ئەتراپىدىكى ئايۋانلىرى بولسۇن، مەيلى ئوتتۇرىدىكى مېھراب بىناسى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پىششىق خىشتا ياسىلىپ، رەڭدار، نەقىشلىك كاھىشلار بىلەن بېزىتىلگەن. ئۇلار كۈن نۇرىدا رەڭمۇرەڭ چاقناپ، كىشىنى خۇددى خىيالىي جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك بىر خىل تۇيغۇغا سالىدۇ. ئەنە شۇ مەسچىتنىڭ ئالدىدا «كەلان مۇنارى» بار. ئېگىزلىكى 46 مېتر كېلىدىغان بۇ مۇنارنىڭ ھەر بىر قىسمىغا بىر خىل نەقىش بېرىلگەن. بۇ نەقىشلەر بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ، شۇنداقلا بىر - بىرىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ. مۇنارنىڭ ئۈستى كۆپ رۇجەكلىك، پەشتاق شەكلىدە دۈگىلەك ياسالغان.

«پايى كەلان» ئانسامبىلىدا يەنە «مىر ئەرەب مەدرىسى» بار. ئۇ 17 - ئەسىردە قۇرۇلغان. مەن مەدرىسىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىمدە دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىگە ئورنىتىلغان بىر ۋەسىقىگە كۆزۈم چۈشتى، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

**بۇ يەردە تاجىك ۋە ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ**

**ئاساسچىسى يازغۇچى**

**سەدرىددىن ئەينى ئوقۇغان**

مەن بۇ ۋەسىقىنى ئوقۇپ ئىختىيارسىز ھاياجانلاندىم. كۆز ئالدىمغا بۇ مەشھۇر يازغۇچىنىڭ تونۇش سىماسى كەلدى.

مەن دەرۋازىدىن مەدرىسە ئىچىگە كىردىم. بۇ مەدرىسە كۆپ جەھەتلەردىن مەن ھازىرغىچە كۆرگەن تارىخىي يادىكارلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. مەدرىسىنىڭ دائىرىسى ئانچە كەڭ ئەمەس ئىدى. تۆت بۇرجەكلىك كىچىك سەينا ۋە سەينانىڭ تۆت ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ ياسالغان ئىككى قەۋەتلىك ھۇجرىلار بار ئىدى. ھۇجرىلارنىڭ ئىشىك - رۇجەكلىرى ھويلىغا قارايتتى.

مېنى مەدرىسىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى ئابدۇرەھىم ئىسمائىل ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر كىشى كۈتۈۋېلىپ، ئىشخانىسىغا باشلىدى. بۇ ئىشخانا ئەينى زامانىدىكى مەدرىسە ھۇجرىلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. مەن كىچىك قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىكتىن ئېڭىشىپ دېگۈدەك ھۇجرىغا

كىردىم. ھۇجرا ـ ئىچكىرى، تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق ئىدى. ھەر ئىككىلا ئۆينىڭ ئېلېكتر چىراغلىرى يېنىقلىق تۇراتتى. ئەگەر چىراغلار يېقىلمىسا ئەترابنى پەرق ئېتىشمۇ قىيىن ئىدى. بۇلارغا پەقەت ھويلىغا قارىتىلغان روجەكلەردىن يوروق چۈشەتتى. بۇلار ھۇجرا دېگەن ئىسىمغا لايىق بەكمۇ كىچىك ئۆيلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستى گۇمبەز شەكلىدە يېپىلغان بولسىمۇ، ئېكىن خىشلاردىن چىرايلىق كۆرۈنۈشلەر چىقىرىلغان ئىدى. ھۇجرا ئاپپاق ئاقارتىلغان، ئوتتۇرىغا ئۇ- زۇنراق ئۈستەل ۋە ئۇنىڭ ئەترابىغا ئورۇندۇقلار قويۇلغان، يەرگە پالاز سېلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ مەدرىسە ئۆز ۋاقتىدا قانداق ياسالغان بولسا، شۇ بويىچە ساقلانغان، پەقەت ھۇجرىلارنىڭ ئىچى زامانىۋى جاھازلانغان ئىدى.

مەن ئىختىيارسىز سەدرىددىن ئەينىنىڭ مۇشۇ مەدرىسىدە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى ھەققىدىكى خاتىرىسىنى ئەسلىدىم: يەرگە تاشلانغان بىر پارچە ئۆچكە تېرىسى، ئەنە شۇ تېرە ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان تالىپ. ئۇنىڭ يېنىدا پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان ئاجىز جىنچىراغ، ئالدىدا ئېچىقلىق قۇرئان . . . تالىپ ئەنە شۇ قۇرئاننى ئىخلاس بىلەن قىرائەت قىلىپ ئو- قۇماقتا، ئۇنىڭ سەللە يۆگىگەن بېشى قىرائەتكە تەڭكەشلىنىپ بىر خىل رىتىمدا ئۇيان - بۇ- يان چايقالماقتا . . .

ئەنە شۇ تالىپنىڭ ـ كېيىنكى چاغلاردا پۈتكۈل دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر يازغۇچى بولۇپ يېتىلىپ چىقىشىنى ئەينى زاماندا كىم پەرەز قىلغان؟! مانا مەن ھازىر ئەنە شۇ يازغۇچى سەدرىددىن ئەينى ئوقۇغان مەدرىسىدە تۇرماقتىمەن. سەدرىددىن ئەينىنىڭ «قۇللار»، «دا- خۇندا» رومانلىرى، «ئادىنا» پوۋېستى، «بۇخارا» ناملىق ئەسلىمىسى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قى- لىنىپ، خەلقىمىز ئارىسىدا زور تەسىر قوزغىغان. سەدرىددىن ئەينى ئوقۇغان بۇ مەدرىسە ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دىنى مەكتىپى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاتمىشچە ئوقۇغۇچى ئوقۇيدىكەن. بۇ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئۆزبېك، تاجىك، قازاق، قىرغىز، تاتار، ئەزەربەيجان، باشقىرت، تۈرك- مەن قاتارلىق مىللەتلەر بار ئىكەن. بۇلار ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بەزىلىرى ئۆز جايلى- رىغا قايتىپ، شۇ يەردىكى دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن؛ بەزىلىرى تاشكەنتتىكى ئىسلام ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن.

ئىلمىي مۇدىر ئابدۇرەھىمنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان مۇ- سۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ قارمىقىدا ئىككى دىنىي مەكتەپ ـ بىرسى، مانا مۇشۇ تېخنىكوم دەرىجە- لىك بۇخارا ئىسلام دىنى مەكتىپى؛ يەنە بىرسى، تاشكەنتتىكى ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دىنىي زاتلارنى ـ ئىمام، مەردىن، قارى ۋە باشقىلارنى، شۇنداقلا ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن تۈرلۈك ئىلمىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئىكەن.

خوشلىشىش ۋاقتىدا ئىلمىي مۇدىر ئابدۇرەھىم ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قازاقىستان مۇسۇل- مانلىرى جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان «شەرق مۇسۇلمانلىرى» ناملىق رەسىملىك ژۇرنالنىڭ ئۆزبېكچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە سانلىرىنى تەقدىم قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەب ھەرپىدە بېسىلغانىكەن.

مەن «پايى كەلان»دىن شەھەر «تاقى»غا باردىم. يولباشلىغۇچىنىڭ ئىزاھلىشىچە، «تاقى» دېگەن سۆز بازار مەنىسىنى بىلدۈرىدىكەن. 16 ـ ئەسىردە بۇخارادا سودا ـ سېتىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، «تاقى» (سودا ـ سېتىق بازىرى) بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش

شەكلى بۇخارادىكى قەدىمى قۇرۇلۇشلار ئىچىدە ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە ھەر بىر تاۋارنىڭ ئۆز ئالدىغا «تاقى»سى قۇرۇلغان. مەسىلەن، «تاقى زەرگەران»، «تاقى تىلپەك فۇرۇشان»، «تاقى سەررافان» ۋە باشقىلار. بۇلار بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ بازارلىرىدىكى «زەرگەرلىك بازىرى»، «تۇماق بازىرى»، «رەخت ـ ماتا بازىرى» دېگەنلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ «تاقى»لار ھەر خىل شەكىللەردە سېلىنغان، بەزىلىرىنىڭ ئۈستى قۇببا شەكلىدە، بەزىلىرىنىڭ پىرامىدا شەكلىدە ۋە بەزىلىرى باشقا بىر شەكىلدە ياسالغان. ئۇلارنى نۇرغۇنلىغان تاش تۈۋرۈكلەر كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ قۇرۇلۇشلار پۇختا، مۇستەھكەم ياسالغاچقا، ئارىدىن نەچچە ئەسىر ئۆتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆز ئىسكىتىنى ساقلاپ قالغان. مەن ئەنە شۇ «تاقى»لارنىڭ بىر نەچچىسىنى ئايلىنىپ كۆردۈم. ھەر بىر «تاقى» كۆپلىگەن بىر ئېغىزلىق ۋە ئىككى ئېغىزلىق دۇكانلاردىن تەشكىل تاپقان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاز ـ تولا رېمونت قىلىنىپ ھازىرمۇ سودا ماگىزىنى ئورنىدا پايدىلىنىۋېتىلىپتۇ. مەن ئەنە شۇ «تاقى»لارنى ئايلىنىپ چىقىپ، يول بويىغا سېلىنغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەلدىم. يولباشلىغۇچى ماڭا:

ـ بۇ، ئۆز ۋاقتىدا چىن ۋە ھىندىستان قاتارلىق يىراق ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەر ئۈچۈن مەخسۇس قۇرۇلغان كارۋان سارايى، ـ دەپ تونۇشتۇردى.

ئۇنىڭ «چىن» دېگىنى «جۇڭگو» دېگىنى ئىدى.

ماڭا بۇخارا زېمىنىغا قەدەم قويۇشۇم بىلەن تەڭلا «چىن» دېگەن ئاتالغۇنى ئاڭلاشقا توغرا كەلدى.

ـ سىز چىندىن كەلدىڭىزمۇ؟ ـ دېدى ماڭا ئايرودرومدا ياش بىر يىگىت.

ـ ھەئە، چىندىن كەلدىم، ـ دېدىم مەن.

«چىن» دېگەن بۇ سۆز ماڭا ئۇزاق تارىخنى ئەسلەتكەندەك بولدى.

كېيىن، مەن باشقىلارنىڭ ئاغزىدىنمۇ ئەنە شۇ سۆزنى ئاڭلىدىم.

بۇ ھال ماڭا بۇخارا ئۆزىنىڭ قەدىمكى شەھەر قىممىتىنى ئەينەن ساقلاپلا قالماي، بەلكى قەدىمكى سۆزلىرىنىمۇ ئەينەن ساقلاپ قالغاندەك تۇيغۇ بەردى. بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى، مەن «چىن» دېگەن سۆزدىن ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنىڭ كىشىلەر قەلبىدە نەقەدەر چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

مەن «تاقى»دىن چىقىپ «لەبى ھاۋۇز»غا كەلدىم. «لەبى ھاۋۇز» بۇخارانىڭ دىققەتكە سازاۋەر جايلىرىنىڭ بىرسى. قەدىمكى بۇخارادا نۇرغۇنلىغان سودا مەيدانلىرى بولغان. ئەنە شۇلارنىڭ بىرسى «لەبى ھاۋۇز». ئۇ 17 ـ ئەسىردە قۇرۇلغان. بۇ سودا مەيدانىنىڭ مەركىزىدە چوڭ بىر ھاۋۇز (كۆل) ئورنى بار، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 42 مېتىر، ئېنى 36 مېتىر بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 5 مېتىر كېلىدۇ. قەدىمكى بۇخارادا مۇنداق كۆللەر كۆپ چېپىلغان. بۇ كۆللەر بىزنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆللەرگە ئوخشاش ئاھالىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىپ چېپىلغان. كېيىنكى چاغلاردا، بۇخارانىڭ زامانىۋى شەھەرگە ئايلىنىشى، بۇ كۆللەر ئاسارە ـ ئەتىقە ئورنىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۆز ۋاقتىدا مانا شۇ كۆللەرگە سۇ ئېلىپ كەلگەن «شاھرۇد قانىلى»نىڭ ئىزناسى ھېلىمۇ بار. كۆلنىڭ ئەتراپىدا 16 ـ ۋە 17 ـ ئەسىرلەردە قۇرۇلغان «نادىر دىۋان بېگى خانىقاسى» ۋە «كوكالداش مەدرىسى» ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. «كوكالداش مەدرىسى» بۇخارادىكى چوڭ مەدرىسەلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، 160 ھۇجرىدىن تەركىب تاپقان.

مانا مۇشۇ ۋەلەتنى ھاۋازە مەيدانىدا مەن شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ، مەردلىك ـ ساخاۋەتنىڭ، ئادالەت ـ ھەققانىيەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئەسىرلەر بويى تىللاردا داستان بولۇپ سۆزلىنىپ كەلگەن نەسىرىددىن ئەپەندى خاتىرىسىگە ئورنىتىلغان ھەيكەلنى كۆردۈم. ئىنتايىن زور ماھارەت بىلەن ئىشلەنگەن بۇ ھەيكەل بۈككىدە دەرەخلەر ئارىسىدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئېشەككە مىنگەن نەسىرىددىن ئەپەندى تەسۋىرلەنگەن. ھەيكەلتاراش نەسىرىددىن ئەپەندىنى ۋە ئۇنىڭ ئېشىكىنى خۇددى تىرىكتەك، تەبىئىي، جانلىق ۋە ئوبرازلىق ياراتقان. مەسىلەن، نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ كەشىنىڭ باش تەرەپى پۇتلىرىغا كىيدۈرۈلگەن، ئۆكچىسى تاپىنىدىن ئايرىلىپ تۇرغانغا قەدەر بولغان نازۇك دېتاللىرى ھەيكەلتاراش نەزىرىدىن چەتتە قالمىغان، ھەيكەلدە نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ يەكتىكى ۋە شۇ يەكتەكتە ئۇچۇق تۇرغان كەڭ كۆكسى، بېشىدىكى دوپپا ئۈستىدىن ئورالغان كىچىككىنە سەللىسى، ئۇچكە ساقىلى، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە ئۇ مىنگەن ئېشەكنىڭ دىڭگىيىپ تۇرغان قۇلاقلىرى، چىچىلىپ تۇرغان ئۇزۇن قۇيرۇقلىرى ۋە ماشقىلارنىڭ ھەممىسى كىشىگە خۇددى تىرىك نەسىرىددىن ئەپەندى بىلەن ئۇچراشقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ.

بۇ ھەيكەلدە نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ مۇنۇ لەتىپىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بۇرۇن بىر پىخسىق باي بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن كۆلگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. كۆل ئەتراپىدىكى خەقلەر بايغا ۋارقىراپ:

ــ قولۇڭنى بەر! ــ دەپ ئۇنى سۇدىن تارتىۋالماقچى بوپتۇ.

لېكىن، باي قولىنى بەرمەپتۇ.

بۇ يەردىن ئېشەككە مىنىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەپەندى دەرھال يېنىدىن بىر تىللانى چىقىرىپ، بايغا سوزۇپ:

ــ مە، ئال! ــ دېيىشىگەن، باي دەرھال قولىنى بېرىپتۇ ۋە ئامان قاپتۇ.

كىشىلەر بۇ ئىشنىڭ سىرىنى سورىشانىكەن، ئەپەندى مۇنداق دەپتۇ:

ــ بۇ باي ئەزەلدىن «ئال»نى ئۆگەنگەن، «بەر»نى ئۆگەنمىگەن!

ھەيكەلدە تەسۋىرلەنگەن نەسىرىددىن ئەپەندى ئېشەككە مىنگەن، كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتتە ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ئوڭ قولىدا ئەنە شۇ تىللانى بايغا تەڭلەپ تۇرۇپتۇ...

مەن بۇ ھەيكەلنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى كۈلكىدىن باسالمىدىم.

مەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەشھۇر شەخسلەرگە ئورنىتىلغان ھەيكەللەرنى كۆپ كۆردۈم. يالغۇز تاشكەنتنىڭ ئۆزىدىلا مۇنداق ھەيكەللەردىن ئونلاپ بار. بۇلاردا تەسۋىرلەنگەن شەخسلەر ئاساسەن بىر خىل قىياپەتتە يەنى قانداقتۇ بىر چىگىش سىرنى يېشىش ئۈچۈن جىددىي تەپەككۇر قىلىۋاتقان ھالەتتە ئىپادىلەنگەن. نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ھەيكىلى ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقى ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئىنتايىن ماھىرانە ئېچىپ بېرىلگەن، دەۋر روھى، شەخسنىڭ خاراكتېرى ئوبرازلىق مۇنداقلا يۇمۇرلۇق ئاساستا گەۋدىلەندۈرۈلگەن. مانا مۇشۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ ھەيكىلىنى ئۆزبېك ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىدىكى بىر خىل بۆسۈش دېيىش مۇمكىن.

مەن بۇخارادا يەنە كۆپلىگەن ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. بۇ يەردىكى كۆپلىگەن مەسچىت، مەدرىسە قاتارلىقلار شەخسلەرنىڭ نامىدا ئاتالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ زامانىسىنىڭ ھەر بىر مەرىپەتلىك ئادىمى كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن قولىدىن كەلگىنىچە

بىرەر ياخشى ئىش قىلىش نىيىتىدە ئەنە شۇنداق ئۆلمەس ئابىدىلەرنى بەنا قىلمىغان. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئىچىدە ئىسلام دىنى تەرەققىياتلىرىنىڭ مەلۇم رولىنىمۇ ئىنكار قىلماي بولمايدۇ. لېكىن يەنىلا مۇھىمى ئۆز زامانىسىدىكى ئەنە شۇ ئادەملەرنىڭ شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ پارلاق ئەنئەنىلىرىنى بۈگۈنكىلەر ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنىڭ ئۆزى ھەر بىر كۆرگۈچىنىڭ قەلبىدە ئۇلارغا نىسبەتەن ھۆرمەت-ئېھتىرام تۇيغۇسىنى قوزغىماي قالمايدۇ.

مەن بۇ يەردە كۆرگەن ئەنە شۇنداق ئاسارە-ئەتىقىلەردىن «سەيپىددىن بۇخارازى» ۋە «بويان قۇلى خان» ماۋزولېيى؛ «بەلەند»، «مەگاكى ئەتتارى»، «نامازگاھ» مەسچىتلىرى؛ «ئۇلۇغبەگ»، «ئابدۇللاخان»، «مادارى خان»، «ئابدۇلئەزىز خان»، «چارمۇنار»، «گاۋكۇشان» مەدرىسلىرى؛ «چاربەكىر»، «سۇممتان» قاتارلىقلار بار. قەدىمكى بۇخارادا بۇندىن باشقا ئابىدىلەرمۇ كۆپ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەرىپلەپ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

مېنىڭ بۇخارانى زىيارەت قىلىشتا كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىككى ئويۇم بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرسى، قەدىمكى بۇخارانىڭ ئابىدىلىرى بىلەن تونۇشۇش؛ يەنە بىرسى، بۇخارا ئەمىرلىكىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىغا دائىر ئەھۋاللارنى بىلىش ئىدى.

ئەمىرنىڭ ئوردىسى بىر ئېگىز دۆڭلۈككە سېلىنغان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەمىر مۇشۇنداق بىر سۈنئىي تاغ ياسىتىپ، ئاندىن ئوردا سالغان، دەيدۇ. مەن ھەر خىل رەڭدىكى يوغان تاشلاردىن تىزىپ ياسالغان كەڭ يول بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىدىم. بۇ يول مېنى ئوردىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ ئىككى قاناتلىق ياغاچ دەرۋازا ھەم چوڭ، ھەم قېلىن ئىدى. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن ئوڭ تەرەپتە قاراۋۇللارنىڭ ھۇجرىلىرى بار ئىكەن. سول تەرەپكە زىندانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلارغا تۆمۈر ئىشىكلەر بېكىتىلىپ يوغان قۇلۇپلار سېلىنغانىدى. يولباشلىغۇچىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ زىندانلارغا ئەمىر ئەڭ خەۋپلىك دەپ بىلگەن دۈشمەنلىرىنى سولايدىكەن. زىندانىنىڭ ئۈستى ئەمىرنىڭ ئات ئېغىللىرى بولۇپ، ئاتلارنىڭ نىجاسەتلىرى مانا شۇ زىندانلارغا چۈشىدىكەن. ئىككى يېقىغا زىندان ۋە قاراۋۇلخانىلار جايلاشقان بۇ ئارىلىقنىڭ ئۈستى يېپىق ئىدى. مەن ئارىلىقتىن ئۆتۈپ ئوچۇقچىلىققا چىقتىم.

يولباشلىغۇچى: بىز بېسىپ ئۆتكەن يول ئوردىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى، ئالدىمىزدىكى ئىككىنچى قەۋىتى، دەپ تونۇشتۇردى. بۇ قەۋەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئورغۇنلىغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر بىر-بىرىگە ئۇلاپ سېلىنغان. بۇ ئۆيلەر ئەمىرنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ئەمەلدارلىرى ۋە باشقا خادىملىرىنىڭ ئىشخانىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەينەكلىك، شۇنداقلا ياغاچ قاپقاقلىق دېرىزىلىرى ھەر تەرەپكە قارىغان. يولنىڭ سول تەرىپىدە بىر مەسچىت بار، ئەمىر ۋە ئوردا خادىملىرى ئادەتتە مانا مۇشۇ مەسچىتتە ناماز ئوقۇغان. قىزىل ئارمىيە ئوردىنى تۇنجى قېتىم ئاتقاندا توپ ئوقى مەسچىت پېشايۋىنىنىڭ سول تەرىپىنى بۇزۇۋەتكەن ئىكەن، ئۇ ھازىرمۇ شۇ بويىچە تۇرۇپتۇ. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ چوڭ يولغا قارىغان تەرىپىدە بىر مۇنار بار، ئەمىر مانا مۇشۇ مۇناردىن پەستىكى تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى كۆزىتىدىكەن. ئوردىنىڭ چوڭ يولى پەلەمپەي ئارقىلىق ئۈچىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلىدىكەن. بۇ قەۋەت ئەمىرنىڭ ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان، چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىدىغان بۆلۈملىرى ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى جايلاشقان ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان. ھازىر ئەمىرنىڭ بۇ ئۆيلىرى مۇزېي قىلىنغان. قىزىل ئارمىيە ئوردىغا ھۇجۇم قىلغاندا پارتلىتىپ بۇزۇۋەتكەن قەلئەنىڭ جەنۇبىي تېمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئوردا ئاساسەن چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان.

مەن «ئەمىر ئوردىسى» دېسە، تامامەن باشقا بىر مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەنىدىم.

چۈنكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شۇنچە كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن ئەمىر ھاكىمىيىتى ئۆزىگە لايىق سەلتەنەتلىك كاتتا ئوردىغا ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى - دە! بىراق، ئەمىرنىڭ ئۆزى تۇرىدىغان ئۆيلەرمۇ شۇ قەدەر ئاددىي ياسالغانكى، بۇلاردا مەن كۆرگەن قەدىمكى بۇخارانىڭ بىرەر مەدرىسە - مەسچىتىگە ئىشلەنگەن چىرايلىق نەقىشلەرنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ مەسچىت - مەدرىسلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئالدىدا بۇ ئوردا خۇددى ئالدىراپ - تېنەپ سېلىنغان كارۋان سارايغا ئوخشاپ تۇراتتى. مەن ئىختىيارسىز يولباشلىغۇچىدىن:

— ئەمىرنىڭ بۇنىڭدىن باشقىمۇ ئوردىسى بارمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بۇ، ئاساسلىق ئوردا، — دېدى يولباشلىغۇچى، — بۇ يەردە بۇخارا ئەمىرلىكىنىڭ بىر نەچچە ئەۋلادى ياشىغان. ئەڭ ئاخىرقى ئەمىر سەئىد ئالىمخانمۇ مۇشۇ ئوردىدا قىشلىغان، ئۇ شەھەر سىرتىغا يەنە بىر يازلىق ئوردا سالدۇرغان.

مەن ئەمىرنىڭ قىشلىق ئوردىسىدىن يازلىق ئوردىسىغا قاراپ يول ئالدىم. ئورغۇن كوچىلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، شەھەر سىرتىغا چىقتىم. ئالدىمدا چەكسىز دالا، ئاردىلاپ - ئاردىلاپ ئېتىزلىقلاردا ئىشلەۋاتقان دېھقانلار كۆزگە چۈشەتتى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپى ئاياللار ئىدى، كىيىملىرى تاشكەنتلىكلەرگە قارىغاندا ئۆزگىچە ئىدى، گۈللىرى چوڭ - چوڭ چىت رەختلەردىن كىيگەن كۆڭلەكلىرى شۇنچە كەڭ ئىدى، ھوشۇقىغا چۈشىدىغان ئىشتانلىرىنىڭ پۇشقاقلىرىغا كەشتە تۇتۇلغان، ئاياغلىرىدا قېلىن پايپاق ئۈستىگە كىيىۋالغان كەشە ۋە كالاچ، ياغلىقلىرىنى ماڭلاي باستۇرۇپ تاڭغانىدى. ئەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكى بەقەسەم تون كىيىپ، بەللىرىگە گۈللۈك يوتا باغلىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى كەتمەنلىرى بىزنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ ئىدى. قارىغاندا، بۇلار كېلىۋاتقان باھارنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقاندەك ئىدى. مەن كۆرگەن بۇخارالىقلارنىڭ يۈز - چىراي شەكلى تاجىكلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇرۇنلىرى قاڭشارلىق، كۆزلىرى چوڭ، قاشلىرى كەڭرەك، يۈزلىرى ئاق - سۈزۈك، ئەرلىرى قويۇق ساقاللىق ئىدى. ئېھتىمال بۇ تارىختىن بېرى بۇ يەردىكى ئۆزبېكلەرنىڭ تاجىكلار بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئېھتىمال، مۇشۇ سەۋەبتىنمۇ بۇخارادا ئىككى خىل تىل — ئۆزبېك تىلى بىلەن تاجىك تىلى بىردەك ئىشلىتىلىدىكەن. يولباشلىغۇچىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇخارالىق ئۆزبېكلەردىن تاجىكچە بىلمەيدىغىنى يوق ئىكەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە بۇخارا ئەمىرلىكىنىڭ دۆلەت تىلى پارس تىلى بولۇپ كەلگەنىكەن. مەن يۇقىرىدا نامىنى ئاتاپ ئۆتكەن جاي ئىسىملىرىنىڭ تامامەن پارسچە قويۇلغانلىقى ئەنە شۇ ئامىللار بىلەن باغلىق ئىكەن.

مەن يازلىق ئوردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتۈم. دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنكىسى بىرىنچى ھويلا ئىدى. بۇ ھويلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ياتاقخانىلار جايلاشقان. ئېھتىمال، بۇ، ئوردىنى قوغدىغۇچىلار تۇرىدىغان ئۆيلەر بولسا كېرەك. ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن غەربكە قارىغان ياقتا قاتار ئات ئېغىللىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا ئەمىرنىڭ قۇشچىلىق مەيدانى بولۇپ، ئۇ يەردە بىر نەچچە توز دانلاپ يۈرەتتى. بۇ توزلار ئەينى زاماندىكى ئەمىرنىڭ توزلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ياكى كېيىن كەلتۈرۈلگەن توزلارمۇ، بۇنى يولباشلىغۇچىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. بۇ يەرگە ئۇلىنىپ چوڭ باغ باشلىناتتى. باغ ئىچىدىكى يول ئەمىرنىڭ ئىككىنچى ھويلىسىغا ئېلىپ كىرەتتى. ھويلىنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي ئۇزۇن پېشايۋان ئىدى. پېشايۋان ئۆزگىچە ياسالغان، ھەر ئىككى تۈۋرۈكتىن كېيىن بىر ئەگمە كۆتۈرمە چىقىرىلغان. پېشايۋاننىڭ تۈۋرۈكلىرى، ماڭلىيى، تورۇسلىرى، تاملىرى شەرقنىڭ خىلمۇ - خىل ئېسىل نەقىشلىرى بىلەن بېزىتىلگەنىدى. ھويلىنىڭ جەنۇبى ئەمىرنىڭ مېھمانخانىسى ئىدى.

ئۇ ياۋروپا ۋە شەرق ئارخىتېكتورىسىنىڭ يۇغۇرۇلمىسىغا ئوخشايتتى. ئەمىرنىڭ باشقا ئۆيلىرىمۇ كېيىنرەك – چوڭلار تۇرىدىغان ئۆيلەردىن تارتىپ تاكى ئەمىرنىڭ ياتاقخانىلىرىغىچە ھەممىسى ئەنە شۇ ئۇسلۇبتا ياسالغانىدى. ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى تۈز، دېرىزىلىرى چوڭ، ھەممىسى بىر قەۋەتلىك بولسىمۇ، ئادەتتىكى ئۆيلەردىن خېلىلا ئېگىز سېلىنغانىدى. ئەمىرنىڭ مېھمانخانىسى ئۇزۇن ۋە كەڭ بىر زال ئىدى. زالنىڭ ئىچى يوپيورۇق، ھەر ئىككى ياندىكى دېرىزىلەردىن كۈن نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇراتتى. دېرىزىلەرمۇ قوش قاناتلىق ئىشىكلەردەك چوڭ ۋە ئېگىز ياسالغاندىن تاشقىرى ئۈستى تەرىپىدە قوشۇمچە ئەگەم روجىكى بار ئىدى. بۇ دېرىزىلەرگە باشتىن – ئاخىر پۈتۈن ئەينەك قويۇلغانىدى، ئۇلارغا پەردىلەر تارتىلغانىدى. ياتاق ئۆيلەرمۇ كەڭ – ئازادە سېلىنغان. ھەممە ئۆيلەرنىڭ تاملىرى، تورۇسلىرىغا رەڭمۇرەڭ چىرايلىق نەقىشلەر چېقىرىلغانىدى. بۇ ئۆيلەرگە گوللاندىيە پەچلىرى ئورنىتىلغان، تورۇسلىرىغا ياۋروپاچە ئاسما چىراغدانلار ئېسىلغانىدى، پەرگە شەرقنىڭ كۆركەم، رەڭدار گىلەملىرى سېلىنغانىدى. ئوردىغا ئەمىر ئىشلەتكەن زىننەت بۇيۇملىرى قويۇلغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئېلىمىزنىڭ چىنە – قاچا، ۋازىلىرى بار ئىدى، ئۇلار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. بۇ قەدىمكى پار – پۇر بۇيۇملارغا ئەڭ چىرايلىق گۈللەر، قۇشلار، تاغ – دەريالار سىزىلغان، بەزىلىرىگە تۈرلۈك ھۆسنخەتلەر يېزىلغانىدى. يولباشلىغۇچى يىگىت:

— بۇ خەتلەردە نېمە دېيىلگەن؟ — دەپ سوراپ قالدى.

مەن بىر نەچچە سەنئەت بۇيۇمىدىكى خەنزۇچە خەتلەرنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بەردىم: ئۇلارنىڭ بەزىسى خەنزۇ كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى ئىدى، بەزىسى ئەنە شۇ بۇيۇملارنى ياسىغان ئۇستىلارنىڭ بېغىشلىمىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بارلىقى كىشىلەرگە تىنچلىق، ئاسايىشلىق، بەخت – سائادەت ۋە ئۇزاق ئۆمۈر تىلەيتتى.

يولباشلىغۇچى يىگىت بۇلارنى ئاڭلاپ:

— چىن مەملىكىتىنىڭ ئۇستىلىرى ئۆز زامانىسىدىلا كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى سۆزلەرنى ئېيتقانىكەن، — دېدى ھاياجانلىنىپ.

ئېلىمىز ماھىرلىرىنىڭ بۇ بىباھا كەشپىياتلىرىنىڭ مانا بۇ يىراق بۇخارا دىيارىدىكى ئەمىر ئوردىسىدا ئەتىۋارلىق ئورۇن ئالغانلىقى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. بۇلار ماڭا ئەينى زاماندىكى تىنچ – ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتنى، ئۆزئارا ھۆرمەت – ئىززەتنى، ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد داۋاملاشقان سودا – مەدەنىيەت ئالاقىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتكەندەك بولدى.

مەن بۇ يەردە ۋە قىشلىق ئوردىدا ئەمىر سەئىد ئالىمخاننىڭ باشقا بۇيۇملىرىنىمۇ كۆردۈم. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئەمىرلىك كىيىم – كېچەكلىرى، زەر بىساقان تون، ياقۇت كۆزلەر قويۇلغان بەلباغ، شاھانە ئۆتۈك بىلەن بىر قاتاردا چاررۇسىيە پادىشاھى تەرىپىدىن بېرىلگەن گېنېرال ئۇنۋانلىق ھەربىي فورمىسى بار ئىدى. ئۇ ناماز ئوقۇغان جايناماز بىلەن بىر قاتاردا ئۇنىڭ رۇس خوتۇنىنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى قويۇلغانىدى. بۇ يەردىكى خاتىرىلەردە يەنە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جىنچىراغ يېقىپ تۇرغان زاماندا ئۆز ئوردىسىنى دۆڭزۈك تۇنگىسى بىلەن يورۇتقانلىقى ھەققىدە يېزىلغان سۆزلەر بار ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى — خۇددى ئۇنىڭ يازلىق ئوردىسىنىڭ شەكلى ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارخىتېكتورىسىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ كونىلىق بىلەن يېڭىلىقنىڭ، خۇراپات بىلەن تەرەققىياتنىڭ، قالاقلىق بىلەن ئىلغارلىقنىڭ ئۆزئارا يۇغۇرۇلمىسىدەك تۇيغۇم بېرەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)





(دراما)

مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

قاتناشقۇچىلار

ئەزىزە (ئەزىزنىڭ مەشۇقى) 22 ياش

ئەزىز 23 ياش

يۈسۈپبەگ (ئەزىزەنىڭ دادىسى) 55 ياش

مەلىكىخان (ئەزىزەنىڭ ئانىسى) 50 ياش

پولات - تۆمۈر (ئەزىزەنىڭ ئاكىسى) 30 ياش

شەمسىيە (ئەزىزەنىڭ ساۋاقدىشى) 22 ياش

قەمەرىيە (ئەزىزەنىڭ ساۋاقدىشى) 22 ياش

ساۋۇت ھاجىم (ئەلچى) 55 ياش

پازىل قارىم (ئەلچى) 50 ياش

زاھىر ۋەلىخان تۆرە (ئەجنەبىي ئالدامچى) 40 ياش

شەيخۇلمۇ بارەكخان بەگ ھاجى (ئەجنەبىي ئالدامچى) 60 ياش

تاپاۋەتخان مەخسۇم (دەللال) 45 ياش

خالىسخان قارى ھاجىم (دەللال) 50 ياش

جەننەتنىساخان بۇۋى (نىقابلىق سېھىرگەر) 60 ياش

«نۇرىيە» 20 ياش

«مەرھابا» 20 ياش

## مۇقەددىمە

كىممۇ بەخش ئەتمەس مۇراد - ئارمانىنى
ئەۋلادىغا،
لەيلى - شېرىن، شاھ سەنەم، مەجنۇن، غې-
رىب، پەرھادىغا.

تەنگە سىغسۇن قايسى جان كۈلگەندە نەسلى
شاد - ئامان،
كىم بىرەر بەرداش ئەزىز ئەۋلادىنىڭ بەر-
بادىغا.

ئىز باسار ئەۋلادىنىڭ بەختى-مۇرادىدىن بۆلەك
بارمىدۇ راھەت-ھوزۇر ئالەمدە ئىنسان زاتىغا؟

ئىزدىمەس يۇمران نەسىللەر دەردىگە دەرمان، شىپا،
ئالمىسا كىملەر ۋەتەن تەقدىرىنى ئەس-يادىغا.

كۆيدى كىم ئۆز نەسلىگە، كىم كۆيدى يالغۇز
نەپسىگە،
بەرگۈسى ئادىل باھا ئەۋلاد چىقىپ ئەجدادىغا!

## بىرىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: ياز، كۈندۈزى.

سەھنە: ئاستى ئامبار، ئۈستى مېھمانخانىدىن تەركىب تاپقان پىششىق خىشلىق، پېشايۋانلىق بىنا. بىر ياقتا ئەزىزىنىڭ مەخسۇس ئۆيى، ئەگمە دېرىزىسى سەھنىگە قاراپ تۇرىدۇ. ھويلىدا رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر. ئەزىزىنىڭ قولىدا سۇ چاچقۇچ، پۈتۈن ئەس - يادى مېھمانخانىدا بولۇۋاتقان نىكاھ سودىسىدا.

ئەلچىلەر: (مېھمانخانىدا) بارىكاللا، يۈسۈپبېگىم، بارىكاللا!

يۈسۈپبەگ: (مېھمانخانىدا) ھېلىقىمۇ بىر قىز ئىكەن، مىڭ قىز بولسىمۇ ئايىمايدىغان ھەر بىرلىرىدىن.

ئەزىزە: (چۆچۈپ) ھە، نېمە گەپ بۇ؟ ئۆتكەندە، ئۈچ بىتالەينىڭ مەسۇم قەلبىنى داغلىغان، ئۈچ بوۋاقنى يېتىم - يېسىرلىق زەنجىرىگە باغلىغان بىر تاش يۈرەك نائەھلىگە ماقۇل بولدى. تويلۇق توغرىسىدا بۇ تۇشەلەگەن بولسا، بىر ئۆبېتىشتىن يانمايتتى. بۈگۈن ماقۇل بولغىنى كىمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئوينىشىدىغاندۇ شۇ دادام ئۆز ئەزىزىسىنىڭ بەخت-تەلىيى، تەقدىر - ئىستىقبالى بىلەن؟

ناخشا:
بىز يارالغۇنمۇ ئەلەم - كۈلپەت، مۇشەققەت
تارتقىلى،
قايغۇنىڭ لاي - لاتقىلىق قايناملىرىغا پاتقىلى.

قىز بالا ئالتۇنمىدۇ، ياقۇتمىدۇ، گۆھەرمىدۇ،
نەرقىدە كىملەر يېتىپ نەق پۇل چىقارسا
ساتقىلى؟

بىز يارالغانمۇ قەپەز - سىرلىق قەپەزدە يات-
قىلى،
جىلۋە - ناز ئەيلەپ بىراۋنىڭ كۆڭلىنى ياي-
راتقىلى.
بىز يارالغانمۇ ئازاب قايناملىرىغا پاتقىلى؟

پولات - تۆمۈر: (سىرتتىن ناخشا:)
ئالتۇن تارتايمۇ،
يامبۇ تارتايمۇ...

ئەزىزە: نېمىشقىمۇ ئادەم بولمايدىغاندۇ شۇ ئاكام؟ كۈپكۈندۈزدە ئىچىۋالغىنىنى! تۈگىمەس ۋەز - نەسىھەت باشلىۋەتمىسۇن يەنە (سۇ چاچقۇنى ئېلىپ ئالدىراش كىرىپ كېتىدۇ).

(پولات - تۆمۈر كىرىدۇ. قولىدا ئىككى زىخ كاۋاپ. شىمىنىڭ يانچۇقىدىن ئەتلەسنىڭ بىر ئۇچى ساڭگىلاپ تۇرىدۇ).

پولات - تۆمۈر: كەلمەي - كەلمەي كەلگىنىڭدە... ئەزىزىم، ئامراق سىڭلىم ئەزىزە، كاۋاپ يە، ئەركەك قوينىڭ كاۋىپى! دېرىزەڭنى ئېچىۋالغىنىڭ نېمىسى؟ ئەزىزىم!...

(بىر ناخشا ئۇشتۇمتۇت يادىغا كېلىپ)

ناخشا:

بەخت - تەلەي يولۇمدا،
يانچۇقتىكى پۇلۇمدا،
بەررى كاۋاپ قولۇمدا،
دېرىزەڭنى ئېچىۋەت،
دېرىزەڭنى ئېچىۋەت.

(كۇلكىلىك ھەرىكەتلەر بىلەن ناخشىنى تەكرارلايدۇ.)

مەلىكخان: (چىقىدۇ) جېنىم بالام، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا خوش بولۇپ كېتەي، ئاغزىڭنى يۇمغىن.

پولات - تۆمۈر: نېمە؟ ئاغزىمغا قۇلۇپ سالامسەن؟ پېچەت چاپلامسەن؟

مەلىكخان: ئۇنداق دېمە، غوجام بالام، مېھمان بار، سەت تۇرىدۇ.

پولات - تۆمۈر: مېھمان؟ قوش مۈڭگۈزلۈك ئىسكەندەر پادىشاھ كەلدىمۇ؟ ھاتەم كەلدىمۇ؟ نۇشىرۋانى ئادىل كەلدىمۇ - يە؟

مەلىكخان: (دىققەت - ئېتىبارىنى بۇراش ئۈچۈن) غوجام بالام، ئەزىزىم بىلەن ئىككىمىزگە ئېلىپ كەلدىڭمۇ بۇ كاۋاپنى؟ ئەتلەسمۇ ئېلىپ كەپسەن - ھە، كۆيۈمچان بالام.

پولات - تۆمۈر: قولۇڭنى تارتىپ تۇر دەيمەن. ئاچقۇزە، ئاۋۋال دېرىزىنى ئاچقۇز!

مەلىكخان: ئەزىزىم، دېرىزەڭنى ئاچ، كاۋاپ يەيسەن، ئەتلەس كىيىسەن، ئاچ!

ئەزىزە: (دېرىزىنى ئېچىپ) رەھمەت، ئاكا (كاۋاپقا قول ئۇزىتىدۇ).

پولات - تۆمۈر: (قولىدىن تۇتۇۋېلىپ) ئاۋۋال گېپىمگە جاۋاب بەر: چىن تۆمۈرباتۇر ئوۋغا چىقىش ئالدىدا سىڭلىسىغا نېمە دېگەن؟

ئەزىزە: ئوۋدان سىڭلىم مەختۇمسۇلا، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويمىغىن، ئېقىن سۇدا باش تارىمىغىن دېگەن.

پولات - تۆمۈر: مەختۇمسۇلا ئاكىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغانىدى. نېمە بولدى؟

ئەزىزە: جادىگەرنىڭ دامىغا چۈشتى، پالاكەت باستى!

پولات - تۆمۈر: بولدى، سىناقتىن ئۆتتۈڭ، كاۋاپ يە! قارا بۇمۇ بار تېخى! (ئەتلەسنى چۇرۇپ بېرىپ) گېپىمنى ئاڭلايدىغان بولساڭ، كىيىشىڭ خان ئەتلەس، يېيىشىڭ كاۋاپ! گەپ تامام، يۈر، ئانا! (ئانىسىغا يۆلەنگەن ھالدا ماڭىدۇ) «ئالتۇن تارتايمۇ، يامبۇ تارتاي...» (بىردىنلا توختاپ) مېھمان كەلدى دېدىڭ - ھە؟

مەلىكخان: ھەئە، ئەزىزەمگە ئەلچى كەپتۇ.

پولات - تۆمۈر: چوپچوڭلا يىگىت تۇرۇپ، مېھمانلارغا سالام بەرمىسەم سەت تۇرمامدۇ؟ (مېھمانخانا تەرەپكە يۈزلىنىپ) ئۆيىگە كەلگەن ئەلچىلەرگە ئۆزۈمنى ئاتايمۇ (مېھمانخانا تەرەپكە قاراپ دەلدۈگىنىدۇ).

مەلىكخان: سىم كاردۇاتقا ئۆزۈڭنى ئاتقىن، غوجام، سىم كاردۇاتقا.

پولات - تۆمۈر: ئالتۇن تارتقىلى بولامدۇ، كۈمۈش تارتقىلى بولامدۇ ئۇ نېمەڭدە؟

مەلىكخان: ئالتۇنغا بەرگۈسىز خورەك تارتقىلى بولىدۇ، غوجام بالام.

پولات - تۆمۈر: خورەك؟ ھا - ھا - ھا!...

يۈسۈپبەگ: (چىقىدۇ) پولات - تۆمۈر!

پولات - تۆمۈر: (ھېيقىماي) خوش، دادا، خىزمەت بارمۇ؟

يۈسۈپبەگ: ھېلى!

پولات - تۆمۈر: بولىدۇ، قاچان دېسەڭ، مەن تەييار (يانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ).

يۈسۈپبەگ: ئانىسى.

مەلىكىخان: خوش؟

يۈسۈپبەگ: تويلۇق ھەققىدە ئېغىز ئېچىۋاتىدۇ ھېلىقى خەتنى ....

مەلىكىخان: ئوبدان، ھازىرلا ئەپچىقاي (كىرىپ كېتىدۇ).

ئەلچىلەر: (ئۈزۈي ئىچىدىن) ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر، بېگىم! (بوسۇغىغا چىقىدۇ)

يۈسۈپبەگ: جىنىدەك تەخىر قىلىشىملا بولماسمىدى؟ ئانىسى، سۇ!

مەلىكىخان: (سىرتتىن) مانا ھازىر (ئاپتۇۋا - چىلاپچا، لۆڭگە ئەپچىقىپ بېرىدۇ).

يۈسۈپبەگ: ھېلىقى خەتنى.

مەلىكىخان: خوش، بېگىم (كىرىپ كېتىدۇ).

يۈسۈپبەگ: قېنى، قول چايقىسىلا، ساۋۇت ھاجىم؛ قېنى، پازىل قارىم (مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاپتۇۋا - چىلاپچىنى پەلەمپەي يېنىدا قويىدۇ).

مەلىكىخان: (چىقىدۇ) بېگىم (كىچىك پەتنۇسقا سېلىنغان كونۇۋېرتلىك خەتنى ئۇزىتىدۇ، كىرىپ كېتەدۇ).

يۈسۈپبەگ: مانا بۇ — تويلۇق ھەققىدىكى تەلىپىمىز (ساۋۇت ھاجىمغا سۇنىدۇ).

ساۋۇت ھاجىم: بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم. (قولىغا ئېلىپ) رەھمەت، يۈسۈپبېگىم، ئىلتىپاتلىرىغا. بولۇنغان سۆز - سۆھبەتلەر بىلەن مانا بۇ خەتنى دەل ۋاختىدا يەتكۈزەيلى. يۈرسىلە، پازىل قارىم، يۈرسىلە.

پازىل قارىم: ساۋۇت ھاجىم، خەتنى كۆرۈپ بېقىمپىراق ماڭمايلىمۇ. ئۇزۇن بولسا كېسىپ، قىسقا بولسا، ئاز - تولا ئۇلاپ بولغاندىن كېيىن يولغا چىقساقمۇ.....

يۈسۈپبەگ: ئاغزىلىرىغا ياغ، پازىل قارىم! قېنى، كۆرۈپ بېقىشسىلا، كېسىلىدىغان - قايچىلايدىغان يېرى يوق، قوشۇلىدىغان - ئۇلايدىغان يەرلىرى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ساۋۇت ھاجىم: خوپ. بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم. (پازىل قارىمىمۇ تەڭ ئوقۇيدۇ) «ياقۇت كۆزلۈك زەر ھالقا بىر جۈپ، ياقۇت كۆزلۈك زەر ئۈزۈك بىر جۈپ، ئالتۇن بىلەيزۈك بىر دانە، ئالتۇن باغلىق شۋېت سائىتى بىر دانە.....»

پازىل قارىم: بېگىم، ھالقا، ئۈزۈك، بىلەيزۈك، سائەت باغلىرىغا كېرەكلىك ساپ ئالتۇننىڭ ئومۇمىي ۋەزنى قانچىلىك بولسا كۆپايە قىلار؟

يۈسۈپبەگ: ۋاراق ئۆرۈسىلە، ۋاراق. ھەببەللى، مانا شۇ جايغا قارىسىلا.

پازىل قارىم، ساۋۇت ھاجىم: (چۆچۈپ) ئىككى سەر؟

يۈسۈپبەگ: شۇنداق، ئىككى سەر. بىر نەچچە مىسقال ئالتۇننىڭ ئارتۇق - زىيادە بولۇپ كېتىشى ھېچگەپ ئەمەس. يېرىم مىسقال كەم بولۇپ قالمىدىغان بولسا!....

پازىل قارىم: بېگىم، بىر سەر ئالتۇن قانچە پۇل؟

يۈسۈپبەگ: ئون يىلنىڭ ئالدىدا 400 يۈەن ئىدى. ھازىر ساپمۇ - ساق 4000 يۈەن ساتايدۇ - دە، ئىككى سەرگە 8000 يۈەن.

ساۋۇت ھاجىم: كەيىم - كېچەك، ئون - گۆرۈچ، قوي - كالىلىرىغىچۇ؟

يۈسۈپبەگ: كۆپ بولسا، 7000 يۈەن كېتەر.

پازىل قارىم: بىر قىزنىڭ تويلۇقى ئونبەش مىڭ يۈەنمۇ؟

يۇسۇپبەگ: ھەممە نېمىنىڭ باھاسى ئۆس-
تى - دە..

ساۋۇت ھاجىم، پازىل قارىم: ئىنساپ قىلسىلا، ئىنساپ!

ناخشا:

تاغ - دالانىڭ گۈلى ساپ،
ئەل ئېسىلى - خىلى ساپ.
ئىنساپ قىلىڭ، يۇسۇپبەگ،
ئىنسابلىقنىڭ دىلى ساپ.

يۇسۇپبەگ:

ھاۋانىڭ بار تۇمانى،
دەريانىڭمۇ قىيانى.
قايسى تويىنىڭ يوق دەيلا،
تويلۇق دېگەن داۋانى؟

ساۋۇت ھاجىم، پازىل قارىم:

ئېگىز داۋان چوڭ تويلۇق،
تويلۇق بولسۇن ئورۇنلۇق.
دەرد - ئەلەمدە قالمىسۇن
قىزلىق پاكى ئوغۇللۇق.

يۇسۇپبەگ:

پۇلى يوقنىڭ يۈزى يوق،
نام - نىشانى، ئىزى يوق.
ئىزى يوقتا پەقىرنىڭ
بېرىدىغان قىزى يوق.

ساۋۇت ھاجىم: ئۇنداق دېمىسىلە بېگىم، يامان بولمىدۇ، كۆپۈرلۈق بولمىدۇ. بۇ دەرىجىگە بې-رىپ يەتمەيلى.

پازىل قارىم: ئېغىزلىرىنى ئۇپراتمىسىلا. كۆ-ھەرنى تاشقا ئۇرمىسىلا، ساۋۇت ھاجىم.

سۆكەت ئۆستى، تال ئۆستى،
ئۆتمەس ماتا - مال ئۆستى.
ئۆتمۇشىنى ئۇنۇتقان،
چورۇقنى قورۇتقان
يۇسۇپبەگدەك بەندىدە
كېبرى ئۆستى، ھال ئۆستى!

يۇسۇپبەگ: ئاغزىلىرىغا بېقىمپراق جۆيلە-سىلە، قارىم! شەيتانلىرى كىچىك كۆرسىتىۋاتام-دۇ بەگ ئاكىلىرىنى؟

پازىل قارىم: شۇنداق، سۆزلىرىنى ئاغدەك ئۆزلىرىنى تېرىدىنەك كۆرسىتىۋاتىدۇ. قېنى ئېيتىپ باقسىلا، قايسى ئازگالنىڭ لېيى، قان-داق بەلەكنىڭ خەمكى سىلى؟

يۇسۇپبەگ: يۇرت - يۇرتقا داڭقى كەت-كەن بەگ نەۋرىسى ئىدىم. ئانىلىرىمىزنىڭ كۆزى ئىدىم، مەھەللىمىزنىڭ يولتۇزى ئىدىم. شۇن-داق ئارزۇلۇق ئىدىمكى، باغ ئېچىدىكى بۆرەك-نىڭ دەل ئۆزى ئىدىم!

پازىل قارىم: ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋاقتىدا كۆرەش-مۇ نېمىرىگە چىقمۇيلىپ ئوقۇغان قانلىق شىكا-يەتنامىلىرى يادىلىرىدىمۇ، بېگىم؟

يۇسۇپبەگ: (ھولۇقۇپ) نېمە - نېمە؟ يوق گەپ، قۇرۇق گەپ!

پازىل قارىم: يادىغا سېلىپ قويايلى، كەل-سىلە، ھاجىم.

ساۋۇت ھاجىم: خويما ئوبدان گەپ بول-دى. باشلىسىلا، قارىم.

پازىل قارىم، ساۋۇت ھاجىم: (ئىككى ياقتا تۇرۇپ مەدداھ ئاھاڭىدا ئوقۇيدۇ.)

بىر يېتىم مەن، يوقسۇل ئاتام تاغدا ئۆلگەن،
مىسكىن ئانام جۇدالىقتا داغدا ئۆلگەن.
يەتكۈزەلمەي ئاتا مېھرى، ئانا مېھرى،
ئون ياشقا مەن قەدەم قويغان چاغدا ئۆلگەن.

يۇسۇپبەگ: بولدى قىلىڭلار، بولدى!

پازىل قارىم، ساۋۇت ھاجىم: (داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ)

خالتا ئاستىم يۇرتمۇ-يۇرتتا نان تىلەشكە،
ئورما ۋاقتى خامان ئارا دان تىلەشكە.
قويمىسۇن ھېچ بەندىسىنى ئول خۇدايىم،
نان تىلەشكە، دان تىلەشكە، جان تىلەشكە.

يۈسۈپبەگ: ھە!؟ (ئۆتتاقلىقى تۇتۇپ، دەل-دۈگۈنۈپ كېتىدۇ.)

ساۋۇت قارىم / پازىل قارىم: بېگىم، يۈسۈپبېگىم! (يۆ-لەپ، ياتقۇزىدۇ)

پازىل قارىم: (قول- پۇتىنى ھەرىكەتلەن-دۈرگەچ) نامراتلىق- غورىبەتچىلىكنىڭ كاسا-پىتىدىن باشلىرىنى جاراھەت بېسىپ كەتىي-كەن ئەمەسمىدى؟ «بېگىم- بەگچەك» دېگەن لەقەم شۇنىڭدىن قالغان ئەمەسمىدى؟ بۇ سىرنى ئاشكارىلىمايدىغان بولساق، راستىنلا ئۇ دۇنيا-غا راۋان بولمىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ بېگىم؟ ئۇن-ئونبەش يىلدىن بۇيان داچەن-تىيىنىدىن تار-تىپ ئالتۇن-تىللاغىچە ئېلىپ-سېتىپ يۈرۈپ، چۈنتەكلىرى تومپىيىپ قالدى-ھە؟ كۆزلىرى-گە ياغ تولۇپ قالدى-ھە؟ مۇنچە قىلىپ كەت-مەيلى. ئىككى نان تېپىپلا، بىرىدە داپ چې-لىشقا ئالدىراپ كەتمەيلى. ھاجىم، زۇۋان سۈرمەيدۇ-يا؟ تىنىقى توختاپ كەتكەندەك تۇ-رامدۇ نېمە؟ تومۇرىنى تۇتۇپ باقسىلا، تو-مۇرىنى.

ساۋۇت ھاجىم: (تۇتۇپ بېقىپ) قارىم، ئۆيدىكىلەرنى تۇۋلىسىلا.

پازىل قارىم / ساۋۇت ھاجىم: كىم بار، ئۆيدە كىم بار؟!

ئەزىزە: (دېرىزىنى ئېچىپ) نېمە ئىش؟

ساۋۇت ھاجىم / پازىل قارىم: (تەشۋىشلىنىپ) يۈسۈپبې-گىم!...

ئەزىزە: ھە!؟ (يۈگۈرۈپ چىقىدۇ) دادا! (قور-قۇپ كېتىپ) ئانا!

مەلىكىخان: (چىقىدۇ) نېمە ئىش؟ (يۈسۈپ-بەگنى كۆرۈپ) ھە!؟ (ئۆزىنى ئاتىدۇ) دادىسى!

ساۋۇت ھاجىم: خېنىم سۇ ئېلىپ چىقسىلا، سۇ!

مەلىكىخان: مەن ئەپچىقاي، سەن ئاكاڭنى تۇۋلا! (ئالدىراش كىرىپ كېتىدۇ)

ئەزىزە: ئاكا! (يۈگۈرۈپ كىرىپ كېتىدۇ)

ساۋۇت ھاجىم: چېكىسىنى ئۇۋۇلىسىلا، قارىم.

پازىل قارىم: ھەي، بۇ بېشكەلچىلىكنى (ئۇ-ۋۇلايدۇ).

(مەلىكىخان سۇ ئېلىپ چىقىدۇ.)

پازىل قارىم / ساۋۇت ھاجىم: بېگىم كۆزلىرىنى ئاچسىلا.

مەلىكىخان: ئۇھ، كۆزىنى ئاچتى. دادىسى، ماڭا قارىسىلا.

(ئەزىزە بىلەن پولات-تۆمۈر چىقىدۇ.)

پولات-تۆمۈر: دادا، سىزنى مۇشۇ ھالغا كەل-تۈرگەنلەر كىم؟ مۇشۇلارمۇ؟

يۈسۈپبەگ / مەلىكىخان: بالام، ئۇنداق دېمە، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق!

پولات- تۆمۈر: دادامنى نېمە قىلدىڭلار؟ راستىڭلارنى ئېيتمايدىغان بولساڭلار!... (يەڭ شىمايلاپ دېۋەيلەپ كېلىدۇ)

مەلىكىخان: بالام سەتلەشمە، قارامسىلىق قىلما!

ئەزىزە: ئاكا، نېمانداق سارائىلىق قىلما-سەن؟ (قولىغا ئېسىلىۋالىدۇ)

پازىل قارىم: نوچى غوجام، كاككۇك غو-جام، شەھەرمۇ - شەھەردە سازايى قىلمايلى يەنە!

پولات-تۆمۈر: قىلە، سازايى قىلىشىپ باقە قېنى!

ساۋۇت ھاجىم / پازىل قارىم: (ئىككى قولىقىنى تۇتۇ-شۇپ) سازايى، يۈسۈپبەگنىڭكىگە ئەلچىلىك-كە كەلگەننىڭ سازايى!

مەلىكىخان: ۋاي ئۆلەي!...

ئەزىزە: ئانا، نېمە بولدۇڭ؟ (يۆ-لەيدۇ)

يۇسۇپبەگ: پولات-تۆمۈر، ئاناڭغا قارا!

پولات-تۆمۈر: ئانا! (يۆلىمەكچى بولىدۇ)

ئەزىزە: دادامغا قارىغىن، ئانامغا مەن ئىگە (يۆلەپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ).

پولات-تۆمۈر: دادا، سەل-بەل ياخشىلىنىپ قالدىڭمۇ؟

پازىل قارى: ھاجىم، توغرىلامدۇق؟

ساۋۇت ھاجىم: بېگىمگە نېمە دەيمىز؟ مانا خەت (يوشۇرۇن ھالدا تۇتقۇزىدۇ).

پازىل قارى: خوش، بىز قايتىلى. بەرگەن تۈز-تائاملىرىغا رازى بولساڭلا، بېگىم. بىزنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن يىگىت 200 يۈەن مائاش ئالىدۇ. ھەر ئايدا 100 يۈەندىن ئىقتىساد قىلسا، ئۇنىڭ ئايدا 1500 يۈەن، 150 ئايدا، يەنى، توپتوغرا 12 يېرىم يىلدا...

ساۋۇت ھاجىم: ئەييۇھەنناس!

پازىل قارى: بۇ داۋاندىن ئۆتۈپ بولغىچە، يىگىتىمىزنىڭ چاچ-ساقاللىرى ئاقىرىپ كېتىدىكەن. قايتۇرۇۋالسىلا ئۇنىڭمۇ مېنىڭ پاتمان تۆكمەن تېشىمنى! (خەتنى قايتۇرۇپ بېرىپ، پەس قېقىپ چىقىپ كېتىدۇ.)

يۇسۇپبەگ: ھە؟!

پولات-تۆمۈر: دادا، ئۈزۈلۈپ قالمىغىن يەنە (كۆتۈرگىنىچە ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ).

(بۇلار چىقىپ كەتكەن تەرەپتىن ئەزىز كىرىدۇ. ئىككى تىزى ۋە مەيدە-بەللىرىدىكى توپا-توزانلارنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتكەچ، ھەيرانلىق بىلەن ناخشا ئوقۇيدۇ.)

ناخشا:

ئوبدان بولدى بۇ سودا،
ئاخىرىدىكى جودا.
ئۇزۇن زامان-كۆپ زامان
ئەلچى كۆرمەس بۇ ئوردا.

مەلىكىخان: (دېرىزىدىن قىيا ئېچىپ) ئەزىزىم، نېمە ئىش بۇ؟

ئەزىزە: (ھەيرانلىق بىلەن) ھە؟

ئەزىز: ناخشا:

ئەزىزە - مەن ئىككىمىز،
قوشماق مېغىز - قوش مېغىز.
ئەمدى ئەلچى-ياللانچى
باسمىسۇن قەدەم ھەرگىز.

مەلىكىخان: ھە، مۇنداق دېگىن تېخى.

ئەزىزە: ئانا! (قوچاقلايدۇ)

ئەزىز: ناخشا:

قىيا ئوچۇق دېرىزە،
نېمە كويدا ئەزىزە.

(دېرىزىگە تەلمۈرىدۇ، ئانا بىلەن قىز ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ.)

ئەزىز:

بەگ دادىمىز بەرمەسە،
كىمگە قىلاي ئەرزە؟
خان ئانىمىز بەرمەسە،
كىمگە قىلاي ئەرزە؟

ئەزىزە: (چىقىدۇ) ئەزىز! (كۆكسىگە باش قويىدۇ)

ئەزىز: ئەزىزەم! مېنىڭ قەدىرلىكىم ئەزىزەم.

مەلىكىخان: «كۆل-كۆلى بىلەن، ئۆز خىلى بىلەن» دېگەن شۇ ئىكەن. ئىسىت...

ئەزىز: ئەزىزەم، بۈگۈنكى سودا-سېتىق ئاجايىپ قىزىپ كەتتى. ھەممىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم!

ئەزىزە: قەيەردە ئاڭلىدىڭىز؟

ئەزىز: ئۆگزىدە.

ئەزىزە: ئۆگزىدە؟

ئەزىز: دەل مۇشۇ ئۆگزىدە.

ئەزىزە: قويۇڭا چاقچاقىڭىزنى.

ئەزىز: سىز ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى ناخشىنى جاراڭلىتىپ مۇشۇ ئەتراپتا ئەكىپ

يۇرسەم، ھەي، بۇ كېلىشمەسلىكنى قارىماممەن.

ئەزىزە: نېمە بولدى؟

ئەزىز: كەمىنىڭىزگە تونۇش، لەۋزى ھالال، دىيانەتلىك ئىككى كىشى ئۆدۈل كېلەۋاتامدۇ؟

ئەزىزە: ئىككى كىشى؟

ئەزىز: ھەئە، مۇشۇ ئۆيدە مېھمان بولۇپ چىقىپ كەتكەن ساۋۇت ھاجىم بىلەن پازىل قارىم

ئەزىزە: مۇنداق دەڭ.

ئەزىز: توختا، بۇلارنىڭ كېلىشىدە بىرگەپ بار دېدىم. قارا كۆرۈنەر-قارا كۆرۈنەر مېنى، ھەقەمسايىڭىزنىڭ ھويلىسى ئارقىلىق مانا بۇ مېھمانخانا ئۆگزىسىگە چىقتىم. مورا قېشىدا شۇنداق يېتىپتىمەنكى...

ئەزىزە: ھۇ، تاشپاقا.

مەلىكىخان: (سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن دېرىزىدىن قاراپ) ياماننىڭقىنى.

ئەزىز: ئۇلار كەتتى. سۆز - چۆچەك ھەممە باققا تارايدۇ دەڭا، ئەزىزەم.

ئەزىزە: نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ؟

ئەزىز: نېمىدېگەن ئوبدان ئىش بۇ!

ئەزىزە: ھە؟

ئەزىز: خېلى ئۇزاقىچە ئەلچى-پەلچى ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئاڭغىچە كەمىنىڭىزنىڭ تەييارلىقىمۇ...

ئەزىزە: گىلەمچىلىك كارخانىسىدىن قايتىۋۇپ چىقمۇۋالمىغان بولسىغۇ، ئاز-تولا يارىدىمىم تېگەر ئىدى.

ئەزىز: مەيۈسلەنمەڭ، ئەزىزەم. جان تېنىمدە بولسىلا... (ھاياجانلىنىپ كېتىپ، دېكلاماتسىيە باشلايدۇ:)

تەندە بولسا بۇ جانىم،
چېچەك ئاچقاي ئارمانىم.
تويلۇقنى تەل قىلغىچە،
كۈتكىن مېنى جانانىم!

ئەزىزە:

ئىشەنچ بىلەن كۈتىمەن،
مېھرىڭنى ياد ئېتىمەن.
سەن بولمىساڭ ئالەمدىن
قىز پېتىچە كېتىمەن.

(پولات-تۆمۈر چىقىدۇ، يوشۇرۇن تىڭشايدۇ.)

ئەزىز: مەن بەختىيار سەن بىلەن،

ئەزىزە: مەنمۇ ئەزىز سەن بىلەن.

بىللە: ھۇر ياشايمىز جېنىمىز

ئايرىلغۇچە تەن بىلەن!

(قول بېرىپ، قۇچاقلىشىدۇ.)

پولات- تۆمۈر: قىمىرلاشما!

ئەزىزە: ماقۇل، ئاكا، ھەرگىز قىمىرلىمايلى (تېخىمۇ يېقىن تۇرىدۇ).

پولات- تۆمۈر: سەن!... ئۆت-ئۆت بۇ ياققا! (ئەزىزەنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇپ نەچچە پىرقىرىتىۋېتىدۇ)

ئەزىزە: ۋاي بېشىم! (بېشى قېيىپ كەتكەندەك ھالەت)

ئەزىز: ئەزىزەم! (يۈلىۋالماقچى بولىدۇ)

پولات- تۆمۈر: نېرى تۇر! (ئەزىزەگە) ئاكىسىنىڭ گېپىگە كىرمىگەن مەختۇمسۇلا قانداق كۈنگە قالغان؟ تۇرە بۇ يەردە، تۈز تۇر!

ئەزىزە: مانا تۇردۇم ئېلېكتر ستولبىسىدەك تۈز (تىك تۇرىدۇ).

پولات - تۆمۈر: ئېتىڭ نېمە؟

ئەزىز: ئوت- يالقۇن.

پولات - تۆمۈر: ئوت- يالقۇن؟ مۇنداقمۇ ئىسىم بولامدۇ؟

ئەزىز: پولات- تۆمۈر بار يەردە ئوت-يالقۇن بولمىسا بولامدۇ؟

(ئەزىزە ئاغزىنى توسۇۋېلىپ كۈلىدۇ.)

پولات- تۆمۈر: مەن دېگەن ئىككى ئادەم!

ئەزىز: مەنمۇ يەككە - يېگانە ئەمەس (ئەزىزەگە كۆز قىسىپ قويىدۇ).

پولات ـ تۆمۈر: چاقچاقچىلىقنى قوي! (ئەزىزگە) ئېتىمىزنىڭ مەنىسىنى دەپبەرگىنە ئۇنىڭغا!

ئەزىزە: خوش، ئاكا، ئاڭلاپ تۇرۇڭ ئوت ـ يالقۇن: كۆيۈملۈك دۇ ئاكام دېگەن سۆيۈملۈك يەنە بىر ئاكام بۇنىڭدىن 30 يىل مۇقەددەم، يەنى، پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش مەزگىلىدە تۇغۇلغان قوشكېزەك ئىكەن.

ئەزىز: شۇڭلاشقا بىرىيلەنگە پولات، بىرىيلەنگە تۆمۈر دەپ ئات قويۇلغانىكەن ـ دە.

پولات ـ تۆمۈر: ئەقلىڭ جايىدا.

ئەزىز: ئۇنداقتا، يەنە بىر ئاكىمىز؟..

ئەزىزە: مىڭلىغان شەھەر ئاھالىسىنى يېزا ـ سەھرالارغا سۈرگۈن قىلغان 70 ـ يىللىنىڭ قەھرىتان قىش پەسلىدە ئۆپكىسىگە سوغۇق تېگىپ...

ئەزىز: ھە، ساقىيالمىغانمۇ؟

ئەزىزە: ئۇ سەھرايى قىيامەتنىڭ قەيىرىدە تۈزۈكرەك دوختۇرخانا دەيسىز؟

پولات ـ تۆمۈر: ئون ئۈچ ياشقا كىرەي دەپ قالغانىدى رەھمەتلىك.

ئەزىزە: بىچارە ئانام بىلەن دادام مۇشۇ ئاكامنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، (پولاتقا ئىسلىپ) پولاتمۇ سەن، غوجام، تۆمۈرمۇسەن، غوجام؛ ئىككى ئوغۇل بولۇپ ياشاپ، ئىككى ئوغۇللۇق كۈچ بەرگىن دەپ نالە قىلىپ يىغلاپتۇ.

ئەزىز: (ئىسەدەپ يىغلاپ كېتىدۇ.)

پولات ـ تۆمۈر: (ئۆز ـ ئۆزىگە) ئەجەب كۆڭلى يۇمشاق يىگىت ئىكەن بۇ؟ (بىر ئاز يۇمشاپ) سەنمۇ ئېتىڭنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەرمەمسەن ئەمدى؟

ئەزىز: پولات ـ تۆمۈر دېگەن ئىسمىم قىزىق تۇيۇلۇپ، چاقچاق قىلىپ قويغانىدىم.

پولات ـ تۆمۈر: ئۇنداق بولسا، ھەقىقىي ئىسمىڭ نېمە؟

ئەزىزە: ئەزىزە.

پولات ـ تۆمۈر: ئۇنى قانداق بىلىسەن؟

ئەزىزە: يەتتە يىللىق ساۋاقدىشىم تۇرسا.

پولات ـ تۆمۈر: (ئەلپازىنى بۇزۇپ) نەدە ئىشلەيسەن؟

ئەزىزە: مۇنچە قوپاللىق قىلمىغىنا، ئاكا، پوچتىخانىدا ئىشلەيدۇ.

پولات ـ تۆمۈر: نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ئەزىز: سىمنى سىمغا چاتىمەن.

پولات ـ تۆمۈر: شۇنداقمۇ تېخى؟ بىرلىك ـ زىز، بىرلىك ئەزىزە؛ بىرلىك ـ ستولبا، بىرلىك سىمنى ـ سىمغا چاتقۇچى، توك تارقاتقۇچى. (تازا سىنچىلاپ) توكچى يىگىت، سەن ماڭا خېلى تونۇشتەك قىلىسەنغۇ. بۇ ناخشىنى ئېيتىپ، مۇشۇ ئەتراپنى چۆرگىلەپ يۈرىدىغان يىگىت سەنغۇ دەيمەن؟

ناخشا:

ھەر كۈنى ئاخشام ناخشا ئېيتىمەن،

ئەزىز / ئەزىزە: (ئىختىيارسىز ھالدا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

پولات ـ تۆمۈر ھەيرانلىق بىلەن توختاپ قالىدۇ.)

بىر كوچىدىن ئەگىپ كېتەلمەي،
بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،
ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي.

پولات ـ تۆمۈر: يول خېتى ئالماي سەپەرگە چىقىپ قالغان ئوخشايسەن، توكچى يىگىت. مەن ساڭا يول خېتى بېرەي، مۇنچە ئاۋارە بولماي، پەللەڭگە يېتىۋال! (ھېلىقى خەتنى تۇتقۇزىدۇ) مانا بۇ 15 يىللىق يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنىڭ يول خېتى!

ئەزىز: (خەتنىڭ ئالدىغا قاراپ) تويلۇق؟ (كەينىگە قاراپ) 15 مىڭ يۈەن؟... بولىدۇ!

ناخشا: («زىبەرخان» ئاھاڭىدا)

ئەي ئاكا، بىزنى گاداي دەپ ئويلىماڭ،
مېھرى ئىسسىق ھويلىڭىزدىن قوغلىماڭ.

پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىدۇر، مەن تا-
پۇرمەن، ئۆرگىلەي،
ئاقكۆڭۈل ئاشىق غېرىبىنى خورلىماڭ.

پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىدۇر، مەن ئۇنى تەل
قىلغىنچە،
ئۇل پەرىنى رايى يوققا زورلىماڭ.

خوش، كۆرۈشكىچە بولۇڭلار ئامان،
ئەمدى بولاي يولۇمغا راۋان.

(قىزىقچىلىق بىلەن سالام بېرىپ چىقىپ كېتىدۇ. ئەزىزە تەلپۈنگىنىچە ئۆزىتىپ قالىدۇ.)

پولات-تۆمۈر: (قايىللىق بىلەن) ھۇ، ھارامزادە.

(جەننەتنىساخان بۇۋىدىم كىرىدۇ. بىر قولىدا ھاسا تاياق بىلەن تەسۋى، بىر قولىدا كىلەڭسىز، يوغان يەلپۈگۈچ؛ تۇرۇپ-تۇرۇپ ھاسىنى توكۇلدىتىپ «تۇۋۋا - تۇۋۋا» دەپ قويىدۇ.)

جەننەتنىساخان: چۈشلىرىدىگە كىرىپ قالغانمىدىم مەن، ئەزىزە خېنىم؟ تەشنالىق، تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرۇپتىلا يولۇمغا. ئوھ، ھاۋا نېمانچە دىمىق-تىنجىق؟ ئەسسالام تاش تۆمۈر غوجام.

ئەزىزە: ئىم. (ئاغزىنى تۇتتۇۋالىدۇ)

پولات-تۆمۈر: (بانتۇ قارىۋېلىپ) نېمانداق ئىمانىمنى ئېزىقتۇرىدۇ بۇ قېرى؟

جەننەتنىساخان: (يېقىنلىشىپ) تاش تۆمۈر غوجام، ئۆزلىرىگە سالام بېرىۋاتىمەن. ھەر ئىككى قېتىملىق نىكاھ ئىشلىرىنى قونداشتۇرۇش يولىدا تاپىنى تېشىلگۈدەك ھالغا كەلگەن بۇۋى ئانىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا مۇنداق.

پولات-تۆمۈر: سىلىمۇ گاللىرىنى مايلىغا، قويۇنلىرىنى مالغا، چۆنتەكلىرىنى نەق پۇلغا تولدۇرغان غوجا ئاكىلىرىنىڭ ئېتىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا مۇنداق!

ئەزىزە: دەككىسىنى بىر يېسىدى بۇ قېرى جادىگەر!

جەننەتنىساخان. غوجام، ئاتلىرى... ھە، راست، تاش پولات ئەمەسمىدى، غوجام. تاش تۆمۈر دەپ سالغىنىمنى قارىمامدىغان. ھى - ھى - ھى...

پولات- تۆمۈر: (دوراپ) خى - خى خى!...

جەننەتنىساخان: غوجام، چىرايلىق غوجام، ئاتلىرى...

پولات-تۆمۈر: تاش چويۇن!

جەننەتنىساخان: تاش چويۇن بولسىمۇ بولسۇن، ماڭا مۇنچە تەنە-تەئەددىي قىلىپ كەتمىسىلە، غوجام. ماڭسىلا، جەننەتنىساخان بۇۋىدىم كەلدى، ساڭا بەك مۇھىم گېپى بار ئىكەن دەپ دادىلىرىنى تۇۋۇلسىلا. ۋاي نېلىمەي!.. ئۇستەلنىڭ يۇمشاقراقىدىن بىر-ئىككىنى ئالغاچ چىقسىلا.

پولات-تۆمۈر: ئىشقا بۇيرۇپ كەتكىنىنى تېخى! (دوراپ) ماقۇل، دوزاخنىساخان بۇۋىدىم. ۋاي بېلىم... تۇۋۋا - تۇۋۋا (ھاسا تاياق بىلەن ماڭغىنىنى دورىغانچە چىقىپ كېتىدۇ).

ئەزىزە: (پىخىلداپ كۈلۈۋېرىدۇ)

جەننەتنىساخان: پولات-تۆمۈرلىكىڭ قۇرۇسۇن. قۇم-شېغىل، تاش-داشقاللىغا ئايلىنىپ كەتكۈرسەن، ئىلاھىم! (بىردىنلا ئۆزگىرىپ) خېنىم، ئانىلىرىنى چاقىرسىلا؛ جەننەتنىساخان بۇۋىدىم ناھايىتى چوڭ خۇش خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ، دېسىلە.

ئەزىزە: (ئۆز-ئۆزىگە) شۇم ئېغىزىدىن خۇش خەۋەر چىققان نەدە بار؟

جەننەتنىساخان: ئوھ، نېمانچە دىمىق بۇ؟ ماڭا قارىسىلا، ئەزىزە خېنىم، تۇڭلاتقۇدا مۇزدەك سۈت باردۇ-ھە؟ بىر چىنىسە ئالغاچ چىقسىلا.

ئەزىزە، بولمىدى، بىر چېلەك ئالغاچ چىقاي (كىرىپ كېتىدۇ).

جەننەتئىساخان: ھەي... بۇ زامانىدىكى بەغەرەزلەرنىڭ خۇي-مىجەزى نېمانداق غەلەتىمدۇ؟ جەننەتئىساخان چىدا! بۇ قېتىمقى سودا ئۇنداق-مۇنداق سودا ئەمەس. ئالىدىغان نەپ، كۆرىدىغان لەززەتلىرىڭمۇ ئاز ئەمەس. چىدا! قاتتىق گەپ، سوغۇق مۇئامىلە، ئاچچىق تەنە-تەنەددىلەرنىڭ ھەممىسىگە چىدا!

(مەلىكىخان چىقىدۇ، ئالقىنىدا بىر چىنە سۈت.)

مەلىكىخان: ئەسسالام جەننەتئىساخان بۇۋۇم. (يۈز-يېقىپ كۆرۈشمەكچى بولىدۇ)

جەننەتئىساخان: ئەسسالام مەلىكىخان. (سۈتنى ئېلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىۋېتىدۇ) ئۇھ، جان-جىگىرىمنى ياشارتىۋەتتى. ۋاي ئۆلەي، «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلغىنىمنى. كەلسىلە، يۈز يېقىپقىنا بىر كۆرۈشۋالىلى، مەلىكىخان.

مەلىكىخان: (كۆرۈشۈشتىن كېيىن) ئۆيگە كىرسىلە، جەننەتئىساخان بۇۋۇم.

جەننەتئىساخان: خوش، مەلىكىخان، ئۆي تېخىمۇ دىمىقتۇ؟ ئۇھ، نېمانچە ئىسسىپ كېتىدىغاندۇ بۇ جاھان؟

مەلىكىخان: پىرقىرىغۇچنى بېسىپلا قويسام بوران چىقىرىۋېتىدۇ دېسىلە، بۇۋۇم.

جەننەتئىساخان: شامالدۇرغۇچ دېگەن نېمىنىڭ يېنىغا يولىسامىلا زۇكام بولۇپ قالىدىكەنمەن. جانغا ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا مۇشۇ ئىكەن. (ئۆزىنى يەلپۈپ) تاش تۇمۇر غوجامنى ئۇستىلىگە بۇيرىسام، مەلىكىخان، شۇ غوجامنىڭ ئېتى نېمە ئىدى؟

مەلىكىخان: پولات-تۇمۇر ئىبەمسىمۇ؟ قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالغانلا، بۇۋۇم؟

جەننەتئىساخان: ۋاي، ئېسىم قۇرۇسۇن. بۇ قوشكېزەكلەر توغرۇلۇق نەچچە قېتىم سۆزلەپ بەرگەن ئەمەسمىدىمە. (پولات-تۇمۇر كىرىپ كەتكەن ياققا قاراپ) پولات-تۇمۇر غوجام، خاپا بولماي، ئېغىر ئالماي، چىرايلىق ئۇستەلدىن بىر-ئىككىنى...

مەلىكىخان: ئۆزۈم ئېلىپ چىقاي بۇۋۇم (ئالدىراش كىرىپ كېتىدۇ).

جەننەتئىساخان: نېمانداق كەلمەيدىغاندۇ شۇ چاققىچە؟ (دەرىزا تەرەپكە بارىدۇ، يىراقلارغا بويۇنداپ قارايدۇ.)

مەلىكىخان: (بىر جۈپ ئۇستەل ئېلىپ چىقىدۇ) بۇۋۇم، نېمىگە قاراپ كېتىۋاتىلا شۇنچە؟

جەننەتئىساخان: نېمىگە بولاتتى، باشلىرىغا قونىدىغان بەخت قۇشىغا قاراۋاتىمەن، ھويلىلىرىغا چۈشۈدىغان خاسىيەتلىك شىۋىقەدىرىگە قاراۋاتىمەن! كەلسىلە، مەلىكىخان، ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل ئولتۇرسىلا. ھەيبەللى. گېپىمگە قولاق سالسىلا، پۈتۈن جان-تەنلىرى بىلەن ئاڭلىسىلا.

مەلىكىخان: خوش، بۇۋۇم، پۈتۈن ئوي-خىيالىم ئۆزلىرىدە.

جەننەتئىساخان: ئەزىزە خېنىم راستتىنلا ئەزىز بولىدىغان بولدى، ئامىتى كەلدى، بەختى ئېچىلدى! سۆيۈنچە تەييارلىسىلا، مەلىكىخان، كاتتا سۆيۈنچە!

مەلىكىخان: سۆيۈنچە ئايلانسۇن، جەننەتئىساخان بۇۋۇم. ئوچۇقراق بىر نېمە دېمەملا؟

جەننەتئىساخان: ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە، شانۇ شەۋكەتلىك بىر پادىشاھ ۋەسىيەت قىلىپتۇ: رىزقى-نېسىۋەم ئاخىرلىشىپ، ھاياتلىق شامىم ئۆچكەن ھامان ئالتۇن قەپەزدىكى دۆلەت قۇشىنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇ كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ پادىشاھ بولسۇن.

مەلىكىخان: بۇ بەك كونا گەپ، جەننەتئىساخان بۇۋۇم.

جەننەتئىساخان: جىم تۇرسىلا، مەلىكىخان، جىم. پادىشاھ ئاخىرەتكە كېتىپتۇ، دۆلەت قۇشى ئەرش مۇئەللەق ئۈستىدە پەرۋاز ئېتىپتۇ.

مەلىكىخان: ئوبدان بوۋۇم. ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا خوش بولاي، يېڭى گەپنى قىلسىلا، يېڭى گەپنى!

جەننەتئىساخان: جىم تۇرسىلا دەۋاتىمەن، جىم!... لەكمەك لەكمەك ياش - قېرى ئەر - خوتۇننىڭ قولىدا بىر پارچىدىن گۆش. يە - يە - يە. (ئاسمانغا قاراپ تەسۋىنى پۇلاڭلاتقان ھالدا رومالىنىڭ چۇشۇپ قېلىشىغىمۇ قارىماي ئالدى - كەينىگە ماڭىدۇ. ئۇستەلگە تولىتىۋرۇپ قالىدۇ، ئۆزىنى باشقۇرالماي يىقىلىدۇ.)

مەلىكىخان: بوۋۇم! (يۆلەيدۇ، توپا - توزانلىرىنى قېقىشتۇرىدۇ.)

جەننەتئىساخان: ئۇھ... دۆلەت قۇشى ھازىرمۇ ئاسماندا، سان - ساناقسىز ھۆر - پەرىزاتلار ئۇنىڭغا تەلمۈرۈۋاتىدۇ. يە - يە - يە، كەل - كەل - كەل!... ئەقىللىق قۇشنىڭ كۆڭلىدە بولسا، يەككە - يېگانە بىر ساھىبجامال، كۆز ئالدىدىمۇ شۇ ساھىبجامال! (ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ياڭرايدۇ) ئەنە، ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى. بولسىلا، مەلىكىخان بېگىمنى چاقىرسىلا، غوجامنى چاقىرسىلا. بۇ يەرنى دەرھال سەرەمجانلاشتۇرسۇن.

مەلىكىخان: ئۆيگە باشلارمىز، بوۋىم.

جەننەتئىساخان: بولسىلا، مەن دېگەندەك قىلسىلا. ئالدىغا چىققاچ تۇراي (دەرۋازا تەرەپكە ماڭىدۇ).

مەلىكىخان: (پاي-پاسلاپ) دادىسى، ھوي دادىسى!

يۈسۈپبەگ: (چىقىدۇ) ھە، نېمە ئىش؟

مەلىكىخان: بولسىلا، ياقا - يەشلىرىنى تۈزەشتۈرسىلە. مېھماننىڭ ئالدىغا چىقسىلا.

يۈسۈپبەگ: مېھمان؟ يەنە قانداق مېھمان ئىكەن ئۇ؟

(تاپاۋەتخان مەخسۇم كىرىدۇ.)

تاپاۋەتخان: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يۈسۈپبېگىم، مەلىكىخان، تىنچ - ئامانلىقتۇ؟

يۈسۈپبەگ، مەلىكىخان: خۇداغا شۈكرى، تاپاۋەتخان مەخسۇم.

تاپاۋەتخان: ئىش ئالدىراش، ۋاقىت قىس. غوجام-خېنىملارنى چاقىرسىلا. بۇ يەرنى دەرھال سەرەمجانلاشتۇرسۇن.

يۈسۈپبەگ: مېھمانخانىمىز كەڭ - كۇشادىغۇ، تاپاۋەتخان مەخسۇم؟

تاپاۋەتخان: بولسىلا دەيمەن. قالتىس ئۇلۇغزاتلار كېلىۋاتىدۇ. تار - تارچۇق ئۆيلەرنى خالىمايدۇ. بوران چىققىدىغان ھېلىقى چاقچېلەك بىلەن تېخىمۇ خوشى يوق. قېنى، يۈرسىلە؛ ھە، مەلىكىخان، ئۆزلىرىمۇ... (يۈسۈپبەگ بىلەن چەتكە ئۆتۈپ كېتىدۇ)

مەلىكىخان: مانا، ھازىر (مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىدۇ).

(جەننەتئىساخان بوۋىم زاھىر ۋەلىخان تۆرە بىلەن شەيخۇلمۇبارەكخان بەگ ھاجىنى باشلاپ كىرىدۇ.)

جەننەتئىساخان: مانا شۇ ھويلا، ھۆرمەتلىك تۆرەم جانابلىرى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قاتار - قاتار ئامبار. جاھاننىڭ مېلىنى ئېلىپ كەلسىلىمۇ سىغىدۇ. بۇ بولسا، ئەزىمىزەخېنىمنىڭ مەخسۇس ھۇجرىسى.

شەيخ: كۆڭۈللىرىگە ياقىدىغاندەك تۇرامدۇ، ھۆرمەتلىك تۆرەم؟

جەننەتئىساخان: ياقمامدىغان، بەگ ھاجىم، گۈزەل مەھبۇب، چىرايلىق ھويلا - ئىمارەت، كەڭتاشا ئامبار - سارايلارنىڭ ھەممىسى ئالقىنىغا كىرىش ئالدىدا تۇرسا. ھى - ھى - ھى. (بىردىنلا ئۆزگىرىپ) تووۋا - تووۋا - تووۋا!...

(يۈسۈپبەگ بىلەن تاپاۋەتخان مەخسۇم سافانى ئىتتىرىپ چىقىدۇ.)

جەننەتنىساخان: (تۆردىكە) بولغۇسى قېيىن ئانىلىرى يۇسۇپبەگ جانابلىرى.

تۆرە: بىلىم ئەھلىمۇ؟

جەننەتنىساخان: چالا موللا.

تۆرە: (قانائەتلەنگەن ھالدا كۈلۈپ قويىدۇ.)

تاپاۋەتخان: ئەجەب سىلىق يورغىلايدىكەن بۇ جانىۋار. سەل - پەل ئايلاندۇرايلى، بېگىم. ھەببەللى. خوش، ئەمدى مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي: مانا بۇ ئالىيجاناب بايۋەتچە — پۈتۈن جاھان مۇسۇلمانلىرىغا بەش قولىدەك تونۇش بولغان تاھىر ئەلەمخان بەگ ھاجىم ئىسىملىك مەشھۇر زاتنىڭ ئارزۇلۇق بەگزادىسى، بىردىنبىر مىراسخورى — زاھىر ۋەلەمخان تۆرەم ھەزرەتلىرى.

يۇسۇپبەگ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم زاھىر ۋەلەمخان تۆرەم ھەزرەتلىرى.

تۆرە: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بەگ ئاتا.

تاپاۋەتخان: بۇ جاناب— تاھىر ئەلەمخان بەگ ھاجىم كىراملىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك بۇرادىرى، زاھىر ۋەلەمخان تۆرەم ھەزرەتلىرىنىڭ يېقىن سەپەرداشى ۋە دانا مەسلىھەتچىسى شەيخۇلمۇبارەكخان بەگ ھاجىم كىراملىرى:

يۇسۇپبەگ: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شەيخۇلمۇبارەكخان بەگ ھاجىم كىراملىرى.

شەيخ: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ھۆرمەتلىك يۇسۇپبېگىم جانابلىرى.

مەلىكەخان: (مېھمانخانا بوسۇغىسىدا، قولىدا گىلەم،) دادىسى.

جەننەتنىساخان: بېگىم، گىلەم... (تۆردىكە) بولغۇسى قېيىن ئانىلىرى — مەلىكەخان.

تۆرە: (باش لىڭشىتىپ قويىدۇ.)

(يۇسۇپبەگ گىلەمنى قولىغا ئالىدۇ.)

مەلىكەخان: داستىخان راسلاۋېرەي (كىرىپ كېتىدۇ).

يۇسۇپبەگ: بولىدۇ، ئېزىرەك. (گىلەمنى كۆتۈرۈپ كېلىپ) خاپا بولماي، بىر تەرىپىنى تۇتۇشۇپ بەرسىلە، مەخسۇم.

تاپاۋەتخان: ئۆز ئىشىمىز ئەمەسمۇ بۇ. ئاۋايلاپراق. چاڭ - توزان چىقىپ كەتمىسۇن. ھەببەللى. يورسىلە، سافادىن يەنە بىرنى ئەپچىقىلى، بېگىم. بىردەم - يېرىمدەم ئولتۇرۇپ قالىمىز. خالىسخان قارى ھاجىممۇ كېلىدۇ تېخى (سۆزلىگەچ يۇسۇپبەگنى ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ).

جەننەتنىساخان: (ئەزىزەنىڭ دېرىزىسىگە يېقىنلىشىپ) ئەزىزە خېنىم، بىچارە ئانىلىرىغا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن. قولىغا - قول، پۇتىغا - پۇت بولسىلا ئانىلىرىنىڭ. (يان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ) ئۆزلىرىنىڭ مېھمىنى ئەمەسمۇ بۇ؟ يورسىلە. (غىجىم رومالLIQ ئەزىزەنى يېتىلەپ چىقىدۇ) تاش تۆمۈر غوجامنى تۇۋلىسىلا، ئۇستەل ئېلىپ چىقسۇن، مېھمان خېلى بار. (ئەزىزە ئاشخانا تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. جەننەتنىساخان مېھمانلارغا قاراپ) تولىمۇ نېپىز، نومۇسچان قىز.

تۆرە: (سائىتىگە قاراپ) خالىسخان قارى ھاجىم كەلمەيدىغۇ شۇ چاققىچە؟

شەيخ: خاتىرجەم بولسىلا، تۆرەم، ئۈلگۈرۈپ كېلىدۇ.

(يۇسۇپبەگ بىلەن تاپاۋەتخان مەخسۇم سافادىن يەنە بىرنى ئېتتىرىپ چىقىدۇ، قاملاشتۇرۇپ تىزىدۇ.)

تاپاۋەتخان: ساقلىتىپ قويدۇق، مالال بولمىغايلا، تۆرەم ھەزرەتلىرى. بىزنىڭ كېلىشىمىزدىن يۇسۇپبېگىم بىخەۋەر بولغاچقا...

تۆرە، شەيخ: كېرەك يوق، تاپاۋەتخان مەخسۇم جانابلىرى.

تاپاۋەتخان: يورسىلە، بېگىم، چاي شىرەسى

ئېلىپ چىقايلى ئەمدى (كىرىپ كېتىدۇ).

تۆرە: چوڭ ئانا، ئۇ بەرمىزات؟...

جەننەتنىساخان: مۇنچە بىناقسەت بولمىسىلا، تۆرەم. هازىرلا پەيدا بولىدۇ.

(يۈسۈپبەگ بىلەن تاپاۋەتخان مەخسۇم چاي شىرەسى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.)

جەننەتنىساخان: (بەلەمپەيگە يېقىنلىشىپ) ئەزىزە خېنىم، داستىخان!

يۈسۈپبەگ: ئانىسى، تېزراق!

مەلىكىخان: (مېهمانخانىدىن) مانا هازىر. (بىر پەتنۇس چوڭ نان كۆتۈرگەن هالدا چىقىدۇ. ئارقىغا ئۆرۈلۈپ) بوسۇغىدىنلا سۇنۇپ بەرگىن قىزىم. (بەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ) ۋاي پۇتۇم!... (ئاستىنقى بەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ قالىدۇ)

يۈسۈپبەگ: ئانىسى! (پەتنۇسنى قولىدىن ئالىدۇ، يۆلەيدۇ.)

جەننەتنىساخان: (بەلەمپەيگە يېقىنلىشىپ) خېنىم، ئارزۇلۇق خېنىم، بىچارە مەلىكىخانغا ئۇۋال! ئانىلىرى ئولتۇرۇپ كۆرسەتمە بەرسۇن، ماڭىدىغان يولنى ئۆزلىرى ماڭسىلا. قانداق دېدىم يۈسۈپبېگىم؟ قېنى سىلى؟ بېگىمنىڭ قولىدىكى پەتنۇسنى ئالسىلا. بېگىم، مەلىكىخاننى يۆلەپ ئەكىرىپ قويسىلا. بۇنى مەن تۇتۇپ تۇراي (پەتنۇسنى ئالىدۇ).

يۈسۈپبەگ: ماقۇل. (مەلىكىخاننى يۆلەپ ئەكىرىپ كېتىۋېتىپ) ئەزىزىم!

ئەزىزە: خوش دادا (يۈزى يېپىقلىق هالدا چىقىدۇ).

جەننەتنىساخان: قوللىرىغا ئالسىلا بۇنى. (پەتنۇسنى بېرىدۇ. تەككەندىن كېيىن) مۇنچە مەستۇرىلىكنى كىم قويۇپتۇ سىلىگە؟ (رومىلىنى شارپا شەكلىدە ئارتىپ قويىدۇ. چېكىچاچلىرىنى سەل - پەل تۈزەيدۇ.) ۋاي - ۋاي... ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتىلە ئەمەسمۇ، خېنىم! يۈرسىلە ئەمدى، مەزىنى ئۆز جايىغا قويسىلا.

(ئەزىزە پەتنۇسنى چاي شىرەسىگە قويۇپ ئارقىغا يانىدۇ، مېهمانخانىغا كىرىپ كېتىدۇ. تۆرە بىلەن شەيخۇلمۇبارەكخان هاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالىدۇ.)

جەننەتنىساخان: خان ئانىلىرى راست دەپتىكەنمۇ، تۆرەم؟

تۆرە: دىگەنلىرىدىنمۇ ئارتۇقراق ئىكەن، خان ئانا. مانا بۇ تونجى مۇكاپات! (ئالقىنىغا پۇل سېلىپ قويىدۇ)

جەننەتنىساخان: بار - يوقى شۇمۇ، تۆرەم؟ پىخسىقلىقىنى!

تۆرە: تونجى مۇكاپات دېدىمغۇ، خان ئانا؟ (يەنە ئازراق پۇل تۇتقۇزىدۇ)

جەننەتنىساخان: رەهمەت تۆرەم. (پۇلنى پايپىقى ئىچىگە يوشۇرۇپ، تەسۋى سىرىشقا باشلايدۇ، سەت ئەسنەيدۇ.) تەنها ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلاي. توۋا - توۋا - توۋا... (يانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ)

تاپاۋەتخان: (ھەسەتخورلۇق بىلەن) «بار كەتمەننى مەن چاپسام، يېتىپ يەيدۇ تەييارتاپ» دېگەندەك ئىش بولدى - دە!

تۆرە: تاپاۋەتخان مەخسۇم، ئۆزلىرىگىمۇ... (خۇپىيانە هالدا پۇل ئۇزىتىدۇ)

تاپاۋەتخان: (بۇۋىمىزنىڭكىدىن ئازراق ھېس قىلىپ، رازى بولمىغان قىياپەتتە تۇرۇپ قالىدۇ.)

تۆرە: مەخسۇم، سالسىلا يانچۇققا. (يانداپ ئۆتكەچ مەخسۇمنىڭ يانچۇقىغا پۇل سېلىپ قويىدۇ.)

تاپاۋەتخان: (ئېچىلىپ) رەهمەت، تۆرەم، بۇمۇ لازىم ئەمەس ئىدى.

(سىرتتا ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى)

شەيخ: كەلدى، تۆرەم جانابلىرى،

تاپاۋەتخان: چىقىپ باقاي (ئالدىراش چىقىپ كېتىدۇ).

تۆرە: ئېلىپ كېلەلمىگەنمىدۇ؟

شەيخ: ئانچە قىس نەرسە ئەمەسقۇ ئاق داكا دېگەن.

تۆرە: قانچە ئەرزىنى بولسا، شۇنچە ياخشى دېگەنىدىم.

(خالىسخان قارى ھاجىم كىرىدۇ، قولىدا چامادان، يېنىدا تاپاۋەتخان مەخسۇم.)

خالىسخان: ئۇھ... (چامادانىنى تۆرىنىڭ يېنىغا قويىدۇ)

تۆرە: (قول سائىتىنى كۆرسىتىپ) قارى ھاجىم؟...

خالىسخان: ئەڭ ئەرزىنىنى ئىزدەپ يۈرۈپ.

تۆرە: تېپىلدىمۇ؟

خالىسخان: مىڭ تەسلىكتە تاپسام، ھېلى بۇ پېشكەلچىلىكنى.

شەيخ / تۆرە: نېمە بولدى؟

خالىسخان: شىشە چېقىلىپ كەتتى؟

تۆرە / شەيخ: چېقىلىپ كەتتى؟

خالىسخان: سېتىۋالغان داكىنى جانابلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىككى مېتىر، ئۈچ مېتىر، بەش مېتىردىن ئۆلچەپ يىرتىۋالتام...

تۆرە / شەيخ: نېمە بولدى؟

خالىسخان: جاراڭگىدە چۈشۈپ كېتىپ، چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى.

تۆرە / شەيخ: ئىسىت!

خالىسخان: باشقا بىر شىشە ئالغاچ كەلدىم، چىرايلىق شىشە!

تۆرە: قۇرۇق ئەمەستۇ؟

خالىسخان: ھەربىرلىرىنى ساقلىتىپ قويىماي دەپ... (چامادانىدىن ئاللاھىدە ئۇسخىلىق قۇرۇق شىشىنى يوشۇرۇن ھالدا ئېلىپ كۆرسىتىدۇ)

شەيخ: زەيكەشنىڭ سۈيىنى بولسىمۇ قاچىلىغاچ كەلسىلە بولماسمىدى، قارى ھاجىم؟ ئەمدى بۇنى...

تۆرە: «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەنلەر شۇ ئىكەندە!

تاپاۋەتخان: «سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپمۇ بار بىزدە.

تۆرە: (ئويلىنىپ) مۇشۇنداق چاغدا ئەسقاتىدىغان بولسىلا، (باش بارمىقىنى ھۆللەپ پۇل ساناش ھەرىكىتى)

تاپاۋەتخان: مەخسۇم ئاكىلىرى يانلىرىدا تۇرۇپتۇ. خىزمەتلىرىگە ئولتۇرۇۋەرسىلە، تۆرەم مەن بىر چەكىپ كېلەي. (ھەر تەرەپكە ئوغرىلىقچە سەپسېلىپ، پەلەمپەي يېنىدىكى ئاپتۇۋىنى كۆرۈپ قالىدۇ.) ئاپتۇۋا! (ئېھتىيات بىلەن يېقىن كېلىپ، قولىغا ئالىدۇ، چالغۇتۇپ بېقىپ) ھەيبەللى! (بۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۆرىنىڭ قېشىغا كېلىپ) شىشىنى چىقارسىلا، تۆرەم. بىر كىم كۆرۈپ قالمىسۇن، توسۇپ تۇرۇشسىلا؛ خالىسخان قارى ھاجىم. سىلى ئۇ تەرەپكە سەپسالسىلا.

(سەھنە پېرسوناژلىرىغا يوشۇرۇن، تاماشىبىنلارغا ئاشكارا بىر ھالەتتە ئاپتۇۋىدىكى سۇ بىلەن شىشىنى تولدۇرىدۇ.)

تاپاۋەتخان: ئاغزىنى ھەم ئېتىۋەتتىم. چامادانغا سالسىلا، تۆرەم. توختىسىلا، تۆت بۇرجەك خەت تۇرمامدۇ بۇ يەردە؟ (تۈكرۈكى بىلەن ھۆلدەپ، چاپانىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈپ، ماركىسىنى چىقىرىۋېتىدۇ.)

خالىسخان: ھەيبەللى ئەمدى چاندۇرمايدىغان بولدى!

تاپاۋەتخان: بىرەر تال چەتئەل ماركىسى

بارمىدۇ تۆرەم؟ نىلون پايپاق، سۇلياۋ تاغاقنىڭ بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

تۆرە: بار - بار، چامادانىدا پايپاق بار، ماركىسىنى سويۇۋالايلى ..... مانا مەخسۇم.

تاپاۋەتخان: (شېشىگە چاپلايدۇ) ئىش بۈتتى، مانا بۇ يېڭىچە بۇزۇلمىغان جىڭ زەمزەم. سالسىلا، تۆرەم. چامادانىڭ ئىچكىرىسىگە سېلىۋەتسىلە. بۇ ھاماقەتلەرنى شۇنداق ئەپلەيمىزكى.....

تۆرە: (چامادانغا سېلىپ) ئۇھ..... (تەرلىرىنى سۈرتىدۇ، ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرىدۇ.)

شەيخ: ئۇھ، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئىز - چايغا چۈشتى.

تاپاۋەتخان: ئۆز جايىغا قويۇپ قوياي (ئاپتۇۋىنى ئېلىپ ماڭىدۇ).

(يۇسۇپبەگ قوغۇن - تاۋۇز تىزىلغان تەخسىلەرنى كۆتۈرۈپ مېھمانخانىدىن چىقىدۇ.)

يۇسۇپبەگ: تاپاۋەتخان مەخسۇم، ئاپتۇۋا كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىرى نېمىسى؟

تاپاۋەتخان: ھېچقاچىسى يوق. ئۆز ئادەم ئەمەسمۇ بىز.

يۇسۇپبەگ: پولات - تۆمۈر، ھەي پولات-تۆمۈر!.. قويسىلا ئاپتۇۋىنى، يۈرسىلە، مەخسۇم. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىدىغان كىشى بار. (قولىدىكى نەرسىلەرنى تىزىپ بولۇپ قايتىپ) ھەي پولات - تۆمۈر! (مېھمانخانىغا كىرىپ كېتىدۇ.)

(پولات - تۆمۈر ئەسنىگەن ھالدا چىقىدۇ.)

پولات - تۆمۈر: نېمانداق توۋلاۋېرىسىدىغاندۇ؟ ھە، نېمە گەپ؟ (مېھمانلارنى كۆرۈپ) ھە؟

خالىسخان: (ئەجەبلىنىپ) ئەزىزە خېنىمنىڭ ئاكىسى پولات - تۆمۈر غوجا.

ئەزىزە: (ئالما - ئامۇت تەخسىلىرىنى كۆتۈرگەن ھالدا پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ) ئاكا! (ئۆزىنىدۇ)

پولات - تۆمۈر: نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن بۇ يەردە؟

ئەزىزە: ئانامنىڭ يوتىسى قايرىلىپ كېتىپ.....

پولات - تۆمۈر: ماڭ، دىدارىڭنى كۆرسەتكۈچى بولما!

ئەزىزە: ماقۇل، ئاكا (ئۆز ئۆيىگە ئالدىراش كىرىپ كېتىدۇ).

پولات - تۆمۈر: دېرىزىنى ھەم يېپ، پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋەت!

ئەزىزە: (ئۆي ئىچىدىن) ماقۇل ئاكا (دېرىزە پەردىلىرىنى چۈشۈرىدۇ).

(يۇسۇپبەگ، پولات - تۆمۈر، تاپاۋەتخان مەخسۇم، خالىسخان قارى ھاجىم قاتارلىقلار يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىدۇ. داستىخان ياز پەسلىنىڭ مول نازۇ - نېمەتلىرى بىلەن كۆمۈلىدۇ.)

يۇسۇپبەگ: «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن، ئەزىز مېھمانلار.

تاپاۋەتخان: نازۇ - نېمەتلەرگە باقسىلا، زاھىر ۋەلىخان تۆرەم ھەزرەتلىرى، بۇ ئۆز ئۆيلىرى، يۇسۇپبېگىم — ئۆز ئاتىلىرى؛ بۇ غوجامقان - قېرىنداشلىرى.

خالىسخان: بىزمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى.

تاپاۋەتخان: جان - جىگەر تۇغقانلىرى دېسىلە، خالىسخان قارى ھاجىم.

تۆرە: (شەيخقە ئىشارەت)

شەيخ: ئالىي ھىممەت ۋە يۈكسەك مەرھەمەتلىك ئۇلۇغزات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن ئالىقىنى كەڭ، سېخىي بەگزادىمىز زاھىر ۋەلىخان تۆرەم ھەزرەتلىرى ھەر بىرلىرىنىڭ

ھوزۇرىغا ئاللاھىدە سوۋغا - سالام بىلەن كەلگەنىدى. (چامادانىنى كۆرۈنەرلىك جايغا قويىدۇ. بايەقى شىشىنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ كۆتۈرۈپ) مانا بۇ — بەيتۇلمۇقەددەسنىڭ ئەلا ئالىي سوۋغىسى - زەمزەم!

مېھمانلار: (ھاياجانلىق ئاۋاز بىلەن) زەمزەم!

تاپاۋەتخان: (سول قولىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئوڭ قولى بىلەن كۆرسىتىپ) ئاھ، زەمزەم! ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاياغلىرى ئاستىدىن بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىققان ئابىي ھايات! بىر قەترىگە ئېغىز تەككۈزۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولماق — ئىمان ئېيتقان ھەر بىر بەندىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇ-ئارمىنى ئەمەسمۇ؟

باشقىلار: بەرھەق - بەرھەق.

تاپاۋەتخان: (مەدداھ ئاھاڭىدا)

ئەي بەيتۇلمۇقەددەس شەربىتى — زەمزەم،
بۇ پانىي ئالەمنىڭ لەززىتى — زەمزەم.

خالىسخان: (قوشۇلۇپ)

مۇسۇلمان ئەھلىنىڭ شۆھرىتى — زەمزەم،
كۈچ - قۇدرەت، ئابرويى، ھۆرمىتى — زەمزەم.

تاپاۋەتخان
خالىسخان:

ھەق ئاللاھ دېگەننىڭ مۇرادى ئۆزۈك،
قاناتسىز كارۋاننىڭ قاناتى ئۆزۈك،
مادارسىز نىمجاننىڭ ھاياتى ئۆزۈك،
خۇدانىڭ ھىممىتى - شەپقىتى - زەمزەم.

تاپاۋەتخان: ئىچسىلە، يۈسۈپبېگىم؛ ئاللاھنىڭ ھەق رەسۇلى مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرەتلىرى ئىچكەن، ئېپتىها قىلغان ۋە ئاخىرقى قېتىم يۇيۇندۇرۇلغان مانا شۇ زەمزەمنى مۆجىزاتىنى بىر پىيالە ئىچسىلە.

يۈسۈپبەگ: بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم. (ئىچىۋېتىدۇ)

تاپاۋەتخان: بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم. يا داۋا، يا شىپا. پولات - تۆمۈر غوجام مۇھتەرەم ۋالىدەلىرىنى يېتىلەپ چىقسىلا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرەتلىرىنىڭ قىيامەتلىك جۆرىسى، جاھان مۆمىنلىرىنىڭ مېھرىبان ئانىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، سەۋدى، زەينەپ، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىچكەن، غۇسلى قىلغان، باش تارىغان مانا شۇ شىپانى زەمزەمدىن بىر پىيالە ئىچسۇن.

مەلىكىخان: (چىقىدۇ) ئىچەي، تاپاۋەتخان مەخسۇم، بېشىم بىلەن مېڭىپ چىقىپ بولسىمۇ ئىچەي. (يېقىنلىشىدۇ)

تاپاۋەتخان: (ئىككى قوللاپ ئۇزىتىدۇ.)

پولات-تۆمۈر: (مەخسۇمنىڭ قولىدىن ئېلىپ) ئەمدى ئىچكىن.

مەلىكىخان: بىسمىللاھىررەخمانىر رەھىم. ئۇھ، خۇداغا مىڭ شۈكرى.

خالىسخان: جانلىرى چېچەكلەپ كېتىۋاتامدۇ، مەلىكىخان؟

مەلىكىخان: چېچەكلەپ كەتمەمدىغان، خالىسخان قارى ھاجىم؟

تاپاۋەتخان: پولات - تۆمۈر غوجام، ئىچسىلە. خۇدانىڭ شىرى، تۆت چاھاريارنىڭ بىرى، مەردلەرنىڭ پىرى ھەزرىتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھۇ كىراملىرى ئىچكەن ۋە خاسىيەتلىك زۇلپىقارى بىلەن ئۇچار دۇلدۇلنى سۇغارغان خىسلەتى شىپائىدىن ئىچسىلە، ئەھلى مۆمىنلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى بارلىق ئىللەت-جاراھەتلەردىن خالىي ئەتكۈچى قۇدرەتول دەۋائىدىن بىر پىيالە ئىچسىلە.

يۈسۈپبەگ: بىسمىللا دەپ ئىچكىن، بالام.

مەلىكىخان: خۇدا بەختىڭنى بېرەر، بىر تامچىسىنى زايە قىلماي ئىچكىن.

پولات - تۆمۈر: بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم. (ئىچىۋېتىدۇ. ھېچقانداق ئالاھىدىلىك سەزمەيگەچكە، پەلىكىسىنى قوروپ قويىدۇ.)

تاپاۋەتخان: تەنلىرى قورۇلغاندەك بولمىۋاتامدۇ، غوجام! بىچىنى بۇزۇلىمىغان جىمىك زەمزەم ئەمەسمۇ بۇ؟ قارىسىلا ماركىسىغا! تاھارەتسىز ئىچىپ قالمىغانلا - ھە؟ خۇدايىمنىڭ ئۆزىگە ئامانەت.

مەلىكىخان: ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بىر قىسما قىلمىسىلا، مەخسۇم!

تاپاۋەتخان: خېنىمنى چاقىرسىلا، مەلىكىخان. بىر يۇتۇم ئىچىپ، ئىمانى قۇۋۋەت تاپسۇن، بەختى ئېچىلسۇن.

پولات - تۆمۈر: قويسىلا، مەخسۇم!

تاپاۋەتخان: غوجام، نەمدى بۇنى...

پولات - تۆمۈر: خەقنىڭ ئالدىدا ئىچىش شەرتمىكەن؟ قويسىلا! ئانام ئىچكۈزۈپ قويۇپ چىقسا بولمامدىكەن؟ (ئاچچىقى بىلەن تاماكا قۇتىسىنى ئالىدۇ)

مەلىكىخان: غوجام بالام، سەت تۇرىدۇ (سىرتتا چېكىپ كىرىش ئىشارىسى).

پولات - تۆمۈر: ئەزىزىم چىقمىسۇن جۇمۇ! (ئاشخانا تەرەپكىرەك ئۆتۈپ تاماكا تۇتاشتۇرىدۇ) تۇروبا سۈيىدىن ھېچقانچە پەرقى يوق ئىكەنغۇ زەمزەم دېگەننىڭ!

تاپاۋەتخان: (تۆرە بىلەن شەرەتلىشىۋالغاندىن كېيىن) بۇ-ئەزىزە خېنىمنىڭ نېسىۋىسى («زەمزەم»نى شىشە بىلەنلا بېرىدۇ).

مەلىكىخان: رەھمەت- ھەشقالىلا.

تۆرە: بەيتۇلمۇقەددەستىن يەنە بىر خىل ئالاھىدە سوۋغا ئالغاچ كەلگەنىدىم.

شەيخ: (چامادانىدىن ئېلىپ) زەمزەمگە چىلانغان ئاق داكا.

تۆرە: سەللە قىلىپ ئورىۋالغان، رومال قىلىپ ئارتىۋالغان ھەر قانداق مۇسۇلمان بەندىسىنىڭ بېشىغا دەرد - ئەلەملىك قىسمەتلەر يېقىن يولىمايدۇ.

شەيخ

تاپاۋەتخان: ئەلۋەتتە - ئەلۋەتتە.

خالىسخان

تۆرە: يۇسۇپبەگ ئاتىمىز بىلەن قان - قېرىندىشىمىز پولات - تۆمۈر غوجا جانابلىرىغا بىرىدىن سەللىلىك، خان ئانىمىز بىلەن ئەزىزەخانىمغا رومالىق؛ بەگ ئاتىمىز بىلەن خان ئانىمىزنىڭ خىش - ئەقرىبالىرىغا سەللە ۋە رومالىق (يۇسۇپبەگكە ئۇزىتىدۇ).

يۇسۇپبەگ: رەھمەت، زاھىرۋەلىخان تۆرەم جانابلىرى.

مەلىكىخان: رەھمەت، تۆرەم.

يۇسۇپبەگ: ئانىسى (سوۋغىنى ئۇزىتىدۇ).

مەلىكىخان: خوش. (ئېلىپ كىرىپ كېتىۋېتىپ) نېمە مۇددىئا بىلەن كەلگەندۇ بۇلار؟

يۇسۇپبەگ: خوش، نازۇ - نېمەتلەرگە بېقىشسىلا، مېھمانلار.

تۆرە: (بىر يۇتۇم چاي ئوتلىغاندىن كېيىن) قېنى، شەيخۇلمۇبارەكخان بەگ ھاجىم (سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ).

شەيخ: بەيتۇلمۇقەددەسنى ئۆز ئۆمرىدە بىر مەرتىۋە تاۋاپ قىلىش - ئىمان ئېيتقان ھەر بىر بەندىنىڭ ئەڭ ئالىي ئارزۇ-مۇرادىدۇر.

خالىسخان

تاپاۋەتخان: ئەلۋەتتە - ئەلۋەتتە.

يۇسۇپبەگ

شەيخ: ھەج قىلىش - ھىجرىيىنىڭ 5 - يىلى، يەنى بۇنىڭدىن 1400 نەچچە يىل مۇقەددەم پەرز قىلىنغان.

تاپاۋەتخان: شۇنداق. چەت ئەللەردە يارامىلىق ئورۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى

بار ئادەتتىكى ئادەملەر بۇ پەرزىنى ئادا قىلىپ، ئالاھىدە يۈز - ئىناۋەت تېپىپ كەتتى. سەيىنىڭ بېشى، كەپىنىڭ بېشى، سورۇنىنىڭ تۆرى شۇنىڭ؛ زەللىنىڭ چوڭى، ئەلتىپاتنىڭ كاتتىسىمۇ شۇنىڭ.

خالمىخان: بەزىلەر «پېرىردا» كۆتۈرۈلۈپ كەتتى دېسىلە.

تاپاۋەتخان: قالتىس باي بولۇپ كەتتى.

يۈسۈپبەگ. (ھەسەت ۋە ھەسرەت بىلەن) راست، تىنىپ كەتتى.

تاپاۋەتخان: يۈسۈپبېگىم، ئۆزلىرىمۇ خۇدانىڭ كالامىدا زىكرى قىلىنغان 28 پەيغەمبەرنىڭ بىرى بولغان يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك ئىسمى قويۇلغان ئۇلۇغزات.

خالمىخان: بەيتۇلمۇقەددەسنى بىر مەررە تاۋاب قىلىپ كېلىدىغان بولسىلا، ھاجى بېگىم، بەگھاجىم بولۇپ، ئۆمۈرۋايەت دەۋران سۈرمەملا؟

يۈسۈپبەگ: ئىنشائاللا، دېگەنلىرىدەك بولار، خالمىخان قارى ھاجىم. ئەپسۇسكى، چەت ئەللەردە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولمىغانلارنىڭ ھەج قىلىپ كەلمىكى تەس بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

(مۇشۇ سۆزنىڭ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان تۆرەم شەيخ، مەخسۇم قاتارلىقلار ئۆز ئارا ئىشارەتلەر قىلىشىدۇ.)

تاپاۋەتخان: غەم قىلمىسىلا، يۈسۈپبېگىم، غەم قىلمىسىلا. ئەڭ ئىشەنچىلىك، ئەڭ يارامىلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئۆز ئوغۇللىرى كۆز ئالدىلىرىدا تۇرمامدۇ، ئەنە!

تۆرە: ئەسسالامۇئەلەيكۇم بەگ ئاتا. (قول باغلاپ، يەرگە قاراپ تۇرىدۇ.)

شەيخ: يۈسۈپنىڭ كۆڭلىگە زۇلەيخانىڭ، مەجنۇننىڭ كۆڭلىگە لەيلىنىڭ، غېرىبنىڭ كۆڭلىگە شاھ سەنەمنىڭ، خوتەنلىك شاھزادە پەرھادنىڭ كۆڭلىگە ئەرمەنىستان گۈزىلى شېرىننىڭ ئىشقى پىراقىنى سالغان قۇدرەتلىك خۇدا، ئالىي نەسەب، يۈكسەك مەرتىۋىلىك، ھىممەت، مۇرۇۋۋەتلىك مانا بۇ تۆرەم جانابلىرىنىڭ كۆڭلىگىمۇ ... ھە، خوش ... (ئەزىزەمنىڭ ھۇجرىسىنى كۆرسىتىپ) مانا بۇ خېنىمنىڭ ...

تاپاۋەتخان: ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئەزىزە خېنىم بولىدىغان بولدى، يۈسۈپبېگىم! رەھمەت - ھەشقاللا دېسىلە.

يۈسۈپبەگ: (ئۆز - ئۆزىگە) بىر ئەجنەبىيىگىمۇ؟

خالمىخان: ھېلىمۇ بىر ئەزىزە ئىكەن، مىڭ ئەزىزە بولسىمۇ، ئىككى قوللاپ تۇتۇڭ دېسىلە، بېگىم!

تاپاۋەتخان: دۆلەت قۇشى دېگەن ھەركىمنىڭ بېشىغا قونۇۋەرمەيدۇ. غەنىيمەت پۇرسەتنى قولدىن بەرمىسىلە، بېگىم!

مەلىكىخان: (مېھمانخانىدىن باش چىقىرىپ) چەت ئەللىكمۇ؟ (پەلەمپەيدىن چۈشكەچ) رەھمەت - ھەشقاللا، تاپاۋەتخان مەخسۇم. ئۈچ ئوغۇل، ئىككى قىزىمدىن ئايرىلىپ، داغى پەرزەنتلىك ئوتىدا كۆل - قوقاسقا ئايلىنىپ كەتكەن خوتۇنمەن. ئەمدى بۇ يالغۇز قىزىمنى قارىسا كۆز يەتمەس، قىچقارسا ئۈن يەتمەس ياقا يۇرتقا بېرەلمەيمەن!

شەيخ: ئالەم ئايلىنار ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن، توختاپ قالمىغاي بىر بەندىنىڭ ئارزۇ - مۇددىئاسى، پەرياد - نالىسى، ئىلتىجاسى بىلەن.

باشقىلار: بەرھەق - بەرھەق.

(تاپاۋەتخان مەخسۇم بىلەن خالمىخان قارى ھاجىم يۈسۈپبەگنى قولتۇقلاپ چەتكە تارتىدۇ.)

تاپاۋەتخان: گەپ قىلسىلا، يۇسۇپبېگىم، بىر مەزلۇم ئالدىدا كىكەچلەپ يۈرگەنلىرى نېمىسى؟ خوتۇن يەرلىك بولۇپ قالغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق تىلسىز - زۇۋانسىز بولۇپ قالغانمۇ، بېگىم؟

خالىسخان: مۇنداق قىلسىلا، كىشىلەر سىلىنى «ياغاچ پىچاق، لاتا غىلاپ بېگىم» دېمەمدۇ؟ ئابروي - ئىناۋەتلىرى تۆكۈلمەمدۇ؟ ئەر ئەمرى ۋاجىب. بەگدەك تۇرۇپ ئەمىر قىلمامىلا بېگىم؟

شەيخ: (تۆرىنىڭ ئىشارىتى بىلەن كىچىك چامادانىدىن قىممەت باھالىق زىننەت بويۇملىرى قۇتىسىنى ئالىدۇ) يۇسۇپبەگ جانابلىرى قارىسىلا. (قۇتىدىن ئېلىپ) مانا بۇ — ئالاھىدە تەقلىدتىكى بەش كۆزلۈك زەرھالقا.

خالىسخان: (مەلىكىخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ) قارىسىلا، مەلىكىخان.

تاپاۋەتخان: قارىسىلا، بېگىم، مۇنداق ھالقىنى بۇ جاھاندا كىم كۆرگەن؟

شەيخ: مانا بۇ — جۈپ - جۈپ ياقۇت كۆز قويدۇرۇلغان ئالتۇن بىلەيزۈك.

تاپاۋەتخان: ۋاھ! (قولىغا ئېلىپ) نى - نى پادىشاھلارنىڭ خانىش - مەلىكىلىرىمۇ تاقاپ باقمىغان بولغىيتتى مۇنداق ئېسىل بىلەيزۈكنى!

شەيخ: مانا بۇ، ئالتۇن باغلىق ئالتۇن سائەت. (قۇتىسىدىن چىقارماي تۇرۇپ) قارىسىلا، مانا بۇ، قاتار - قاتار تۇرۇپ كەتكەنلەر — ئالتۇن ئۈزۈك!

تاپاۋەتخان: نېمە كارامەت بۇ، ئاللاھ!
خالىسخان:

شەيخ: مەرھەمەتلىك تۆرەم ھەزرەتلىرى ئالتۇن تاج، جىيەك، قاداق ئېلىشقىمۇ رازى تېخى!

تاپاۋەتخان: ئاڭلاۋاتامىلا، بېگىم، تۆرەم — ئۆز لەۋزىدىن يانمايدىغان ئۇلۇغزات. (قۇتىنى تۇتقۇزۇپ) ئالسىلا بۇنى، تۇتتۇم دېسىلە.

خالىسخان: بىر ئەزىزە ئەمەس، مىڭ ئەزىزە بولسىمۇ، تۇتتۇم دېسىلە.

مەلىكىخان: دادىسى! (يىغلامسىراپ تەلمۈرىدۇ)

خالىسخان: (قۇتىنى ئېلىپ) بۇنى كۆرۈۋاتامىلا، مەلىكىخان؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئەزىزە خېنىمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى.

تاپاۋەتخان: ئەھلى مۇسۇلمان تۇرۇپ، ھەر بىر بەندىنىڭ تەقدىرى قىسمىتى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىقلىق ئىكەنلىكىنى بىلمىسەك بولامدۇ؟ تەقدىرگە تەن بەرمىسەك بولامدۇ؟

خالىسخان: ئاتىلىق مېھرى - مۇھەببەتلىرى بىلەن رازى - رىزالىق بەرسىلە، بېگىم.

يۇسۇپبەگ: (بىر دەم ئارىسالدىلىقتىن كېيىن) بولىدى، رازىلىق بەردىم.

مەلىكىخان: ئاھ، ئەزىزەم! (دېرىزە تەرەپكە يۈزلىنىپ) كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كېتەرسەنمۇ جېنىم قىزىم!

ئەزىزە: (چىقىدۇ) ئانا، جېنىم ئانا!

پولات - تۆمۈر: (ئالدىراش چىقىدۇ) نېمە بولدى؟

مەلىكىخان: چەتئەللىككە ... چەتئەللىككە بەرمەكچى!

پولات - تۆمۈر: كىمنى؟ ھە، ئەزىزەنىمۇ؟ ئانامنى ئەپكىرىپ كەت!

ئەزىزە: ماقۇل، ئاكا. (ئانىسىنى قولتۇقلاپ) يۈر، ئانا (كىرىپ كېتىدۇ).

پولات - تۆمۈر: (غەزەپ بىلەن ئاستىلاپ بېسىپ كېلىدۇ) مېنىڭ سىڭلىمنى، ئەزىزەئاتلىق ئەشۇ سىڭلىمنى چەتئەلگە ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچىمۇ سىلەر؟! بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەر ئۇنىڭ تاشلىۋەتكەن تىرنىقىنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەيسىلەر!

يۇسۇپبەگ: غوجام بالام، قارىغىنا، بۇ-
لارنىڭ ھەممىسى... (زىننەت بۇيۇملىرى قۇ-
تىسىدىكى ئالتۇن ئەسۋابلارنى كۆرسىتىدۇ)
ھەممىسى ئەزىزىمنىڭ.

خالىسخان: (ئەجنەبىيلەرگە) كۆزۈڭلەرگە
ئىلىشمىغايلا. بۇ شۇنداق كەسكىن ھىجەزە،
ئوچۇق سۆز يىگىت.

تۆرە: مەلۇماتلىقمۇ؟

خالىسخان: ياق، قارا تۇرۇك.

تۆرە: ھاسسا تاياقىمىز ئەما، دېمىلە (خا-
تىرجەملىك بىلەن كۈلۈپ قويىدۇ).

تاپاۋەتخان: ياپياش تۇرۇپ ئىككى قېتىم
ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، خوتۇندىن تەلىيى كەل-
مىگەچكە، مانا شۇنداق... (ئۇرۇشقاق ھالەت-
نى دوراش)

شەيخ: بالدۇرراق دېيىشسىلە بولماسمىدى
بۇ گەپنى؟ تۆرەم ھەزرەتلىرىنىڭ شۇنداق
چىرايلىق بىر سىڭلىسى بار ئەمەسمىدى؟ بۇ
يىل قانچە ياشقا قەدەم قويىدۇ، تۆرەم؟

تۆرە: ئون يەتتىگە.

تاپاۋەتخان: ۋاھ، ئېيتمىدىگەن خاسىيەت-
لىك ئىش بۇ؟ قايچە قۇدا ـ ئالماش قۇدا دې-
گەننىڭ دەل ئۆزى ئەمەسمۇ؟ ... تۆرەم ھەز-
رەتلىرى بۇ توينى پۈتۈن ئەل ـ جامائەت
ئاغزىدا داستان بولغۇدەك دەرىجىدە ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىدۇ ـ دە، مەملىكىتىگە قايتىدۇ.
(يۇسۇپبەگكە) سىلىگە، (پولاتقا) سىلىگە،
ۋالىدەلىرىگە دەرھال ۋىزا ـ تەكلىپ قەغەزى
ئەۋەتىدۇ. شۇنداقمۇ، تۆرەم؟

تۆرە: ئەلۋەتتە، پۈتۈن يول چىقىملىرىغا
مانا مەن ئىگە!

تاپاۋەتخان: ئاڭلاۋاتامىلا، بېگىم؟

خالىسخان: ئاڭلاۋاتامىلا، غوجام؟

تاپاۋەتخان
خالىسخان : پۈتۈن يول چىقىملىرىغا
مەن ئىگە دەۋاتىدۇ!

تاپاۋەتخان: بۇ يەرنىڭ بىۋاپا قىزلىرى
نەچچە قېتىم داغدا قويمىدىمۇ سىلىنى؟
ئەمدى ئۇ ياقنىڭ ۋاپادار پەرىزاتلىرىنىمۇ
بىر كۆرۈپ باقمامدىلا، غوجام؟

پولات ـ تۆمۈر: (ئۆز ـ ئۆزىگە) ئۇنىڭدىمۇ
ئۇ قىز بالا؟

يۇسۇپبەگ: نېمە دېدىڭ بالام؟

پولات ـ تۆمۈر: ئىككى قېتىم ئۆيلەنگەن
تۇرسام.

شەيخ: ھا ـ ھا ـ ھا! ... بىز تەرەپتە ئا-
تىنىڭ ئۆزى ـ قانۇن. تاھىر ئەلىخان بەگ
ھاجىم كىراملىرى: قىزىم، مەن سېنىڭ
شەرقلىق ئىمانى كامىل مۇسۇلمان يۇسۇپبەگ
جانابلىرىنىڭ ئوغلى پولات ـ تۆمۈر غوجا
بىلەن نىكاھلىق بولۇشىڭنى قارار قىلدىم
دەيدۇ ـ دە، ئىش تامام ۋەسسالام.

تاپاۋەتخان: مەككە مۇكەررەم بىلەن مە-
دىنە مۇنەۋۋەرەمنى قانغۇدەك تاۋاپ قىلىپ،
ھاجى ھەرەمەين بولۇشىلا. كىم دېسە، جا-
ھانغا مەشھۇر تاھىر ئەلىخان بەگ ھاجىم
كىراملىرىنىڭ قۇدىسى، زاھىر ۋەلىخان تۆ-
رەمنىڭ قېيىن ئاتىسى يۇسۇپبەگ ھاجىم؛

خالىسخان: (پولات ـ تۆمۈرنىڭ دولىسىغا
ئۇرۇپ) كىم دېسە، تاھىر ئەلىخان بەگ ھا-
جىمنىڭ كۈيئوغلى، زاھىر ۋەلىخان تۆرەم-
نىڭ قېيىن ئىنىسى پولات ـ تۆمۈر غوجا.
ۋاھ، بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولامدۇ دۆلەت-
سائادەت دېگەن! شىمۇدىقەدىرىگە يولۇقنۇم دە-
ۋەرسىلە، غوجام، خاسىيەتلىك شىمۇدىقەدىرىگە!

تاپاۋەتخان: پولات ـ تۆمۈر غوجام ئىچكەن
شىپائى زەمزەم ئەمدىرەك ئۆز كارامىتىنى
كۆرسەتتى بولغاي، خېلى يۇمشاپ قالدى.
پۇرسەتنى غەنىمەت بىلسىلە، بېگىم. ھە،
گەپ قىلسىلا.

يۇسۇپبەگ: ئوغلۇم، سىڭلىڭىنىڭ رىزقى-

نېسىۋىسى ئەشۇ يۇرتلارغا چېچىلىپ كەتكەن. بولسا كېرەك. رازى - رىزالىق بىلدۈرەيلى. خۇدا خالىسا، قايچە قۇدا بولۇپ...

پولات - تۆمۈر: ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولسىلا.

تۆرە
شەيخ: قەسەمگە يارايمىز!

يۇسۇپبەگ: ئۇنداق بولسا

پولات - تۆمۈر: (قوشۇلۇپ) بىز رازى.

ئەزىزە: (ئۆي ئىچىدىن ئاۋاز) ئانا!

مەلىكىخان: (ئۆي ئىچىدىن ئاۋاز) ئەزىزەم، جېنىم قىزىم ئەزىزە!...

## ئىككىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: كۈز، كۈندۈز.

سەھنە: يەنە شۇ ھويلا. ھويلىدا بىر سافا بىلەن ئىككى ئۈستەل، بىر دانە چاي شىرەسى. ئەزىزە سافادا، قولىدا دۇتار. ئۇ، چەكسىز ھەسرەت ئىلىكىدە.

ئەزىزە: ناخشا:

نەبولغاي ناتونۇش ئەلدە مېنىڭ تەقدىرى-
ئىقبالىم؟
كېيەن بولغايمۇ يا زىننەت لىباسىم، زەرلى
رومالىم؟

تۆكەر بولسام پىغانلىق ياش بېشىمنى سى-
لىغاي كىممۇ،
پېتەرمۇ بۇ ئانا يۇرتقا زەئىپ ئاۋازىم،
ئەھۋالىم؟

قىزىل لالە كەبى ھۆسنۈم بولۇرمۇ سارغى-
يىپ سەبدە،
ئاقارغايمۇ ئەلەم ئىچرە قاراسىچىم، قارا
خالىم؟

(مەلىكىخان چىقىدۇ، بىردەم تىڭشايدۇ. ئېچىنىش ۋە ئەلەم ئىچىدە كۆز ياشلىرىنى سۈرتىدۇ. ئەزىزەگە يالۋۇرىدۇ.)

مەلىكىخان: جېنىم بالام، نېمانچە نالە-پەرياد قىلىدىغانسەن؟ بىچارە ئاناڭنىڭ يۈرىكىنى نېمانچە ئېزىدىغانسەن؟

ئەزىزە: ئانا، جېنىم ئانا، ئۆز يۈرەك پارىسىنى ھېچبىر نەجدادى كۆرۈپ باقمىغان ياقا يۇرتلارغا يولغا سېلىۋېتىشكە قانداق چىدايدىغاندۇ شۇ دادام؟ قانداق چىدايدىغاندۇ شۇ كۆيۈملۈك ئاكام؟

مەلىكىخان: جېنىم بالام، ئاچكۆز، مەنمەنچى داداڭ مال - دۇنيا، نام-شۆھرەت تاماسىدا. نادان، ھاماقەت ئاكاڭ قانداقتۇ بىرچەت ئەللىك ھۆر - پەرىزاتنىڭ ئىشقى بىلەن مەست.

ئەزىزە: ئاھ، مېنىڭ شور پېشانەم، ئاھ، مېنىڭ قارا تەقدىرىم! ... بۇ قارا تەقدىر سىرتمىقىدىن قۇتۇلالماسمەنمۇ زادى؟ ئەزىز بىلەن بىللە تۇرۇپ كۆرەش قىلالماقچۇ؟

مەلىكىخان: جېنىم قىزىم، بالىلىق قىلما. دەسلەپ ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭ يەر تەۋرەش مەزگىلىدە قازا تاپتى. ھازىرقى يىگىتىڭنىڭ قولى بەكلا قىسقا ئوخشايدۇ. تەقدىرگە تەن بەرمەكتىن بۆلەك نېمە ئامالىمىز بار؟

ئەزىزە: نېمە كۈنلەرنى كۆرەرمەن ئەشۇ يۇرتلاردا؟

مەلىكىخان: يۈرگىن، بىر پىيالە سۈت، بىر بوردا نان بىلەن بولسىمۇ ناشتا قىلىۋالغىن (ئېلىپ كىرىپ كېتىدۇ).

(جەننەتنىساخان بۇۋدىن ماردىلاپ كىرىدۇ. ئارقىدىكىلەرگە ئىشارەت قىلىدۇ. «نۇرىيە» بىلەن «مەرھابا» كىرىدۇ.)

جەننەتنىساخان: مانا مۇشۇ ئۆي. ئەزىزەنىڭ ھۇجرىسى ماۋۇ. يەنە بىر دەپ قوياي: سېنىڭ ئىسمىڭ — نۇرىيە، سېنىڭ — مەرھابا — ھە!

ئىككىسى: يادىمىزدا.

جەننەتتىنساخان: سەن—نۇرىيە، دۆلەت مەھەللىدىكى تەۋەككۇل ھاجىمنىڭ قىزى، سەن—ئابدۇسۇپۇر دامولامنىڭ.

ئىككىسى: يادىمىزدا، بۇۋىم.

جەننەتتىنساخان: مەن دېگەن گەپنىڭ ھەممىسىنى دەپ، ئىشەندۈرۈپ...

ئىككىسى: دەيمىز، بۇۋىم، خاتىرجەم بولسىلا.

جەننەتتىنساخان: ئاخشامقى زەر رومال—مۇكابات. بۈگۈنكى سىناقتىن ئۆتىدىغان بولساڭلار، مانا بۇ ھەرنىڭ قىممەت باھالىق قەھرىۋا-كۆز مونچاقلىرى. (ئىككى تىزىق قەھرىۋانى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئايلاندۇرۇپ، ئۆز يانچۇقىغا سالىدۇ.)

ئىككىسى: خاتىرجەم بولسىلا، بۇۋىم.

جەننەتتىنساخان: بۈگۈن-ئەتە ئىچىدە سۈيۈشتۈرىمەن—ھە! بېرىڭلار، مېڭىڭلار، ئەمىسە مەن چىقىپ كېتەي (چىقىپ كېتىدۇ).

ئىككىسى: (ئېھتىيات بىلەن ئىشىككە يېقىنلاپ كېلىپ) ئەزىزىم... ئەزىزە خېنىم! (مېھمانخانا پەلەمپىيى ئالدىغىراق كېلىپ) ئەزىزىم، ئەزىزە خېنىم!...

(مەلىكىخان چىقىدۇ.)

ئىككىسى: ئەسسالام خان ئانا.

مەلىكىخان: ئەسسالام قىزلىرىم (يۈز يېقىپ كۆرۈشىدۇ). قىزلىرىم، قېنى، ئۆيگە.

مەرھابا: خوش، خان ئانا، ئەزىزەمنى ئىزدەپ كەلگەنىدۇق.

نۇرىيە: ئۆزىڭىزگە دەيدىغان مۇھىم گېپىمىز، ئارزۇ-تەلىپىمىز بار ئىدى. مۇشۇ يەردىلا سۆزلىشىۋالساق.

مەلىكىخان: ماقۇل، قىزلىرىم، ماقۇل. ئەزىزە!.. قىزىم، ئاداشلىرىڭ كەپتۇ!

ئەزىزە: (چىقىدۇ، ناتونۇش قىزلارنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ.)

ئىككىسى: ئەسسالام ئەزىزە خېنىم.

مەرھابا: (قۇچاقلاپ) ۋاي چىرايلىق خېنىم، تەلەيلىك خېنىم، قانداق كىشى سىلىدەك بەختلىك بولىدىغاندۇ، خېنىم؟

نۇرىيە: ئىتەكلىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۈۋالاي ئىسمى-جىسمىغا لايىق ئەزىز بولغان خېنىم!

ئەزىزە: ئۆيگە كىرىشسىلە.

مەلىكىخان: ئۆتۈنىمەن. سافاغا تەكلىپ قىلىمەن، بالام. مەزە راسلاپ چىقاي.

ئىككىسى: (ئالدىنى توسۇپ) ئوبدان خان ئانا، بىز خوش بولۇپ كېتەيلى. سىلى ھەرگىز ئاۋارە بولمىسىلا.

مەلىكىخان: ماقۇل، قىزلىرىم، سۆزلىشىۋېرىڭلار ئەمىسە. (كىرىپ كېتىشىۋېتىپ پەلەمپەيدە توختايدۇ) نېمە تەلىپى باردۇر بۇلارنىڭ؟

نۇرىيە: ئىسمىم—نۇرىيە، دۆلەت مەھەللىدىكى تەۋەككۇل ھاجىمنىڭ قىزى.

مەرھابا: مېنىڭ ئىسمىم — مەرھابا، ئابدۇسۇپۇر دامولامنىڭ قىزى.

مەلىكىخان: ئەجەب ئىسمى چىرايلىق ئىكەن، ئېسىل ئائىلىنىڭ قىزلىرى ئىكەن. بىر-ئىككى تەخسە يەل-يېمىش راسلاپ چىقاي (كىرىپ كېتىدۇ).

نۇرىيە: ئۆزلىرىنى چەت ئەللىك بىر ئالىيجاناب شەھزادە بىلەن توي قىلىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، يۈرىكىمگە ئوت كەتتى. ئاھ خۇدا، ئەشۇ تەلەيلىك قىزغا بەرگەن دۆلەت-سائادەتنىڭ مىڭدىن بىرىنى ماڭا بېرىدىغان بولساڭچۇ! دەپ يىغلىدىم، يالۋۇردۇم، نالە قىلدىم.

ئەزىزە: ئەشۇ دۆلەت-سائادەتنىڭ ھەممىسىنى سىلىگە بېرىدىغان بولسا، بىراقلا قۇتۇلماسمىدىم مەن بۇ ئازاب-كۈلپەت ئىسكەنجىسىدىن!

نۇرىيە: خېنىم، ئوبدان خېنىم، ماڭا ئىچىملىرى ئاغرىسۇن، تېخى قىلمىسىلا. مەن بىر نىكاھلىق بولغان، ئوتتۇز ئالتە كۈنلۈكى تۇتقان. قولى قانلىق بەدپەيلى ئەرنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتقان بىر دەردمەن قىزمەن.

(مەلىكىخان ئىككى تەخسە ئالما - ئۈزۈم كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. پەلەمپەي ئەتراپىدا بىردەم توختايدۇ.)

نۇرىيە: خېنىم، چىرايلىق خېنىم، تۆرەم ھەزرەتلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ باردۇ، ئەلۋەتتە. شۇلارنىڭ بىرەرسىگە نىكاھلاپ قويىدىغان بولسا، بۇ ياخشىلىقنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايتتىم، ئۆمۈرۋايەت خىزمەتلىرىنى قىلاتتىم.

مەلىكىخان: ۋاي بىچارە قىز. (تەخسىلەرنى چاي شىرەسى ئۈستىگە قويىدۇ) باققاچ ئولتۇرۇڭلار، قىزلىرىم (كىرىپ كېتىدۇ).

ئىككىسى: رەھمەت، خان ئانا.

مەرھابا: مەن تېخى ياتلىق بولمىغان قىز. بۇ ئادىشىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن، نۇرغۇنلىغان دوست- ئاداشلىرىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى كۆرگەن، ئاڭلىغان بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ ئەرخەقلىرىدىن بەك قورقىمەن. چەتئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتىدىغانلا بولسا، سەت - چىرايلىق، ياش - قېرى دەپ ئولتۇرمايتتىم. ئوبدان خېنىم، تۆرەم ھەزرەتلىرىگە دېسىلە، مېنىمۇ ئىشچى - خىزمەتچىلىدىن بىرەرسىگە نىكاھلاپ قويسۇن. خەت-چەك توشۇيدىغىنى بولسىمۇ مەيلى، شوپۇرى بولسا تېخىمۇ ياخشى. بۇ ياخشىلىقلىرىڭنى ئۆلسەممۇ ئۇنتۇمايمەن، دېدەك قىز ئىززۇرادەك سەممىي، ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەتلىرىنى قىلىمەن.

(پولات - تۆمۈر شىركەيپ ھالدا سىرتتىن كىرىدۇ.)

پولات تۆمۈر: (سىرتتىن) ناخشا؛

ئاپپەرىيۇ - ئاي پەرى،

جان پولاتنىڭ دىلبەرى.

ئەزىزە: (ئالدىراپ) ئاكام كېلىپ قالدى!

ئىككىسى: ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

ئەزىزە: مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ تۇرۇڭلار.

پولات - تۆمۈر: (كىرىدۇ) ھە، نەگە قاچماقچى، نەگە مۆكۈنمەكچى سىلەر؟

ئىككىسى: (ئالاقىزادە بولۇپ) ھېچيەرگە، ھېچيەرگە.

پولات -تۆمۈر: كىم بۇ؟ ھە، كىمنىڭ قىزلىرى بۇ؟

ئەزىزە: مېنىڭ دوست - ساۋاقداشلىرىم.

پولات - تۆمۈر: ساۋاقداشلىرىم؟ نېمىدەپ كەپتۇ؟ ھە، ئېزىتقۇلۇق قىلغىلى كەپتىمۇ؟ بېشىڭنى ئايلاندۇرغىلى كەپتىمۇ؟

ئەزىزە: ئاكا! ... ئەستا!... ئانا، گەپ قىلغىنا ئاكامغا!

(مەلىكىخان چىقىدۇ.)

مەلىكىخان: نېمە گەپ، غوجام بالام؟

پولات - تۆمۈر: راست گېپىمنى ئېيتمايۋاتىدۇ!

مەرھابا: بىزنى ئازغۇن - ئېزىتقۇ دەپ قالغان ئوخشايدۇ.

مەلىكخان: ئۇنداق ئەمەس، غوجام بالام، بۇلار ئېزىتقۇ ئەمەس. بىزمۇ ئەزىزە خېنىم بىلەن بىللە چىقىپ كەتسەك، خېنىمنىڭ خىزمىتىنى قىلساق دەپ كەپتۇ.

پولات - تۆمۈر: مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلالامدىكەن، مېنىڭكىنى؟

ئىككىسى: چىقىپ كېتىدىغان بولساق، خىزمەتلىرىگە بىز تەييار!

پولات- تۆمۈر: (يانچۇقىدىن بىر سۈرەتنى ئېلىپ) بۇ-مېنىڭ چەتئەلدىكى رەپىقەم ئاپپەرى.

ئەزىزە: (ئۆز-ئۆزىگە) ئاسماندىكى غازنىڭ پېيى!

ئىككىسى: (يېقىن كېلىپ) راستىنىدىنلا ئاپپەرى ئىكەن!

پولات - تۆمۈر: بۇنىڭ ئۆزى-تۆرەمنىڭ سىڭلىسى.

ئىككىسى: تۆرەمنىڭ؟

پولات- تۆمۈر: توي قىلىمەن، جەزمەن توي قىلىمەن!

ئىككىسى: مۇرادلىرىڭغا يەتسىلە!

پولات- تۆمۈر: (مەرھاباغا) ماڭا قارىغىنا، مەن مەست ئەمەس، قورقما. سەن خېلى ئۇزۇكتەك قىلمىسەن. مانا بۇ ئاپپەرىنىڭ خىزمىتىنى قىل، بولامدۇ؟

مەرھابا: قولۇم كۆكسۈمدە.

پولات - تۆمۈر: ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، بويتاق چاكار - پاكارلىرىمىزنىڭ بىرەرسىگە نىكاھلاپ قويساق رازى-ھە؟

ئىككىسى: مىڭ مەرتىۋە رازى.

پولات - تۆمۈر: بولدى. چاتاق يوق. كېتەشۈر. لازىم بولغاندا «ھايت» دەيمىز.

ئىككىسى: رەھمەت-رەھمەت، كۆزىمىز يولدا (چىقىپ كېتىشىدۇ).

پولات-تۆمۈر: نى - نى قىزلار چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە. (ئەزىزەگە) كۆزىنىڭ سۈيىنى چىقىرىدۇ تېخى! ھۆشت، ئۆيگە! تەخسە - پەخسىلەرنىمۇ يىغىشتۇرغاچ، ھە، تېز رەك! (مەلىكىخان بىلەن ئەزىزەنى ئۆيگە ھەيدىگەندىن كېيىن سۇرەتكە ئۇزاققىچە قارايدۇ)

ناخشا:

ئاپپەرىيۇ - ئاپپەرى،
جان پولاتنىڭ دىلبەرى،
خوش بولغانسىز قانچىلىك،
ئاچلاپ تويىنىڭ خەۋەرى،

ئاپپەرىيۇ - ئاپپەرى،
جەۋھەرلەرنىڭ جەۋھەرى،
سىزگە قاراپ تەلمۈرۈپ،
ئاقتى كۆزنىڭ گۆھەرى.

ئاپپەرىيۇ - ئاپپەرى،
جان پولاتنىڭ دىلبەرى،
قورۇپ كەتسە مەيلىمۇ،
يارىڭىزنىڭ لەۋلەرى؟

(يۈسۈپبەگ ئاشقىرىدىن كىرىدۇ.)

يۈسۈپبەگ: پولات - تۆمۈر، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

پولات-تۆمۈر: ھېچ. (ھورۇنلۇق بىلەن ئالدىكەينىگە قاراپ قويۇپ كىرىپ كېتىدۇ)

يۈسۈپبەگ: سەۋدايىنىڭ ئۆزىلا بوپتۇغۇ بۇ. ئەزىزەمنى يولغا سالغاندىن كېيىنلا بۇنىڭ ئىشىغا تۇتۇش قىلمىساق بولمايدىغاندەك تۇرامدۇ، نېمە؟ (كىرىپ كېتىدۇ)

(ئەزىز مارىلاپ كىرىدۇ، دېرىزىگە تەلمۈرىدۇ.)

ئەزىز: يوقاپ پەردىلىرىنىمۇ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئىشىك يوچۇقىدىن قاراپ باقاي (يان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ).

ئەزىزە: (تېرىككەن ھالدا ئىشىكتىن چىقىدۇ) يەنە شۇ گەپ، يەنە شۇ گەپ! ئەجەبمۇ سىقىۋەتتى يۈرىكىمنى!

ئەزىز: ناخشا:

سەن چۈشۈمدە-ئويغۇمدا، ئەزىزەم،
خىيالىمدا -ئويۇمدا، ئەزىزەم.
ھەمراھىم سەن-چۈپتۇمسەن، ئەزىزەم،
بۇ ھاياتلىق يولۇمدا، ئەزىزەم.

ئەزىزە: (ئۆز - ئۆزىگە) يۈرىكى ئېزىلىپ كەتمىسۇن، دېمەي تۇراي شۇمخەۋەرنى.

ناخشا:

پاشلىق دېگەن ئالتۇن چاغ، ئەزىزىم،
كۆڭلىمىز كەڭ چىمەنباغ، ئەزىزىم.
مۇرادىغا يەتمىگەن، ئەزىزىم،
يۈرەكلەردە ھەسرەت-داغ، ئەزىزىم.

ئەزىز: ئالدىمىزدا بەختىمىز، ئەزىزەم،
ئەزىزە: ئانا ۋەتەن-تەختىمىز، ئەزىزىم.
ئەزىز: يۈكسەك ۋاپا-ئەھدىمىز، ئەزىزەم،
ئەزىزە: پارلاق، گۈزەل ئەتىمىز، ئەزىزىم.

ئەزىز: جىق گەپ، ئەزىزەم، بىزنىڭ ئەتىمىز گۈزەل ۋە پارلاق!

ئەزىزە: قەلبىمىز قايناق، ناخشىمىز ياڭراق!

ئەزىز: شۇنداق. قاراڭ ئەزىزەم!

ئەزىزە: ئالتۇن ئۈزۈكقۇ بۇ؟ نەدىن تاپتىڭىز؟

ئەزىز: (ناخشا) «پۇل دېگەن قولنىڭ كىرىدۇر، مەن تاپۇرمەن، ئۆرگىلەي.»

ئەزىزە: ئاي كۆڭۈل ئاشىق غېرىبنى، خورلىماڭ.

ئەزىز: كېكەچ بولۇپ قالغان ئۈن ئالغۇ، سىن ئالغۇ، كىر ئالغۇ، توڭلاتقۇ-مۇزلاتقۇ دېگەنلەرنى سايرىتىۋېتىدىغان بولۇپ كەتتىم دەڭا، ئەزىزەم. پۇل دېگەن ئۇچۇپ كېلىدىغان بولدى، ئۆزى ئۇچۇپ. ئەكىلىڭ قولىڭىزنى (ئۈزۈكنى سېلىپ قويماقچى بولىدۇ).

ئەزىزە: ياق - ياق، دادام تىللايدۇ، ئاكام دۇمبالايدۇ.

ئەزىز: يەنە بىرەر - يېرىم يىل مۇشۇنداق ئىشلىۋالسام، دۇم - دۇم- دۇم، ئاللالا!...

ئەزىزە: ئاستىراق!

ئەزىز: دادىڭىز تىللىمايدىغان، ئاكىڭىز دۇمبالىمايدىغان بولىدۇ. خەۋىرىڭىز بار، ئەزىزەم، مەرىپەتپەرۋەر خەلقىمىز ئۆزى سالغان، ئۆزى باشقۇرىدىغان تىل تېخنىكۇمى ئوقۇش باشلىدى. تويدىن كېيىن رۇسچە ئوقۇمسىز، خەنزۇچىمۇ، ئېنگلىزچە ئوقۇمسىز، ئوردۇچىمۇ، ئۆز ئىختىيارىڭىز. مېھمانخانا، سەيلى - ساياھەت ئورۇنلىرىدا ئىشلىسىڭىزمۇ مەيلى. سىز بىلەن بىللە زامانىۋى رېمونتچىلىق قىلاي دېسىڭىزمۇ ئىختىيار.

(پولات - تۆمۈر تاماكا چېكىش ئۈچۈن چىقىدۇ.)

پولات - تۆمۈر: (پەلەمپەي ئەتراپىدا) غايىب بولۇپ كەتتىمۇ ئۇ؟

ئەزىزە: ئاھ، سۆيۈملۈكۈم، ئەزىزىم!

ئەزىز: ئەزىزەم -مېنىڭ تۆمۈرلۈك مەھبۇبەم! (يېقىنلىشىدۇ)

پولات - تۆمۈر: ھەي توكچى گاداي، نېمىنى نېمىگە چېتىۋاتىسەن بۇ يەردە؟

ئەزىز: ئۆزلىرى بەرگەن يول خېتى (خەتنى ئېگىز كۆتۈرۈپ) نى مەشئەل قىلىپ، ئۇنىڭ بەش مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپىرىنىڭ تاغ - داۋانلىرىنى ئېشىۋاتىمەن!

پولات-تۆمۈر: بىلىپ قوي، ئۇ خەت ئەمدى ئىناۋەتسىز!

ئەزىز: ئىناۋەتسىز؟ لەۋزىلىرىدىن يېنىۋالماقچىمۇ سىلى؟

پولات-تۆمۈر: لەۋزىدىن يېنىۋالمىدىغان ئىشلار ئازمىدى بۇ جاھاندا؟ چىق، ئۆيدىن چىق! (يەڭ شىمايلاپ، ھۆرپىيىدۇ)

ئەزىز: بۇ...بۇ ... قانداق گەپ، ئەزىزەم؟

پولات - تۆمۈر: ئەزىزەنى تىلغا ئالغۇچى بولما دەۋاتىمەن ساڭا!

ئەزىزە: ئاكا، پەيلىڭىزنى يامان قىلمىغىنا.

ئەزىز، ئازار يەپ قالماڭ، چىقىپ تۇرۇڭ.

ئەزىز: ماقۇل، ئەزىزەم. كۆرۈشكىچە خوش!

(چىقىپ كېتىدۇ)

ئەزىزە: خوش.

پولات-تۆمۈر: يەنە بىر كۆرۈشمەك-ئۈچۈن ئۇخلاپ چۈشۈڭ! (ئەزىزەگە) كاككۇك - زەينەپ بولۇپ يۈرۈشنى ئەمدى توختاتمىلا بولارمىكىن، ئەزىزە خانىم! كىرىڭلا ئەمىلا كاتەكلىرىڭگە! (ئۇنىڭغا كىرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن) بوسۇغىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن بولىمسۇن ھېلىقى توكچى گاداي! (دەرۋازا تەرەپكە بىردەم قارىغاندىن كېيىن) ۋاھ، قالتىسقۇ!... كىشىلەر بالا باققۇچى، ئۆي خىزمەتچىسى تېپىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە. بىزگە بولسا، بايىقىدەك ئۆزى كېلىۋاتقان، يىغلاپ يالۋۇرۇۋاتقان. قاراڭلار، يەنە ئىككىسى كېلىۋاتىدۇ، توپتوغرا مۇشۇ ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆز سالاھىيىتىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي. (ساپادا تەكەببۇرانە ھالدا ئولتۇرىدۇ، تاماكا چېكىدۇ).

(شەمسىيە بىلەن قەمەرىيە خۇشال ھالدا ئىشىك كىرىدۇ).

شەمسىيە، قەمەرىيە: ئەزىزەم!...ئەزىزەم!...

پولات-تۆمۈر: (يەنە شۇنداق تەكەببۇرلۇق بىلەن) سىلەر كىم بولىسىلەر؟

شەمسىيە، قەمەرىيە: بىز-ئەزىزەمنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى، يېقىن دوستلىرى!

پولات-تۆمۈر: مۇنداق دەڭلا؟ (ئورنىدىن تۇرۇپ) دېسەم - دېمىسەم يەنە شۇ گەپ، يەنە شۇ تەلەپ. (ئۇلارنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن) كۆزنىڭ يېغىنى يېگۇدەك نېمىلەر كەن. چاكار-پاكارلىرىمىزغا زايا كېتىدىغان بولدى-دە، ئىسىت ...

شەمسىيە: نېمانچە قارايدىغاندۇ ئادەمگە؟

قەمەرىيە: شۇنى دېگىنە، ئاداش.

پولات-تۆمۈر: (ئۆزىچە خۇشاللىنىپ) راست، ئۇ تەرەپلەردە نەچچە خوتۇن ئالسا بولۇۋېرىدۇ دەۋاتامدۇ؟

شەمسىيە: ئەزىزەم بارمىدۇ؟

پولات-تۆمۈر: بار، مەن چاقىرىپ قوياي. قانداق تەلەپلىرىڭلار بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭلار، ئىجاۋەت قىلىدىغان ئادەم مانا مەن! ئەزىزەم!... (تۈزۈلمەي كىرىپ كېتىدۇ) دوست-ساۋاقداشلىرىڭ كەلدى.

قەمەرىيە: قالتىسقۇ!

شەمسىيە: ھەرقانداق تەلىپىڭ بولسا، ئىجاۋەت قىلىدىكەن. قورقماي دېگىن، قەمەرىيە (كۈلكە).

ئەزىزە: (چىقىدۇ، چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە) شەمسىيە، قەمەرىيە!

ئىككى قىز: ئەزىزە! (قىزغىن قۇچاقلىشىدۇ)

ئەزىزە: شۇنداق قىلىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلدىڭلار؟

قەمەرىيە: پۈتتۈرۈپ كەلدۇق، ئەزىزەم، ئاخىرى مۇراد-مەقسىتىمىزگە يەتتۇق!

شەمسىيە: ئەزىزەم، غەلىتە بىر گەپ ئاڭلىدۇق، راستمۇ؟

ئەزىزە: (يىغلاپ سالىدۇ) تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى سىلەر بىلەن بىللە تاماملىدىم. دۆلەتلىك ئىمتىھانغا بىللە قاتناشتىم. بەش نومۇرنىڭ تۆۋەن بولۇپ قېلىشى بىلەن سىلەردىن ئايرىلىپ قالدىم. 10 - سىنىپتا يەنە ئوقۇدۇم، دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتناشتىم. بۇ نۆۋەت 15 نومۇر يۇقىرى ئالغان بولسامۇ، بەزى قارانىيەتلەرنىڭ كاساپىتىدىن ئالىي مەكتەپ قوينىغا كىرىش بەختىدىن مەھرۇم قىلىندىم. بۇ قىسمەتكە، بۇ پاجىئەلىك تەقدىرگە گىرىپتار بولدۇم!

قەمەرىيە: بىزگە نېمانچە تار بولۇپ كېتىدىغاندۇ بۇ ئالىي مەكتەپ ئىشىكى؟

ئەزىزە: باشقىلارغا ئانچە ئەمەسمۇ؟

قەمەرىيە: (سومكىسىدىن خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ، ۋاراقلاپ) قاراپباق، ئەزىزە. مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەردە ھەر 10مىڭ ئادەم ئىچىدىكى ئالىي مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەرنىڭ نىسبىتى مۇنداق:

| | | |
|---|---|---|
| تاتار | 293 | نەپەر |
| رۇس | 282.7 | » |
| ئۆزبېك | 210 | » |
| چاۋشيەنزۇ | 167.4 | » |
| شىبە | 112 | » |
| داغۇر | 108 | » |
| موڭغۇل | 50.5 | » |
| خۇيزۇ | 50.4 | » |
| تاجىك | 36.5 | » |
| قىرغىز | 27.6 | » |
| سېرىق ئۇيغۇر | 26.1 | » |
| قازاق | 23 | » |
| ئۇيغۇر | 18.6 | » |

ئەزىزە: شۇنچە تۆۋەنمىكەنمىز؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىدەك ئالەمگە مەشھۇر ئالىملارنىڭ ئەۋلادلىرى شۇنچە تۆۋەنمىكەن؟ ئۇنداق ئەمەستۇ، قەمەرىيە.

قەمەرىيە: بۇ مەملىكەت ئىچى-سىرتىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان بىر گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ئېنىق سانلىق مەلۇمات.

شەمسىيە: مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئۆلچىمى مەملىكىتىمىزدىكى بىر مۇنچە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭكىدىن بىر-بىر يېرىم ھەسسە ئەمەس، بەلكى 10-15 ھەسسە تۆۋەن تۇرماقتا. بۇ بىزنى چوڭقۇر ئېچىندۇرۇشى، ئويلاندۇرۇشى، سەگەكلەشتۈرۈشى كېرەك!

(تاپاۋەتخان مەخسۇم، خالىسخان قارى ھاجىم، جەننەتنىساخان بۇۋىملەر ئېھتىيات بىلەن مارىلاپ كىرىدۇ)

خالىسخان
تاپاۋەتخان:
جەننەتنىساخان
مۇبارەك بولسۇن، ئەزىزە خېنىم، مۇبارەك بولسۇن!

قىزلار: (چۆچۈپ) نېمىگە؟!

تاپاۋەتخان: توي خېتى كېسىلدى، دۇمباق يېرىلدى!

ئەزىزە: مۇمكىن ئەمەس، ئەسلا مۇمكىن ئەمەس! بۇ يولدا بىر قەدەم چامدىغىنىم يوق تاھازىرغىچە!

جەننەتنىساخان: مۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغا سىلىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرەمدۇ بىزنىڭ تۆرەم؟

خالىسخان: «كۆسەي ئوزۇن بولسا، قول كۆيمەيدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمۇ سىلى، ئەزىزە خېنىم؟ تۆرەم ھەزرەتلىرى گەپ قىلسا، نى-نى ئەربابلارمۇ پىلىكتەك يۇمشاپ كېتىدىكەن. ئىش بېجىرگۈچى خادىمغا بۇيرۇق بېرىۋېرىدىكەن. (تېلېفون بەرگەن ھالەت ۋە ئاۋازدا) ۋەي - ۋەي-ۋەي!... بىر ئەزىزەنىڭ چىقىپ كەتكىنىگە ئادەم تۈگەپ قالامدۇ، توي خېتى بېرىۋەر!

تاپاۋەتخان: ئىشەنمىسىلە، كۆرۈۋالسىلا، خېنىم. (توي گۇۋاھنامىسىنى كۆرسىتىدۇ)

ئەزىزە: ئاھ! ...

شەمسىيە:
قەمەرىيە
: ئەزىزە! (يۆلەپ سافاغا ئولتۇرغۇزىدۇ)

تاپاۋەتخان: كۆلدە غاز بولمىدۇ، قىز بالىدا ناز. يۈرۈشسىلە. (ئۆيگە كىرىپ كېتىشىدۇ)

شەمسىيە: ئادەم بېدىكلىرىمۇ بۇلار؟

ئەزىزە: ....

قەمەرىيە: ئۈرۈمچىنىڭ بېدىكلىرىدەك مەدەنىي ئەمەسكەن-ھە، شەمسىيە؟

ئەزىزە: ئۈرۈمچىدىمۇ بارمۇ بۇنداق نەپسانىيەتلەر؟

قەمەرىيە: ئىككى - ئۈچ يىل مابەينىدە پەيدا بولۇپ قالدى.

شەمسىيە: بۇيەل ئالاھىدە ئاۋۇپ قالدى مۇنداق بىنومۇس ئاماگەرلەر! چەت ئەلدىن كېلىپقالغان سېسىق چۈشىنى قانات-قۇيرۇقىدىن ھەسەل تېمىپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك ھەسەل ھەرىسى دەپ مۇبالىغىلەشتۈرىدۇ بۇ قاراتىل كازراپلار!

قەمەرىيە: ھەرقايسى سەپلەردە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان ئۈمىدلىك بىخ، يارامىلىق نوتىلارنى ئۇلار تېگى-تەكتى ئېنىق بولمىغان ئەجنەبىي ئالدامچىلارغا تۇتۇپ بەرمەكتە. ئۇلارنى ۋەتەنسىز ھېسكىن، ئىگە - چاقىسىز غېرىب - غۇرۇۋانىلارغا ئايلاندۇرۇۋەتمەكتە، نابۇت قىلماقتا، بەختىگە ھەتتا ھاياتىغا زامىن بولماقتا! بۇنىڭ بەدىلىگە ئېرىشىدىغىنى بىر-ئىككى قېتىملىق زىياپەت، ئەرزىمەس سوۋغا-سالام!

ئەزىزە: بەزىلەر نېمانداق ئوينىشىدىغاندۇ بىز بىلەن، بىزنىڭ ھاياتلىق يولىمىز، تەقدىرىمىز بىلەن؟! ئاھ، ناخشا ئېيتقۇم كېلىدۇ، بار ئاۋازىم بىلەن ناخشا ئېيتقۇم، ھەسرەت-پىغانىمنى، يۈرەك خىتابىمنى پۈتكۈل ئاقكۆڭۈل، ۋىجدانلىق ۋەتەنداشلىرىمغا ئاڭلاتقۇم كېلىدۇ.

ناخشا:

نە ئۈچۈن كۆيمەس، كۆيۈنمەس بەزىلەر
ئۆز نەسلىگە،
قانغىلى قويماس نېچۈن ئارزۇ - مۇرادى
ۋەسلىگە.

(شەمسىيە بىلەن قەمەرىيە قوشۇلىدۇ)

نۇر-قۇياشلىق نەۋباھارغا زارۇ- تەشنا
مايىسىنى،
نە ئۈچۈن تاشلايدۇ جۇت كەزگەن زىمىستان
پەسلىگە؟
بىزنى ئۆستۈرگەن يېڭى دەۋران نېچۈن
قويمايدۇ چەك،
قان - يېشىمىز بەھرىدىن سەمرىيدىغانلار
نەپسىگە؟!

(چىراغ ئۆچىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)

## ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

ۋاقتى: قەھرىتان قىش، زاۋال ۋاقتى.
سەھنە: يەنە شۇ ھويلا.

مەلىكىخان ئۈن ئالغۇنى باغرىغا تاڭغان ھالدا مېڭىپ يۈرىدۇ. ئۈن ئالغۇدا ئەزىزەنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى.

ناخشا:

قىزبالا ئالتۇنمىدۇ، ياقۇتمىدۇ، گۆھەرمىدۇ،
نەرقىغە كىملەر يېتىپ نەق پۇل چىقارسا
ساتقىلى؟

مەلىكىخان: ئاھ جېنىم قىزىم، يۈتۈپ كەتكەن ئەڭگۈشتەرىم، ئېقىپ كەتكەن كۆز گۆھىرىم!...

ناخشا:

بىز يارالغانمۇ قەپەز، سىرلىق قەپەزدە ياتقىلى،
جىلۋە-ناز ئەيلەپ بىراۋنىڭ كۆڭلىنى يايراتقىلى؟
بىز يارالغانمۇ ئازاب قايناملىرىغا پاتقىلى؟

(يۈسۈپبەگ چىقىدۇ، پەلەمپەيىنىڭ يان تەرىپىدە تۇرۇپ تىڭشايدۇ.)

مەلىكىخان: ئاھ ئەزىزىم، كۆيۈملۈكۈم-ۋاپادارىم، ئەقىل چىرىغىم، كۈچ-مادارىم! . . . نەلەردە يۈرۈۋاتقانسەن، نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانسەن؟ ...

يۈسۈپبەگ: مەن مۇنداق بىر ئەزىمەتنى ئاڭلىغان:

«سەن ئەزىز ئەتكەن قۇلۇڭنى خار ئېتەلمەيدۇ كىشى،
سەن ئەگەر خار ئەيلىسەڭ ھەر جايغا بارسا خار كىشى.»

مەلىكەخان: مەنمۇ مۇنداق بىر ناخشىنى ئاڭلىغان:

قارىسام كۆزۈم يەتمەس،
قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس.
خەقنىڭ يۇرتىدا غەمكىن
مۇساپىرمەن، سۆزۈم ئۆتمەس.

يۈسۈپبەگ: مۇنداق شۇم ئېغىزلىق قىلماڭلار. قەھرىتان قىشنىڭ زاۋال پەيتىدە ھويلىغا چىقىۋالغىنىڭلار نېمىسى؟ مەھكەم قۇچاقلىۋالغىنىڭلار ئەزىزىمنىڭ ئۈن ئالغۇسى، كېچە - كۈندۈز ئاڭلايدىغىنىڭلار - ئەزىزىم قالدۇرۇپ كەتكەن مۇڭلۇق ناخشىلار. ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار، نائۈمىد بولماڭلار. نائۈمىد - شەيتان!

مەلىكەخان: بىر يۈز ئون يەتتە كۈن بولدى كۆزىمىزدىن ئۇچۇپ كەتكىلى. يا ئۆزى يوق، يا سۆزى.

يۈسۈپبەگ: قىزىمىز بەلكى ھەقىقىي ئەزىزلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەندۇ، راھەت - پاراغەت قوينىغا چۆمۈلۈپ كەتكەندۇ. ياكى پۈتۈن جاھان ئارىلاپ سەيلى - ساياھەت قىلىۋاتقاندۇ. ياكى ئالىي مەكتەپلەر قوينىدا بىلىم ئېلىۋاتقاندۇ. دەرسنىڭ جىقلىقىدىن خەت يېزىشقا يېتىشەلمەيۋاتقاندۇ. كۆيۈنوغلىمىز بىزگە، ئەزىزىم قايسى مەكتەپنى خالىسا شەرتسىز ئوقۇتىمەن دەپ قەسەم بەرگەن ئەمەسمۇ؟

(پولات - تۆمۈر ئەلپازى بۇزۇلغان ھالدا كىردۇ.)

پولات - تۆمۈر: يەنە كىسەل ئىمىدىمۇ بۇ چېتىكەش؟ خەت - خەۋەر يوقمۇ؟ تېلېفون - تېلېگرام يوقمۇ؟ ۋىزا - پىزا يوقمۇ؟

مەلىكەخان: يوق. تولا تەلمۈرۈپ، كۆز كۆھەردەم ئېقىپ كەتكۈدەك بولدى. بۈگۈنمۇ يەنە كىرىپ قاقىماي تۈننى تاڭغا ئۇلايدىغان بولدۇم. ئاھ، جېنىم قىزىم، نەلەردە يۈرۈۋاتقانسەن، نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانسەن؟ ...

پولات - تۆمۈر: ھەممىنى قىلغان مۇشۇ دادام، ئاچكۆز، مەنمەنچى دادام!

يۈسۈپبەگ: سەن! ... ھەي ھاماقەت، سەن نېمە دەۋاتىسەن!؟

مەلىكەخان: بولدى، ئۆزلىرىدىكە ھاي بەرسىلە.

پولات - تۆمۈر: كىشىلەر ئۈجمە سايىسىنى ئاق تەڭگىگە ساتقان باي ھەققىدە قانداق قوشاق توقۇغان؟

يۈسۈپبەگ: بەس!

پولات - تۆمۈر:

چىقىر ئۈجمە سايىسىنى
ئاق تەڭگىگە ساتقان باي.
ھويلىسىدىن چىقالماي،
چاشقان بولۇپ ياتقان باي.

مەلىكەخان: بالام، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق چاغدا، ئاتام زامانىسىدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرمىسەڭچۇ!

پولات - تۆمۈر: دادام توغرۇلۇقمۇ قوشاق چىقماي قالمايدۇ تېخى!

يۈسۈپبەگ: تىلىڭنى تارت!

پولات - تۆمۈر: (قوشاق)

چاقى سۇنغان ھارۋىنى
دۆڭ داۋانغا تارتقان بەگ.
مەنمەنچىلىك يۈكىنى
يەلكىسىگە ئارتقان بەگ.

يۇسۇپبەگ: چۈشىنىمەن!

پولات - تۆمۈر:

سېرىق ئالتۇن- تىللاغا
ئىمانىنى ساتقان بەگ.
ئەجنەبىيگە قىز بېرىپ،
غەم - غۇسسىگە پاتقان بەگ.

يۇسۇپبەگ: تىلىڭنى تارت دەيمەن! (بىر كاچات سالىدۇ) مەن ئېۋنى مال - دۇنياغا ساتتىممۇ؟ ئالتۇنغا ساتتىممۇ؟ دە، بىر پۇڭ، بىر مىسقال ئالتۇننى ئېلىپ قالدىمۇ ئۇنىڭ؟ چوڭ ئانىسىنىڭ تەۋەررۇكى بىلەن بىز ياسىتىپ بەرگەن ھالقا - ئۈزۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ يولغا سالمىدۇقمۇ تېخى؟... غەم - غۇسسە قويىنىغا پاتقىدەك مىشمەن. خى! ... بىلەمسىلەر، مېنىڭ ئارزۇلۇق قىزىم، ئەقىللىق قىزىم-نەزىرىم چەكسىز ھوزۇر - ھالاۋەت ئىچىدە يۈرۈۋاتىدۇ، جاھان كۆرۈۋاتىدۇ، دەۋران سۈرۈۋاتىدۇ. بىلەمسىلەر، ئۆز بەختىدىن كۈلۈۋاتىدۇ، خەندان ئۇرۇۋاتىدۇ!

(ساۋۇت ھاجىم كىرىدۇ، مەلىكىخان يۈزىنى يېپىپ كىرىپ كېتىدۇ.)

ساۋۇت ھاجىم: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم يۇسۇپبېگىم، پولات - تۆمۈر ئوجام، خەت - خەۋەر بارمىكىن؟

يۇسۇپبەگ / پولات - تۆمۈر: ۋائەلەيكۇم ئەسسالام ساۋۇت ھاجىم.

پولات-تۆمۈر: خەت - خەۋەرگە تەشنا بولۇپ تۇرغىنىمىز-تۇرغان مانا شۇنداق!

ساۋۇت ھاجىم: ئۇنداق دېمىسىلە، پولات - تۆمۈر غوجام، ئىمان ئېيتقان بەندىگە ياراشمايدۇ مۇنداق يالغانچىلىق!

پولات - تۆمۈر: ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك، جاراھەت ئۈستىگە تۇز سەپكەندەك گەپلەرنى قىلىۋاتىدۇ-يا؟ (ساۋۇت ھاجىمغا) يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق قىلىپتۇقمۇ بىز؟ قاچان، كىمنى ئالداپتۇق؟ نېمىدەپ ئالداپتۇق؟!

ساۋۇت ھاجىم: مەن دەپ قوياي: ئەلپازلىرىنى مۇنچە يامان قىلىشمىسىلا ھە! ئاران - ئاران تۇرۇۋاتىمەن، ئالدىلىرىدا قارنىمنى چۇۋۇپ بەرمەي يەنە! ئاز پۇلمۇ يىگىرمە بەش مىڭ يۇەن دېگەن؟!

يۇسۇپبەگ / پولات - تۆمۈر: يىگىرمە بەش مىڭ يۇەن؟

ساۋۇت ھاجىم: تويىنى قالتىس داغدۇغىلىق ئۆتكۈزىمەن دەپ چىقىمدار بولۇپ كەتتىم. يۇرتۇمغا بېرىپلا مال ئەۋەتىمەن، ئامېرىكا دوللىرى ئەۋەتىمەن، ۋىزا ئەۋەتىمەن دېسە... ھەي! ... سىلىنىڭ يۈز - خاتىرىلىرىنى قىلمايدىغان بولسام، بىر موچەن بېرەرمىدىم ئۇ ئالدامچىغا!

پولات - تۆمۈر: قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ؟! (خۇمارى تۇتىدۇ، پەلەمپەي ئەتراپىدا تاماكا تۇتاشتۇرۇپ) رەستىگە چىقسام لا نەچچىسى سوراۋاتقان: پولات - تۆمۈر خەتپەت بارمۇ ئۇ تەرەپلەردىن؟

(پازىل قارىم كىرىدۇ)

پازىل قارىم: ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يۇسۇپبېگىم، ساۋۇت ھاجىم.

پولات- تۆمۈر: بۇ نېمىدەپ كەلگەندۇ ئەمدى؟! (كىرىپ كېتىدۇ)

يۇسۇپبەگ / ساۋۇت ھاجىم: (بىردەملىك تېگىرقاشتىن كېيىن) مۇبارەك بولسۇن، پازىل قارى ھاجىم، بەيتۇلمۇقەددەسنى تاۋاپ قىلىپ، ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىپلا.

يۈسۈپبەگ: خۇدانىڭ بەيتىگە ياققان پېشانىلىرىگە بىر سۆيەي (سۆيىدۇ).

ساۋۇت ھاجىم: مېنىا تېخىدا شەيتانغا تاش ئاتقان قوللىرىغا بىر سۆيەي. (سۆيۈپ) ھېلىقى شەيتاننى كۆردىلىمۇ، قارى ھاجىم، زاھىر ۋەلىخان تۆرە بىلەن شەيخۇلمۇ بارەكخان بەگ ھاجى ئىسىملىك ئىككى شەيتاننى!؟

يۈسۈپبەگ: مېنىڭ ئارزۇلۇق قىزىم-ئەزىزىم بىلەن كۆرۈشكەنلا-ھە؟ ئۇ، قانداق تۇرۇپتۇ؟

ساۋۇت ھاجىم: (بىر قولىدىن تارتىپ) ئېيتىسىلا، قارى ھاجىم، ئۇ ئالدامچىلار نېمە دەيدۇ؟

يۈسۈپبەگ: (بىر قولىدىن تارتىپ) ئېيتىسىلا، مېنىڭ قىزىم سەمرىپ قاپتىمۇ؟

ساۋۇت ھاجىم: مېنىڭ 25 مىڭ يۈەن پۇلۇمغا قانداق جاۋاب بېرىدىكەن؟

يۈسۈپبەگ: ئالاھىدە ياسىتىلغان ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ئۈزۈكلەر قولىدىمىكەن؟ بەش كۆزلۈك ھالقىسى قۇلىقىدىدۇ؟

پازىل قارىم: (قولىنى سىلكىپ) جىم!

يۈسۈپبەگ
ساۋۇت ھاجىم : خوش.

پازىل قارىم: بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئادرېس بويىچە نەچچە كېچە-كۈندۈز ئىزدىدىم، سۈرۈشتۈردۈم. ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ قىيىنىپ كەتتىم. ئەپسۇسكى...

ساۋۇت ھاجىم
يۈسۈپبەگ : ھە، نېمە بولدى؟ ئېيتىسىلا، قارى ھاجىم، ئۇ ئالدامچىلار...

پازىل قارىم: ھېچكىمگە قارىسىنى كۆرسەتمەيدىكەن، قۇيرۇقىنى تۇتقازمايدىكەن!

ساۋۇت ھاجىم: ئاھ، 25 مىڭ يۈەن! (ئەسەبىيلىشىپ) ئەرز قىلىمەن، ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىمەن! (چىقىپ كېتىدۇ)

پازىل قارىم: قايتىش سەپىرىمدە بۇ ئەركىن دۇنيانىڭ، مەدەنىي دۇنيانىڭ دۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىنىمۇ بىر كۆرۈپ باقاي دەپ، دۆلەتلەرنى ئارىلاپ مېڭىپتىمەن-مېڭىپتىمەن-مېڭىپتىمەن....

يۈسۈپبەگ: (سايىدەك ئەگىشىپ) ھە-ھە...

پازىل قارىم: نى-نى ئېگىز بىنالار، ئاسمانپەلەك ئىمارەتلەر...

يۈسۈپبەگ: (قولىنى سايىۋەن قىلىپ ئاسمانغا قاراپ) ھە-ھە.

پازىل قارىم: بىر بىنانىڭ ئالدىغا ئېۋېتىلگەن ئاجايىپ-غارايىپ رەڭلىك سۈرەتلەر.

يۈسۈپبەگ: (ھاڭۋېقىپ قارىغان ھالەتتە) ھە، قارى ھاجىم، رەڭلىك سۈرەتلەر.

پازىل قارىم: قارا، ئۇنىڭغا قارا! دېگەندەك بولدى. (بىردىنلا جىددىيلىشىپ، پېشانىسىغا بىرنى ئۇرۇپ) يا ھەزرەت، يا پاناھ! (شۇ رەسىمگە قارىغان ھالەتتە ياقىسىنى قاماللاپ) نېمە قىسمەتلىرىڭدۇ بۇ، خۇدايىم، نېمە كارامىتىڭدۇ بۇ، خۇدايىم؟! ... (يۈسۈپبەگ توساتتىن يادىغا كېلىپ، ئۆز ئاغزىغا بىرنى ئۇرۇپ) ھەي ئىسىت، نېمىشقىمۇ ئېچىپ سالغاندىمەن بۇ گەپنى!

يۈسۈپبەگ (تېگىرقاش ئىچىدە) ھاجىم، قارى ھاجىم، ئۇ بىنا؟ ...

پازىل قارىم: بېگىم سىلى سورىمىسىلا، مەن ئېيتماي. ئويلىسام يۈرىكىم ئۆرتىنىدۇ، سۆزلىسەم تىلىم!

يۈسۈپبەگ: بۇ، نېمە گەپ، قارى ھاجىم؟

پازىل قارىم: ئۇلۇغ ئاناۋەتەن چېگرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا پۈتۈن ئىنسانىي ئەركىنلىكىدىن، كىيىم-كېچەك، زىبۇ-زىننەتلىرىنىڭ ھەممىسىدىن، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپتۇ. مەلۇم مەزگىلدىن كېيىنلا كىشىلىك

غورۇرىنى، ۋىجدانىنى، ئىمانىنى كۆيدۈرۈپ ئۆرتەيدىغان بۇ پاجىئەلىك دوزاختا تاشلىمەپتۇ!

يۈسۈپبەگ: (دەرمانسىزلىنىپ) بىچارە قىزىم...

پازىل قارىم: مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن بۇ ئېغىر كۈنلەر ھېچبىر ئۇيغۇر قىزىنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن، — دېدى ئەزىزىم بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان تۆككەن ھالدا، — يۈرەك - قەلبىمنى ئۆرتىگەن بۇ ئىزا - ئاھانەتلەر ھېچبىر ئۇيغۇر قىزىغا يېقىن يولىمىسۇن! مانا بۇ ئۇلۇن ئالغۇ لېنتىسىنى ئالغاچ كەتسىلە. نالە - پەريادىمنى ئاڭلىسۇن مېنىڭ سۆيۈملۈك ۋەتەنداشلىرىم! ئاڭلىسۇن بارلىق قىز دوستلىرىم! ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان نوماق سىڭىللىرىمنىڭ ھەممىسى، ھەممىسى ئاڭلىسۇن، ئويلىسۇن، تەپەككۇر قىلسۇن! (ئۇلۇن ئالغۇ لېنتىسىنى يۈسۈپبەگكە بېرىدۇ)

يۈسۈپبەگ: قىزىم، جېنىم قىزىم. (لېنتىنى باغرىغا باسىدۇ. خۇددى يوقاتقان ھالدا) پولات - تۆمۈر، ھەي پولات - تۆمۈر، ئاناڭنى چاقىر! ئۇلۇن ئالغۇنى ئالغاچ چىق، ئۇلۇن ئالغۇنى! (ئېسىگە كېلىپ) ياق، كېرەك ئەمەس، ئۇلۇن ئالغۇ كېرەك ئەمەس!

(مەلىكىخان بىلەن پولات - تۆمۈر ئۇلۇن ئالغۇنى كۆتۈرگەن ھالدا پايپاسلاپ چىقىدۇ.)

پولات-تۆمۈر: بۇ قانداق گەپ؟ بىردەم ئۇنداق - بىردەم بۇنداق. (دادىسىنىڭ قولىدىكى لېنتىنى كۆرۈپ) بۇ، نېمە؟ بۇ قايسى لېنتا؟

يۈسۈپبەگ: (يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ) بۇ—بۇ...

پازىل قارىم: ئەزىزەمنىڭ ئاۋازى.

مەلىكىخان: ئەزىزەمنىڭ! (ئېڭىلىپ بېرىپ ئېلىۋالىدۇ)

پولات-تۆمۈر: ئانا، ئاڭلايلى! (ئېلىپلا ئۇلۇن ئالغۇغا سالىدۇ)

(ئۇلۇن ئالغۇدىن ئەزىزەنىڭ ناخشىسى)

ئۆز ۋەتەندىن بىر ئۆمۈر ئايرىلمىغىن ئۇيغۇر
قىزى،
ئۆز ۋەتەننىڭ قوينىدا بەختىڭ - مۇرادىڭ
يۇلتۇزى.
ھېچ كىشى قىلغان ئەمەس ھېچ كىمگە تە-
لەي ھەدىيە،
ئۆز يولى، ئۆز بەختىنى تاللايدۇ ھەركىم-
نىڭ ئۆزى.

(ئەزىزەنىڭ خىيالىي ئوبرازى يىراقتىن كۆرۈنىدۇ، بارغانچە يېقىنلىشىدۇ. ناخشا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ.)

ئۆزگە يۇرتتىن بەخت-مۇراد ئىزدەيدۇ سەۋ-
دايى نادان،
مەن كۆرۈپ ئۆتكەن ئەلەمنى كۆرمىسۇن
ئىنسان كۆزى،

تەكرارى:
سەن ئىشەن، ئۇيغۇر قىزى،
ئۆز يۇرتتا بەختىڭ يۇلتۇزى.

يۈسۈپبەگ
مەلىكىخان: ئەزىزە، ئاھ، ئەزىزە!
پولات-تۆمۈر
(چىراغ ئۆچىدۇ، پەردە چۈشىدۇ.)

1988 - يىل ئۆكتەبىر—نويابىر، ئۈرۈمچى



# ئاھ، پىر



(پوۋېست)

توختى ئايۇپ

1

بۇ مەھەللىنىڭ ئىمرەن تاش ئۆستەڭلىرى-
دە، ئىككى قېشىدىكى ياپيېشىل قىياق بىلەن،
خۇش-پۇراق يالپۇز، ياۋا رەيھان... ئات يا-
لىسىدەك يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ئەگرى-بۈگرى
ئېرىقلىرىدا باش ئەتىيازدىن كەچكۈزگىچە
شەبنەمدەك سۈپسۈزۈك ئەلۋەك تاغ سۈيى توخ-
تىماي ئېقىپ تۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ سېغىز ئا-
رىلاش قۇمساڭغۇيېرى — باغلىرى، ئېتىزلىرى
ئاشۇ تاغ سۈيىنىڭ ھىممەت-بەركىتى بىلەن-
مىكىن، بۇ مەھەللىدىكى دېھقانلارغىلا ئە-
مەس، يىراق-يېقىندىن كېلىپ-كەتكۈچىلەر-
گىمۇ جانغا جان، ئۆمۈرگە ئۆمۈر قوشىدىغان ئارادى
جەننەتكە، ھەل-ھەل پىشقان پاقلان گۆ-
شىگە، لىگەندە لىغىرلاپ تۇرغان ئاپئاق قۇي-
رۇق ياغقا ئوخشاش ئەتىۋار ھەم ئىشتىھالىق
بولۇپ كۆرۈنەتتى. خام قايماقتەك مۇنبەت
يەر، يەرگە ياغدەك ياقىدىغان، ئاشۇ يېقىشى
بىلەن يىلنىڭ ئون ئېيىدا توختىماي ئېقىپ
تۇرىدىغان ئەلۋەك تاغ سۈيى... مانا بۇلار
مەھەللىدىكى دېھقانلارنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى.
ئۇلار پەقەت تەبىئەتنىڭ ئەشۇ ھىممەت-

نەمۇنىسى بىلەنلا ئۆزلىرىنى خۇددى باغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئەمەس - تەشۋىشسىز، ئازادە بىر دۇنيا ئىچىدە ھېس قىلىشاتتى. دېمەسسەمۇ شۇنداق، بۇ مەھەللىدە بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن جەننەتتەك گۈزەل ئاجايىپ باغلار بار، بۇ ناھىيىنىڭ ئەلگە مەشھۇر ئۆرۈكىنىڭ داڭلىق، ئەلا سورتلىرى پەقەت مۇشۇ مەھەللىنىڭ باغلىرىدىنلا چىقىدۇ. بۇ مەھەللىنىڭ خىسلەت - ھىممىتى يالغۇز بۇلا ئەمەس، بۇ يەردىكى دېھقانلار باغلىرىنىڭ شەربەتتەك ئۈزۈم - شاپتۇللىرى، ئېتىزلىرىدىن چىقىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي، قوناق، پاختىلىرى بىلەنمۇ ناھىيە ئىچىدىلا ئەمەس، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەملىكەت ئىچىدىمۇ بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن.

ئىيون ئايلىرى... ئۆرۈكنىڭ ئۆزىگە تەبىئەتتىكى شىرىنلىكنىڭ تەڭداشسىز لەززەت - جەۋھەرىنى يىغىپ، ھەسەلدەك تاتلىق مەي باغلاپ پىشىپ كېتىدىغان ۋاقتى. قويۇق شاخ... كۆك ياپراق... ياپراق ئارىسىدا ياز قۇياشىنىڭ ئوچۇق، ئىسسىق ئاپتىپىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، سانجاق - سانجاق تىزىلىپ كىرەلىشىپ كەتكەن كىشمىش ئۆرۈك. ئۇنىڭ خۇش بۇيى، ئۆزگىچە لەززەتلىك ھىدىدىن باغلار مەست، ئېتىزلار مەست، شاماللار مەس، قىسقىسى، جىمى كائىنات مەست بولۇپ كېتەتتىمىكىن، شەھەرلەردىن چىققان، ئۈرۈمچىدىن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر ئەشۇ پۇراقنىڭ مەست - كەيپچىلىكى ئىچىدە، خۇددى گۈل شىرنىسىگە قونغان بال ھەرىلىرىدەك ئۆرۈكلۈك باغقا پاتماي قالاتتى.

بۇ مېۋىلەر ئالدىدا پىكاپلارمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان، ئىچىدىكى قىممەت باھالىق كىيىملەرنىڭ، يۇڭ ئەدىياللارنىڭ ئۆرۈك شىرنىسى بىلەن مەينەتلىشىپ كېتىشى ھېچقانچە ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ شوپۇرلىرى ئاق كىشمىش، سېرىق كىشمىشلارنى سېۋەتلەپ، يەشىك - ساندۇقلاپ ماشىنىسىغا بېسىپ ناھىيىدە بولىدىغان زىياپەتلەرگە، ئۈرۈمچىگە، بېيجىڭغا ئەۋەتىش ئۈچۈن ئايرودرومغا توشۇپلا تۇرسا، بۇنىڭ ھۆرمەت - ئىناۋىتى ئەلۋەتتە ناھىيە باشلىقلىرىنى يىراق - يېقىنغا توشۇپ يۈرگەندىكىدىن قېلىشمايتتى.

مەھەللە يولىدىن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يۈك ماشىنىسىدىن تارتىپ، پىكاپ، موتسىكلىتقىچە موكىدەك قاتناپ تۇراتتى. بۇ ھال ئىيون ئايلىرىدىكى ئۆرۈك پىشقىدىن تاكى نويابىرنىڭ باشلىرىغىچە — ھېقىقەتتەك سارغىيىپ پىشقان ئۈزۈملەر بېدىشتا تۈگىگىچە داۋام قىلاتتى. ئالتە ئاي - بىر يۈز سەكسەن كۈن! بۇ كۈنلەرنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرىدە ئەشۇ مۇنبەت يەرنىڭ ئېتىز، باغلىرى ئىنسان ئۈچۈن ئۆز خەزىنىسىدىن قانچىلىك نېمەۋە - ھىممەت ئاتا قىلىپ كەلدىكىن؟ ئىنسان ئەقلىنىڭ بۇ سانىنىڭ چېكىگە يېتىپ بارالايدىغان ئۇچقۇر تولپارى تېخى تۆرەلگىنى يوق. لېكىن بىر ئىش ئېنىق ئايانكى: بۇ مەھەللىنىڭ دېھقانلىرى خۇددى پۇل - بايلىقنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە چېچىپ يۈرگەن خەزىنىچىدەك يىلنىڭ ئۈچيۈز ئاتمىش كۈنىدە، باغلىرىدا، ئېتىزلىرىدا تىنىمسىز ئىش بىلەن ئالدىراش.

ئەنە، باھاۋىدىن ئاتا - خۇددى يىلتىزى بىلەن قوشۇپ قومۇرۇپ تاشلاپ قويغان تېرەك كۆتىكىدەك بەستلىك، كەڭ يەلكىلىك، يالپاق يۈز، كەتمەن ساقال، بۇرنى خۇددى قاغا جىگدىنىڭ ھۆل قايناپ چىققان پوتىقىدەك كۆرۈنىدىغان قوپال، كۆرۈمسىز بۇ ئادەم، يېشىنىڭ سەكسەندىن ھالقىپ قالغىنىغا قارىماي

پەنە ئۆز تىترىكچىلىكىنىڭ غېمىدە. ئۇ، دەرۋازا
يېنىدىكى قېرى ئۈجمە تۈۋىگە سېلىنغان كونا
پالاز ئۈستىدە يەكتەك بولۇپ ئولتۇرغىنىچە،
گەۋدىسىنى ئالدىغا يېرىم ئېگىپ، ئەتىگەن-
دىن بېرى بەش ئىلىك كونا ياغاچ ئارا
بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئارىنىڭ بىر
ئىلىكى سۇنغان، ئىككىسى بوشاپ قالغان،
سۇنغىنىنى يېڭىسىغا يەڭگۈشلەش، بوشاپ
قالغىنىنى باشقىدىن چىڭىتىش كېرەك. ئولتۇ-
رۇلگەن كالىنىڭ پاتىگىدىن كېسىۋېلىنىپ،
نېپىز قىلىپ تىلىنغان سارغۇچ پەي داستىكى
سۇدا ئېزىپ، يىپەكتەك يۇمشاپ كەتكەن. بو-
ۋاي بۇنىڭ بىلەن ئارا ئىلىكلىرىنى پۇختىلاپ
تاڭىدۇ. پەي قىزىق ئاپتاپتا قۇرۇپ قاتقان-
سېرى، ئارا ئىلىكلىرى بىر - بىرىگە مەھكەم
ھىملىشىپ، نەچچە خامان دۆۋىسى سورۇلۇپ
تۈگىگىچە مىت قىلىپ مىدىراپ قويمايدۇ.
بوۋاي تۇنۇگۈن ئالدىدىكى ئېرىق تۈۋىدە
ئولتۇرۇپ يېرىم كۈن ئورغاقلىرىنى بىلەپ
چىققان. داتلىرىنى بىلەيگە سۈركەپ كۈمۈش-
تەك ئاقارتىۋەتكەنىدى. مانا بۇلار پات ئارىدا
باشلىنىدىغان ئورمىنىڭ، ئالىدىغان خامان-
نىڭ تەييارلىقى. بوۋاي ئۆزىگە تەئەللۇق
تۆت مو يەردىكى بۇغداينى ئوروپ تېپىش،
بۇغدىيىنى ئامان - ئېسەن ئۆيىگە ئەكىرىۋې-
لىش ئۈچۈن مۇشۇنداق ئالدىرىمىسا بولمايتتى.

كۈن باغنىڭ بۇرجىكىدىكى قويۇق، ئېگىز
ئاق تېرەك ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەن. كۈمۈشرەڭ
ياپراقلاردا، ئۈزۈم تەكلىرىنىڭ ياپېشىل يوم-
ران نوتىلىرىدا قۇياشنىڭ ئەينەكتالالىرىدەك سو-
زۈك، يارقىن نۇرلىرى تىترەيتتى. ئۆينىڭ
بىر چاغلاردا سۇۋالغان ئىنچىكە سۇۋاقلىرىنى
يامغۇر يالاپ، كېسەكلىرىنى يالىڭاچلاپ قوي-
غان، ئەمما قېلىن قوپۇرۇلغان تاملىرى ھېلىمۇ
مەزمۇت كۆرۈنەتتى. كەڭ ھويلا ئۈزۈم شاخ-
لىرى بىلەن قاراڭغۇلاشقان، ئاستى تېخى
بايىلا تەكشى سۇ سېپىلگەندەك نەمخۇش.
پېشايۋاندىن كۆك ياۋا كەپتەرنىڭ تىنىمسىز
گۇگۇلداشلىرى، ئۇۋىدىكى باچكىلىرىنىڭ
سارغۇچ، يۇمران قاناتلىرىنى سىلكىپ ئاجىز،
ئىنچىكە ئاۋازدا كىسىلداشلىرى ئاڭلىنىدۇ.
ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئاڭلىنىپ كېلىۋات-
قان، پېشايۋاننىڭ كونا تۈۋرۈكلىرىگىچە
سىڭىشىپ كەتكەن بۇ ئاۋاز بوۋاينىڭ قۇلى-
قىغا شۇنچىلىك خۇشياقاتتىكى، ئۇنىڭدىن
باللىرىنىڭ بوۋاق چاغلىرىدىكى تاتلىق
گۇكۇلداشلىرىنى، بۆشۈكتىكى يىغىسىنى،
ئاندىن... كۆيۈمچان، جاپاكەش ئانىنىڭ ئاۋا-
زىنى تىترىتىپ ئېيتقان مۇڭلۇق ئەللەيلىرىنى
ئاڭلىغاندەك بولاتتى. ئۇنىڭغا تالاي يىللار
ئۆتۈپ كەتتى. قىرىق يىل... ئەللىك يىلمۇ
بولغاندۇ. ئاھ، ئىسىت! ئەجەب بىر چاغلار
ئىكەندۇق، ھە، ئۇ؟ قىران ياشلىق، ئايدەك
خوتۇن، گۈلدەك باللار... قېنىمدۇ ئەمدى،
نەگە كەتكەندۇ...؟

ئۇ چاغلارنى ئەسلەش بوۋاي ئۈچۈن ھەم
خۇشاللىق ھەم ئازابلىق بىر ئىش. بولۇپمۇ
بوۋاي ئانا كەپتەرنىڭ باچكىلىرىغا دان بېرى-
ۋاتقان چاغدىكى پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ قىمىرلىپ
جان تەلپىمز قىلىۋاتقاندەك كۈچلۈك ئىزتىراپ
بىلەن دىرىلدەشلىرىدىن شۇنداق ئاجىز،
ئەمما تەڭداشسىز مېھرلىك نىدانى ئاڭلىغان-
دەك بولاتتىكى، ئۇنداق چاغدا ھەممىشە كۆز
ئالدىدا ئوتتۇز يىل بىر تەكىيىدە باش قويۇپ
ياتقان مېھرىبان، كۆيۈمچان ئايالى خەلىچە-
خاننىڭ مۇڭلۇق كۈلۈمسىرەش ئىچىدىكى
كېسەللىكتىن تاتارغان، ئەمما ياشلىقىدىكى
گۈزەللىكى خۇددى سۈزۈك سۇ تېگىدىكى
يالتىراق تاشتەك ئۇششاق، ئىنچىكە قورۇقلار
قاتلىمىدا جۇلالىنىپ تۇرغان مېھرلىك چىرا-
يى نامايەن بولاتتى.

ئۈچ قىز، بەش ئوغۇل — سەككىز بالا. بۇلار ئۇنىڭ بوۋاينىڭ بەخت ئىلتىجاسىدا سوزغان جۈپ ئالقىنىغا تۆكۈلۈپ بەرگەن تەۋەررۈكلىرى! ئۇ، جەننەت تۆۋرۈكىدەك ئېسىل سەككىز تۆۋرۈكنى بوۋايغا ئاتا قىلدى - يۇ، ئۆزى ئاخىرقى تۇغۇتىدا بولالماي كېتىپ قالدى. ئاھ، نەقەدەر ئېچىنىشلىق مۇسىبەت! خۇددى قۇياش ئۆچۈپ، ئاي كۆيۈپ كەتكەندەك...

ۋاقتى - قەرەلى يەتكەندە ھەمدەردلىككە، غەمگۇزارلىققا ھاجىتى چۈشكەن ئاتىغا سەككىز ئەمەس، قىرىق بالىنىڭ مېھرى - مۇھەببىتىنى قوشقاندىمۇ، ۋاپادار مەزلۇمەنىڭ بىر قېتىم قولىغا سۇ بەرگەن چاغدىكى جان كۆيەرلىكىگە يەتمەيدىغان ئوخشايدۇ. ھەئە، ئاخىرى شۇنداق بولدى. بالىلىرى چوڭ بولغانسېرى ئارقا - ئارقىدىن قانات چىقىرىپ، كۆڭلى خالىغان يەرلەرگە ئۇچۇپ كېتىشتى. ياق، بوۋاي بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنى كۆيۈمسىز دېيىشكە ئاغزى بارمايدۇ. ئۇلارمۇ يامان دېمىدى. بوۋاينى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپ، قىزلىرى ئەرلىرىنى، ئوغۇللىرى خوتۇنلىرىنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە سېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. بالىلارنىڭ ئىنساب - دىيانىتىگە رەھمەت! ئۇلارنىڭ شۇنداق دەپ تۇرغىنىمۇ ياخشى، ئەمما بوۋاينىڭ بۇ قەدىناس ماكانىدىن ئايرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا رايى يوق. نېمىلا دېگەن بىلەن، قىزلىرىنىڭ ئۆيىگە بارسا ئەرلىرى يات، ئوغۇللىرىنىڭكىگە بارسا خوتۇنلىرى. ئۇ، بۇ ئۆيدە تىككەندەك يالغۇز قالسىمۇ يەنىلا مۇشۇ مەھەللە، مۇشۇ ماكان خۇددى ھالال جۈپتى خەلچىخاندەك ئۆز ھەم يېقىملىق.

ئۆي كونىرىغان، كىگىز - پالازلار يىرتىلغان، قازان - قومۇشمۇ ئۈپراپ كەتكەن. ئەمما ئۇلارغا بىر چاغلاردا خەلچىخانىنىڭ ئىسسىق نەپەسلىرى، كۈلكىسى، يىغىسى سىڭگەنلىكى ئۈچۈن، بوۋاي ئۇلارنى بالىلىرىنىڭ بېشىغا خىشتا سېلىنغان ھەشەمەتلىك ئايناق ئۆيلىرىدىن، ئۆيىدىكى زىلچە - گىلەملەردىن، مۇشۇ بىر توپ قېرى ئۈجمىنى ئۇلارنىڭ يانىكىدا قويغان نەچچە مىڭ يۈەن پۇللىرىدىن ئارتۇق كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇ بۇ كونا، قاراڭغۇ ئۆيدە يالغۇز غوڭقىراپ، بېشىغا غېرىبلىق يەتكەندىمۇ، قولى خېمىرغا قولاشماي ئاچ - توق قالغاندىمۇ، بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرمىدى. ئەكسىچە، خەلچىخان ياققان ئاشۇ جىنچىراغنى ھېلىمۇ ئۆچۈرمىگىنى، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە بامدات نامىزىدىن كېيىن سېرىپ - سۈپۈرۈپ، چىنىدەك پاكىز قىلىۋېتىدىغان ھويلا - ئارامغا ئەخلەت قونغۇزمىغىنى ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال.

ئۇغۇ شۇنداق... بىراق، ئەرنىڭ ئەرلىك پەيزى - دۆلىتى پەقەت خوتۇن بىلەنلا بولامدىكىن. خەلچىخان ئۇ ئالەمگە ئېرىنىڭ جىمى راھەت - خۇۋۇلقىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەندەك، باھاۋىدىن ئاتا ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەممە تاماشا - ھەۋەسلىرىدىن قالدى. چېلىش دەمدۇ، ئوغلاق تارتىش دەمدۇ، مەشرەپ دەمدۇ، نەشە چېكىش دەمدۇ، باھاۋىدىن ئاتا ئۆمرىدە بۇ ئويۇن - كەيپچىلىكلەرنىڭ قايسى بىرىنى قىلمىغان؟ ئەقەللىسى نەشىنى ئۇن ئالتە يېشىدىن ئاتمىش يېشىغىچە چەككەن. ھەي... ئۇ ئەمدى قېرىپ قالدى. بۇرۇنقى ئەرلىك ھەۋەسلىرىنىڭ ئوتلۇق ھارارىتى چوغى ئۆچكەن كۈلدەك سوۋۇپ كەتتى. بولۇپمۇ خەلچىخاننىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ غەمسىز، ھەۋەسلىك كۆڭلىگە ئۆلۈمنىڭ ۋەھىمىلىك قارا كۆلەڭگىسىنى سالغان دولسا كېرەك،

ئۇ شۇنىدىن كېيىن قىلغان جىمى گۇناھلىرىغا تەۋبە - ئىستىغپار قىلىپ، كۈندە بەش ۋاق نامىزىنى تەرك قىلمايدىغان بولۇۋالدى.

ئېشىك ئالدىدىكى تار، شېغىل يولدىن قويۇق توپا توزۇتۇپ بىرسى كۆك، بىرسى قارا رەڭلىك ئىككى پىكاپ ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ ھەم تاتلىق ھەم ئازابلىق خىيال ئەسلىمىلىرى بۆلۈندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قاردەك ئاقارغان قېلىن يوغان قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرسىز، كۆكۈش كۆزلىرىنى قىسىپ، پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن ئۆچلۈك بىلەن ئالىيىپ قاراپ قويدى. بۇلارنىڭ مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قايسى بىرىنىڭ بېغىدىن پىكاپقا لىق ئۆرۈك قاچىلاپ قايتقىنىنى ئېنىق. بوۋاي نېمىشقىدۇر بۇنىڭ ئۈچۈن خاپا. ئۇلار خۇددى باشقىلارنىڭ ئەمەس، ئۆزىنىڭ بېغىدىكى ئۆرۈكلەرنى بۇلاپ - تالاپ كېتىۋاتقاندەك.

بوۋاي دىمىقىغا ئۇرۇلغان ماشىنا ئىسىنىڭ توپا - چاڭ ئارىلاش بەدبۇي، قاڭسىق ھىدىدىن كۆڭلى ئېلىشىپ، بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن بۇرنىنى ئەتتى ۋە ئاجىز، ئەمما قەھىرلىك بىر ئاۋازدا ئۆزىچە غۇدۇڭشىغا باشلىدى: «... باغنىڭ مېۋىلىرى تۈزۈككىنە پىشار - پىشمايلا، خۇددى گۆشكە ئۆزىنى ئاتقان چىۋىندەك گوۋۇلدىشىپ، نە - نەلەردىن چېپىپ كېلىشكىنىنى قارىمامدىغان بۇ نائەھلىلەر. ئالىدىغاندىغۇ تۈلكىدەك ھىجىيىپ، نەچچە پۈكلىنىپ تازىم بىلەن كېلىشىدۇ. ماشىنىسىنى توشقۇزۇۋالدىمۇ، بولدى! ھېچ كىشىنى تونۇماي، چۆجە ئالغان سادەك قېچىشىدۇ. ئەمدى بىر كىمنىڭ ئۆيىگە كىرسەڭ، بۇرۇنقىدەك بېغىغا باشلىماق يوق، ئالدىڭغا بىر لىگەن ئۆرۈك، بىر ساپاق ئۈزۈم قويۇشقىمۇ چىدىمايدۇ، ھەممىسى ساتسام، پۇل قىلسام دەيدۇ. مۇشۇمۇ دېھقاننىڭ ئىشى بولدىمۇ؟ بۇرۇن بازارغا ئۆرۈك ئاپارساق، ئۇنى سېۋىتى بىلەن، قېقىنى تاغىرى بىلەن ساتىدىغان. ئەمدى نەدىن چىققىنى جىڭ، كىلو دېگەن گەپ؟ خەير، بۇنىمۇ بوپتۇ دەيلى، ئۇزاقى يىلى ئۆرۈكنىڭ كىلوسى ئۈچ موچەن بولىدىغان، ئۆتكەن يىلى بەش موچەنگە، بۇنىڭغا ھەيرانۇ-ھەس بولۇپ يۈرسەم، بۇ يىل بىر كويغا چىققانىمىش. خۇدايا تەۋۋا، نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىغاندۇ بۇ كىشىلەر؟ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارا! ھېلىقىدەك پىكاپ بىلەن چىقىدىغانلارغا ئەجدىھا- يالماۋۇزنىڭ نەپسىنى بەرگەن بولغىيمىدىڭ؟ ئۇلار خۇددى يەجۇجى-مەجۇجلەردەك مەھەللىمىزنىڭ مۆكە ماشىلىرىدىن تارتىپ، ئىت، توخۇ، قاغا، پاختەكلىرىگىچە سىرىپ-سۈپۈرۈپ، يالماپ-يۇتۇپ، ھېچ نېمىسىنى قويمىغىلى تۇردى. ئەمدى بىز دېھقان خەقنىمۇ ئىنساب-دىيانەتنى كۆتۈرۈۋەتكىمىكىن؟ ئۇلار، سەن ھىممەت-شاپائەت قىلغان بۇ جەننەت مېۋىسىنى ئالتۇننىڭ نورىدا ساتقىلى، ھېلىقى نەپسى كۆيگۈرلەرمۇ دېھقاننىڭ ئاغزىدىن چىققىنىغا ئالغىلى تۇردى. ئۇلارغا پۇل تېپىش شۇنچە ئاسانمىدۇ؟ ئايىماي، سۇدەك شاراقشىتىپ خەجلەيدىغان پۇلنى نەدىن تاپىدىغاندۇ؟ بۇلامدىغاندۇ، ئوغرىلامدىغاندۇ؟ مەن ئويلايمەنكى، ۋاللاھى ئالەم شۇنداق قىلغان. ھۆكۈمەتمۇ ئوغرى، بۇلاڭچىلارنى ئۆچ كۆرىدىغان، بۇلارنى كۆرمەمدىغاندۇ، ياكى پىكاپتا ئولتۇرىدۇ، دەپ يۈز قارامدىغاندۇ؟...»

چوڭ تاشيول تەرەپتىن ھاۋارەڭلىك پىكاپتىن يەنە بىرسى چىقىپ كەلدى. ئۇ، قويۇق توپا توزۇتقىنىچە باھاۋۇدىن ئاتىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا-يول چېتىگە كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن ئىككىيلەن چۈشتى.

—ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم...!— ئۇلارنىڭ

بىرسى باھاۋىدىن ئاتىغا يىراقتىنلا قول سوزۇپ كەلدى. «ھە، سالام قىلدىمۇ، دېۋلارنىڭ بىر ئىشى بار ھەقىچان...» دوۋاينىڭ يۇڭلۇق قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ چاندىقىغا ئولتۇرۇشقان، ئەمما ھېلىمۇ قارچۇغىنىڭكىدەك ھوشيارلىق بىلەن ئويناپ تۇرىدىغان كۆكۈش كۆزلىرى سالام بەرگۈچىنى ئىلغا قىلدى.

—ۋائەلەيكۇم ئەسسالام...! — بوۋاي ئوڭ قولىنى تىزىغا تىرەپ، قاتقان بېلىنى ئەستە تۈزلىگەندەك قىلىپ، ئالدىراش ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قىزلارنىڭكىدەك قاپقارا چىرايلىق كۆزلىرىدىن ھەممىشە بىر خىل خوش-خۇيلۇق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ياش يىگىت باشلىقىغا ئىككى قولىنى ئۇزارتتى.— ھە... تىنچلىقمۇ بالام ئەھمەت قارى!

ئەھمەت شاڭجاڭ بوۋاينىڭ بارماقلىرى يىلتىزدەك ئەگرى-بۈگرى، ئالقىنى تارشىدەك قاتقان كەڭ بەنجىلىك قولىنى سىقىپ، چىرايلىق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كۈلۈمسىرىدى.

—تىنچلىق. ئۆزلىرىچۇ ئاتا؟

—خۇداغا شۈكرى... ھال-كۈنۈم مۇشۇنچىلىك، بالام. خوش، قاياقتا مېڭىشىڭلار شۇ تاپتا؟

ئەھمەت شاڭجاڭ قىزاردى:

— سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كىرگەن. يوقلاپ ئۆتەيلى دەپ...

—تولا ئوبدان ئىشقۇ بۇ؟— بوۋاينىڭ قىرلىق يېتىپ قېنى قاچقان، ئاپتاپتا پىشىپ، كۆسەيدەك قارىيىپ كەتكەن چىرايى شامال يەلپۈگەن چوغدەك ئېچىلىپ كەتتى.— رەھمەت بالام. قېنى، بۇ مېھمانلارنى ھويلىغا باشلاڭ ئەمىسە. باغنىڭ ئۆرۈكلىرىمۇ تازا پىشىپ كېتىۋىدى. ئاۋۇ شوپۇر يىگىت ئىشقا ماشىنىدىن چۈشمەيدۇ، ماشىنام قېچىپ كېتىدۇ دەپ قورقۇۋاتامدۇ-يە، ھا... ھا... ھا... ماۋۇ ئۈجمىگە ئىشقىدىن باغلاپ قويايلى بولمىسا. ئۇ يىگىتنىمۇ قىچقىرىڭ ئەھمەت قارى!

باھاۋىدىن ئاتا ئۇلارنى ھويلىغا باشلاپ كىردى. ئۇلار پېشايۋان ئاستىدىكى كونا باغاچ كارىۋاتقا چىقىپ ئولتۇرۇشتى. پېشايۋان ئاستىدا كەپتەرلەر ئۇچۇپ يۈرۈشەتتى. ئېغىل تەرەپتىن ئىچىغان قوي قىغىنىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى كېلەتتى.

باھاۋىدىن ئاتا باغدىن ھايال ئۆتمەي چىقىپ كەلدى. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، ئۈستىگە بىر لېگەن ئۆرۈك قويدى. ئالتۇندەك سارغىيىپ، مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈكلەر كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى.

—قېنى، ئېلىڭلار ئەمىسە... — دېدى بوۋاي قىل يەلپۈگۈچتە داستىخاندىكى چىۋىنلەرنى قوغلاۋېتىپ،— بۇ كادىرچاقنى تونۇمىدىمغۇ ئەھمەت قارى. بىللە ئىشلەمسىلەر؟

ئەھمەت شاڭجاڭ ئۆرۈكتىن بىرنى ئاغزىغا سېلىۋېتىپ، يېنىدىكى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى خام سېمىز، چاچلىرى مەزگىلسىز ئاقارغان، شالاڭ سارغۇچ قاشلىرى دىردىيىپ تۇرىدىغان كىشىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ دېدى:

—ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يەر باشقۇرۇش ئىشخانىسىدىن، ئىسمى سەيدۇللا، ئۆزى ئارا ئۆستەڭ مەھەللىسىدىن.

—رۇستەم باتۇرنىڭ مەھەللىسىدىن دېمىگىنا!— بوۋاينىڭ قاشلىرى ئۇچۇپ، چىرايىدا يىراق ئۆتمۈشكە تەئەللۇق بولغان ئۆچمەس بىر خاتىرىنىڭ شادىيانە كۈلكىسى جىلۋە قىلدى، — ئارائۆستەڭ... ئوبدان بىلىمەن! ياش ۋاقىتلىرىمىزدا ھەر جۈمە كۈنى ئالا قويماي رۇستەم باتۇرنىڭ چېلىشىشىنى كۆرگىلى بارىدىغان بىز. ھەي، ھەي... بۇ زاماننىڭ

چېلىشچىلىرى دېگەن نېمە؟ رۇستەم باتۇر دېگەن ھاتەمدەك كۈچى بار قالتىس چېلىشچى ئىدى جۇمۇڭ. بىزنىڭ بۇ تەۋەدىكى ئۇنىڭ بېلىنى ئۇتالايدىغان نوچى چىقمىغان، ئۇ يېقى غۇلجىدىن، بۇ يېقى قەشقەردىن كەلگەن نىي-نىي پالۋانلارنىڭمۇ ئۇنىڭ تېگىدىن قوپۇپ، چاپىنىنى قېقىپ كەتكىنىنى كۆرگەنمەن. مېنىڭمۇ ئۇ چاغدا ئۆزۈمگە چۇشلۇق نوچىلىقىم بولىدىغان. رۇستەم باتۇرنىڭ داڭقى چىققانسېرى مېنىڭمۇ ئىچىمگە ئوت تۇتىشىپ كەتسە بولىدۇ. ئاخىرى نېمىسى نېمە بولدى، مېنىڭمۇ بىر تۇتىشىپ باققۇم كەلدى. بىز تۇتۇشقان تۇنجى ھەپتىسى رۇستەم باتۇر مېنى پاختىنى كۆتۈرگەندەك ئىككىلا كۆتۈرگەن پېتى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئىككى گەز نېرىغا تاشلىۋەتمەسمۇ! بوينۇم قاتلىشىپ كەتتىمۇ دەپ ئويلىغان، نەدىكىنى، ساق تۇرۇپتىمەن. «يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ» دېگەندەك، رۇستەم باتۇر بىلەن بىر يىل تۇتۇشتۇم. خۇدايا تۇۋا، ئاخىرقى قېتىم ھەزرىتى ئەلىنىڭ روھى يۆلىدىمۇ بىلمىدىم، رۇستەم باتۇرنى ئىككى يۈكلەپ يېقىۋالسام بولىدۇ. ھا... ھا... ھا... شۇ چاغدا نېمە ئىش بولدى دېمەمسىلەر؟ پۈتۈن ئارا ئۆستەڭلىكلەر قىيا-چىيا قىلىشىپ ماڭا ئېتىلىپ كېلىشتى. ئەلپازىدىن ئۇلارنىڭ مېنى شۇ يەردىلا ئۆرۈپ مىجىۋېتىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «ياپىرىم!» دېدىم-دە، ئالدىمغا كەلگەن بىر-ئىككىسىنى ئۆرۈپ يىقىتىپ، تېرەك تۈۋىگە قاراپ يۈگۈردۈم. لىچىندەك ئۈچىدىغان قالتىس بىر ئېتىم بولىدىغان، ھەمراھلىرىم تەق قىلىپ تۇرغانىكەن، سەكرەپ مىنىدىم-دە، تىكىۋەتتىم. ھا... ھا... ھا... شۇنداق قىلىپ رۇستەم باتۇرنىمۇ قاتلاپ قويغانمەن! ئاڭلىسام رۇستەم باتۇر ئىككى يىل بوپتۇ، تالا-تۈزگىمۇ چىقالمايدىغان بولۇپ قالغانىمىش. ھەي ... قېرىلىق يەتكەن گەپ ئەمەس ... بوۋاي ئىچ-ئىچىدىن سىلكىنىپ، ھالسىز بىر نەدا بىلەن ئۆكسىدى، كۆز چاناقلىرى ياش بىلەن تولۇپ، مەيدىسىگە يېيىلغان ئاپپاق ساقىلى دەردلىك پىغان بىلەن تىترەپ كەتتى.— ھە ... سەيدۇللا بالام، ئارا ئۆستەڭگە پات-پات بېرىپ تۇرامسىز؟ ھەي ... خىزمەت ئالدىراش دېدىڭىزمۇ؟ بۇ گېپىڭىز دۇرۇس بولمىدى، بالام. ئاتا-ئانىڭىز باردۇ؟ ھەببەللى. ئۇلار دېگەن تىرىك مازار، ئۇنى تاشلىۋەتكۈلۈك ئەمەس. پات-پات يوقلاپ تۇرۇڭ. پۇل ئەۋەتىپ تۇرىمەن دەمسىز؟ ياق-ياق، بۇ گەپنى قويۇڭ. ھازىر پۇل كىمدە يوق؟ پۇل باشقا گەپ، دىدارلىشىش باشقا گەپ، بالام. بېرىڭ. قېرىلارنى تاشلىماڭ. بۇ دورەم بارسىڭىز،، رۇستەم باتۇرنىڭ ئۆيىگە كىرگەچ ئۆتۈپ، ھېلىقى باھاۋىدىن بەگكە سالام ئېيتىپ دەڭ. بولسىغۇ، ئۇنىڭغا باغدىن بىر سېۋەت ئۆرۈك قاچىلاپ بەرسەم ئالغاچ كەتسىڭىز، مېنىمۇ، ئۇنىمۇ قالتىس خوش قىلاتتىڭىز جۇمۇڭ!

باھاۋىدىن ئاتىنىڭ يۈز-خاتىرىسىزلا قىلىۋەتكەن قوپال سۆزلىرى سەيدۇللانىڭ كۆڭلىگە تەگكەن بولسا كېرەك، لېگەندىن تېزلا قول تارتىپ داستىخاننى «بولدى» قىلدى ۋە ئەھمەت شاڭجاڭغا قاراپ قويدى.

— مۇنداق بىر ئىش ئاتا، — دېدى سەيدۇللانىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەن ئەھمەت شاڭجاڭ قوللىرىنى ياغلىقىغا سۈرتۈۋېتىپ،— سەيدۇللا بايا ناھىيىدە يىغىنغا قاتنىشىۋاتقانلارغا ئازراق ئۆرۈك دەپ قېشىمغا چىققانىكەن، شۇڭا ئالدىلىرىغا باشلاپ كېلىشىم. بىر-ئىككى سېۋەت ئۆرۈك سېتىپ بېرەلا، ئەمدى. جىڭنىمۇ ئېلىپ كەلدۇق. باھاسىنى بازار نەرقىدىن بىر پۇڭ كەم قىلمايمىز.

كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدە ئەھمەت شاڭجاڭنىڭ

ئافىزىغا قاراپ ئولتۇرغان بوۋاي ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى:

— ۋاھ! تولا بەلەن كېلىپسىز، بالام. مانا باغ. قېنى باغقا كىرىپ سېۋەتنىڭلارنى تولدۇرۇۋېرىڭلار. ئەمما، جىڭلايمىز، بازار نەرقى، دېگەن گەپنى قىلماڭلار.

— ئەستا... ئەھمەت شاكجاڭ گەدىنىنى قاشلىدى، — بىكارغىلا ئېلىپ كېتەمسىزمۇ ئەمدى؟ مۇنداق قىلساق...

— ۋايىيەي ...! — بوۋاي زاڭلىق ئارىلاش چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — بىر- ئىككى سېۋەت ئۆرۈكنىڭ پۇلى بىلەن پالتاخۇن باي بولۇپ كېتەرمەنمۇ مەن؟ دېدىمغۇ، سىلەر مېھمان، سېۋەتنىڭلارنى خالىغانچە تولدۇرۇۋېرىڭلار دەپ، پېقىرنىڭ ئىسمى باھاۋىدىن بەگنىڭ بولغىنى بىلەن، ئۇنچىلىك قائىدە- يوسۇننى بىلمىدۇ، بالام!

باغ ئورنى ئىككى موچە كېلەتتى. تەبىئەت ئىشچانلار ئۈچۈن سېخىي، مېھرىبان ۋە شەپقەتلىك. ئۇ ئۆز ھىممىتىنىڭ چەكسىز مول نېمىتىنى، گۈزەل لەتاپىتىنى، كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرگۈچى خۇش نەپەسلىرىنى دېھقان تەرى تۆكۈلگەن مۇشۇنداق باغلارغا ئاتا قىلغان.

باغدا كىشمىش ئۆرۈكنىڭ خۇشبۇيى ھىدى ۋە ئەتىر گۈلنىڭ لەززەتلىك پۇرىقى بىلەن قېنىپ تويۇنغان يۇمشاق، سالقىن شامال كېزەتتى. مېۋىلىرى بىلەن ئېغىرلاشقان شاخلىرىنى ھەر تەرەپكە يايغان ئۆرۈكلەر، ياپيېشىل ياپراقلىرىغا پۈركىنىپ، باجغانلاپ ئۇسۇۋاتقان ئەنجۈر، ئانارلار... گويا تەبىئەتنىڭ يېگانە ئەركىسىدەك ئوماق ۋە مەغرۇر...

ئەھمەت شاكجاڭ باھاۋىدىن ئاتىنىڭ بېغىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ، ئورنى ئانچە كەڭ بولمىغىنى بىلەن، مېۋىلىرىنىڭ سەرخىللىقىدا مۇشۇ مەھەللىدىكى باغلارنىڭ ئالدى. ئەھمەت شاكجاڭ سەيدۇللانى تۇنجى قەدىمىدىلا مۇشۇنداق گۈزەل باغقا، سېخىي باغۋەننىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلگىنى ئۈچۈن ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈندى.

باھاۋىدىن ئاتا ئۇلارنىڭ قولىدىن سېۋەتنى ئېلىۋېلىپ، ئۆرۈكنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن تولدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن نېرىغا كېتىپ قالدى. ئۆرۈكلەرنىڭ سەرخىللىقىدىن كۆزى ئالاق-جالاق بولۇپ، قايسىنى تۇتۇپ، قايسىنى قويۇشنى بىلمەي قالغان سەيدۇللا ئېرىق بويىدىكى ياش ئاق كىشمىش ئۆرۈكنىڭ بىر شېخىنى ئېگىۋېلىپ، ئۇنىڭدىكى شىرىنىسى ئېقىپ تۇرغان دانە-دانە ئۆرۈكلەرنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئاغزىغا سالاتتى. ئەھمەت شاكجاڭ ئۇنىڭ بېقىنىغا جەينىكى بىلەن نىقتاپ قويدى:

— شاخنى بوشراق تارتىڭ، سۇندۇرۇپ قويماڭ يەنە.

سەيدۇللا ئاغزىدىكى ئۆرۈكنىڭ جىقلىقىدىن ئاران-ئاران تىنىپ، سۇيۇق پاتقاقنىڭ بۇلدۇقلىشىدەك غارالڭ-غارالڭ ئاۋازدا كۈلكە ئارىلاش دېدى:

— مۇشۇ بىر تۈپ شاخنىڭ غېمىنى قىلىپ كەتتىڭىزمۇ ئەھمەت شاكجاڭ؟ ئەتە-ئۆگۈن بۇلار تۈپى بىلەن قومۇرۇلامدۇ تېخى، كىم بىلىدۇ؟

— چاقچىقىڭىزنى قويۇپ ئۆرۈك يەڭ، — ئەھمەت شاكجاڭ شۈبھىلىك كۈلدى.

— راست گەپ، ئۇممىدىن كېيىنلا بۇ ئەتراپتا قۇرۇلۇش باشلىنىدۇ، تېخى ئاڭلىماپسىزدە.

يالىڭاچ بەدىنىگە سوغۇق سۇ چېچىلغاندىكىشىدەك تۇيۇقسىز ئەندىكىشتىن ئەھمەت شاكجاڭنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى سەكرەپ كەتتى.

— نېمە قۇرۇلۇش؟

— كونسېرۋا زاۋۇتى بىلەن ئۆي-جاي قۇرۇلۇشى.

— ھېچكىمنىڭ ھەددى ئەمەس، — دېدى ئەھمەت شاكىجاكنىڭ كەيپى ئۆرلەپ، — مەن يېزا باشلىقى، يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىمۇ بار تېخى. شۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز قىلىشقا پېتىنالىغان قايسى نوچىكەن ئۇ؟

سەيدۇللانىڭ ئېتقى ھەممىشە گەمىدە ئۇزۇن ساقلانغان ياڭيۇدەك كۆكۈش كۆرۈنىدىغان دۈگىلەك كۆزلىرىدە مەسخىرىلىك مۇغەمبىرانە سوغۇق نۇر چاقناپ كەتتى.

— يېزىلاردا يەرلەرنى تەقسىملەش، باشقۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەنلىكى ئېسىڭىزدىن چىقىپ قاپتۇ-دە، ئەھمەت شاكىجاك؟ مەھەللە كادىرلىرىنى بۇ ئىشتا ئەيىبلەيمەن دەيدىغان بولسىڭىز، ئۆزىڭىز لاتىلىشىپ قالىسىز جۇمۇ.

— قېنى، كۆرۈپ باقىمىزغۇ، — ئەھمەت شاكىجاك تامدەك تاتىرىپ ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى، — بىز تېزرەك قايتايلى.

— نېمىگە ئالدىرايسىز، سېۋەت توشمىغاندۇ تېخى.

— مەن ھازىرلا مەھەللە كادىرلىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى.

— ئۇنداق بولسا، مەنلا باشلاپ بارسام بولمىدىمۇ. ھەممىسى بىزنىڭ ئىشخانىدا يىغىنىدا. بۇ ئىشقا ئالاقىدار تەرەپنىڭ مەسئۇللىرى كونسېرۋا زاۋۇتى بىلەن ئۆي-جاي قۇرۇلۇشىغا كېتەرلىك يەر دائىرىسىنى بۈگۈن تەستىقلاپ بېكىتمەكچى.

— بۇ ئۆرۈكنى ئاپىرىپ شۇلارغا يېگۈزىدىكەنمىزدە، ئەمىسە!

— ئەلۋەتتە.

— ئەمىسە ئاڭلاپ قويۇڭ، — ئەھمەت شاكىجاكنىڭ چانىقىدىن تېپىپ چىققان قەھرىلىك كۆزى سەيدۇللاغا ئوقيادەك قادالدى، — كىشىنىڭ تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىنى چاقىدىغان نائەھلىلەرگە غالچىلىق قىلىدىغان ئەخمەق ئەھمەت شاكىجاك يوق. ئەمەسە سىز ئۇلارغا يېگۈزىدىغان ئۆرۈكنى باشقا يەردىن تېپىۋالارسىز ئاغىنە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەھمەت شاكىجاك؟ — سەيدۇللانىڭ سېمىز ئېڭەك گۆشلىرى غەزەپتىن تىترەپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — بۇ يىغىندىن ھاكىمىڭىزمۇ خەۋىرى بار، چاقچاق قىلماڭ جۇمۇ بۇ ئىشقا!

— ئاۋازىڭىزنى پەس قىلىڭ...— ئەھمەت شاكىجاك دوق، ئەمما كەسكىن بىر ئاۋازدا خىتاب قىلدى، — بىز ئەڭ ياخشىسى باھاۋىدىن ئاتىنىڭ ئالدىدىن ئامان-ئېسەن كېتىۋالايلى. بايا ئاڭلىدىڭىزغۇ، رۇستەم باتۇرنى بېقىتقان باھاۋىدىن بەگگى دېگەن مۇشۇ. باغۋارانلىرىنى ۋەيران قىلماقچى بولغان ئاشۇ نائەھلىلەرگە بېغىمدىن ئۆرۈك ئاپىرىپ بەرگەن گۇناھىڭىز ئۈچۈن تېرىڭىزنى تەتۈر سويمىسۇن يەنە. ئۇنى قېرىپ قالدى دەپ ئويلىماڭ. باشقىلار يېرىگە «تاك» قىلىپ قوزۇق قاققان كۈنى چاتاقنىڭ چوڭىنى چىقىرىدۇ ئۇ. قاراپ تۇرۇڭ!

سەيدۇللا باھاۋىدىن ئاتا ئۆرۈك تېرىۋاتقان تەرەپكە قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى ۋە ئۆز سالاپىتىگە ماس بولمىغان ئۇششاق قەدەمى بىلەن باغ ئىشىكى تەرەپكە قاراپ شوخشىدى.

2

كونا مەسچىت. مەسچىت ئالدىدىكى قويۇق شاخلىرى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئىككى توپ سېدە. شاخ ئارىلىرىدا ئاق قۇشقاچلار چۇرۇقلىشىپ، سايرىشىۋاتقان، ئەمما توخۇلار تېخى قونداقتىن چۈشمىگەن چاغ. مەسچىت ئىچىدىن بىردىنلا يۆتەلگەن، گۇدۇڭشىغان ئاۋازلار

كۆتۈرۈلدى. بامدات نامىزىدىن يانغان بىر توپ جامائەت بەزلىرى ھاسىسىنى تۇكۇلداتقىنىچە، بەزلىرى مەسىگە كالىچىنى شىپىلداتقىنىچە مەسچىت دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلدى-دە، سېدە تۆۋىدە توختىشىپ، بىر-بىرى بىلەن ئامان-ئېسەنلىشىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشكە باشلىدى. بۇرۇن مۇشۇنىڭ بىلەنلا كۆپايىلىنىپ، ئۆيلىرىگە ئالدىراپ تارقىلىشىپ كېتىدىغان جامائەت، مەجلىسخانىلار تاقىلىپ، كەنت ئىشخانىلىرىمۇ چۇلدىرەپ قالغاندىن كېيىن ھەر كۈنى بامدات نامىزىدىن يېنىپ مۇشۇ سېدە تۆۋىدە ئون-يىگىرمە مىنۇت كۆزكۆر-مۇزكۆر پاراڭلىشىۋېلىشقا ئادەتلىنىپ قېلىشقان. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى خۇددى كىيىۋېلىشقان كىيىملىرىدەك ھەرخىل. سودىگەرلەرنىڭ تېلېفون، تېلېگرامما ئارقىلىق بىر-بىرىگە يەتكۈزۈپ تۇرۇدىغان ئۇچۇر خەۋەرلىرىدەك مۇھىم.

— بۇ قېتىم ھەججگە ماڭغانلارنى چۆچۈرىدەك قاتار تىزىدىپ قەشقەردە بىر ئاي ئوقۇتقانىمىش دېيىشىدىغۇ؟

— سىياسەت ئۆگەتكەندۇ ھەقاچان.

— ياقەي، قائىدە-نىزاملارنى ئۆگەتكەنىمىش. بەزىلەر ئۆتكەن يىلى ھەججگە بارىمەن دەپ ھۆكۈمەتنى ئالداپ، پاكىستانغا ئۆتۈۋالغاندىن كېيىنلا سودىگەرچىلىك قىلغان گەپ.

— سودىگەرچىلىك قىلىسىغۇ بىر نۆرى، قەلەندەرچىلىك قىلغانلار بار ئىكەن ئەمەسمۇ. ھەي... نېمىدېگەن سەتچىلىك!

— ئىران-ئىراق ئۇرۇشى توختايدىغاندەك گەپ بارغۇ گېزىتتە.

— ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن.

— ھۆكۈمەت مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلغانىمىش.

— ھۆكۈمەتنىڭ نەمىرى ۋاجىپ...

— بىراق، خوتۇنلىرىمىزنى تۇغما دەپ بىر نېمىسىنى تىكىپ قويغىلى بولمايدۇ-دە.

— ھەي، ئەتىگەندە تاھارەت بىلەن نېمە سەت گەپ؟

......

شۇ ئارىدا قايىقتىندۇر نۇرۇق، قاتما چىراي، قىڭغىراق بۇرۇن، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بىر ئادەم ۋېلىسىپىتىنى مىنگىنىچە جامائەتنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مەجىت شۇجى! تىنچلىقمۇ ئۆزلىرى؟

بۇ، كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنىڭ قىش-ياز خۇددى تەلەمەت داۋىنىنىڭ بۇلۇتلۇق ئاسمىنىدەك تۇتۇلۇپ تۇرىدىغان قەھرىلىك، سۇرلۇك چىرايى جامائەتنىڭ ھەممىسىگە تونۇش. بۇ مەھەللىدىكى باللارنىڭ ئەڭ قارغىشلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان ھامان يىغىدىن بېسىلمايدىغانلىرى يوق. ئۇ، مەھەللىدىكى دېھقانلارغىلا ئەمەس، ناھىيىنىڭ ھاكىم، شۇجىلىرىنى كۆرسىمۇ شۇنداق. مۇنداق ئادەملىرىگۇ جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئەزەلدىن نەس باسماي قويمايدىغان. ئەمما ئۇنىڭ نېمە يوشۇرۇن سېھرى، قۇدرىتى باردۇر، ئون نەچچە يىلدىن بېرى مۇشۇ كەنتكە بىرىنچى شۇجى.

— كۆپچىلىككە دەپ قويىدىغان بىر گەپ، — دېدى ئۇ جامائەت بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن گېلىنى قىرىپ، — بۇ ئەترەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرى ئورمىدىن كېيىن قايتىدىن تەڭشەلمەكچى...

شۇ ھامان جامائەت ئارىسىدىن غۇلغۇلا، نارازىلىق ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلدى:

— بۇ قانداق گەپ؟ ھۆددىگە بېرىلگەن

يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىقى 15 يىلغىچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ دېيىلگەنغۇ، مەجىت شۇجى!

مەجىت شۇجى سەۋرسىزلىك بىلەن قولىنى كۆتۈردى:

— شۇنداق. مەن تېخى يەرلەرنى قايتۇرۇۋالىمىز دېمىدىمغۇ. ئەمما، مۇنداق بىر ئىش بار. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىن بۇ ئەتراپتىكە 20 مو يەر سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسى چۈشتى. بۇ ۋەزىپىنى ئەلۋەتتە ئورۇندايدىغان گەپ. بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ. سېتىۋېلىنىدىغان 20 مو يەر دائىرىسىگە كىمنىڭ يېرى كىرىپ قالسا، ئۇنىڭغا ئەشۇ يېرىنىڭ بەش يىللىق ھوسۇل پۇلى ئالدىن تۆلىنىدۇ، باللىرىدىن بىرسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. سېتىلغان يېرى كۆپرەك بولۇپ كەتكەن بولسا، باشقىلارنىڭ يەرلىرىدىن مۇۋاپىق تەڭشەپ بېرىلىدۇ.

جامائەت تېڭىرقاپ قېلىشتى. ئۇلار يەر سېتىپ بېرىش بىلەن بەرمەسلىكنىڭ قايسىسىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي بىر-بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىشاتتى. «يەر دېھقاننىڭ جېنى، ئۇنىڭسىز دېھقاننىڭ تايىنىدىغان نېمىسى بار؟ ياق، بىر غېرىچ يېرىمنىمۇ قولدىن چىقارغۇلۇق ئەمەس. بىراق ... يەرنىڭ بەش يىللىق ھوسۇل پۇلى ھېسابلاپ بېرىلسە، مۇھىمى، باللىرىمىزدىن بىرەرسى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلسا ... بۇمۇ زىيان تارتمايدىغان سودىمۇ قانداق ...؟ مەيلىمىكىن - يا. بەش يىلغىچە كىم بار، كىم يوق. ۋاقتى كەلگەندە خۇدا بىر كۈنىنى ئېيتماسمۇ ...؟»

بىراق، مەجىت شۇجىنىڭ سۆزىگە بىرىنچى بولۇپ باھاۋىدىن ئاتا قارشى چىقتى.

— بۇ گەپ زادى قاملاشماپتۇ جۇمۇ، مەجىت قارى بالام. ئامبال، دوتەيىنىڭ ئالدىغا بارسامۇ مۇشۇ گېپىمنى دەيمەن. مەھەللىمىزدىن شۇنچىۋالا يەر نېمىگە لازىم بولۇپ قاپتۇ ھۆكۈمەتكە؟

زاۋۇت، ئۆي-ئىمارەت سالماقچى، — مەجىت شۇجى ئېمىشقىدۇر بىر خىل سىلىق، مۇلايىم ئاۋازدا داۋام قىلدى، — زاۋۇت سېلىنسا، ئۈرۈمچىدىكىدەك قەۋەت-قەۋەت زامانىۋى ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرسە، مەھەللىمىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلىدۇ، باھاۋىدىن ئاتا!

— بۇ گېپىڭىزمۇ توغرىدۇ...، — باۋاي كۆڭلىدە نېمىنىڭدۇر سالمىقىنى ھېسابلاۋاتقاندەك بىر نەچچە دەقىقە تۇرۇپ قالدى، — دۇرۇس، ھۆسنىمۇ كېرەك، ئەمما قورساققا ئاشمۇ كېرەك. ئېيتماقچى، بىلىۋالاي، مېنىڭغۇ ئىسمىم يوقتۇ ئۇ قاتاردا؟

— ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشىغا مۇقىملانغان يەرلەر ئاساسلىقى سىزنىڭ يەرلىرىڭىز. ئەمما قورقماڭ. ئۆمرىڭىزدىن ئېشىپ قالغۇدەك پۇلغا ئېرىشىسىز، ئوغلىڭىز زاۋۇتقا ئورۇنلىشىدۇ، — دېدى مەجىت شۇجى بىر خىل پەرۋاسىزلىق بىلەن. ئەمما شۇ چاغدا غەزەپتىن ئەسەبىلىرىنى يوقاتقان باھاۋىدىن ئاتا ھاسىسىنى پۇلاڭلاتقىنىچە مەجىت شۇجىنىڭ ئالدىغا ئېيىقتەك ئېتىلىپ كەلدى.

— شۇنداقمۇ تېخى! — ۋاقىرىدى ئۇ غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، — قايسى مۇناپىقنىڭ شۇملۇقى بۇ؟ ئاڭلاپ قويۇڭ! «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقنى 20 يىل كىيگەن باھاۋىدىن بەڭگى دېگەن مەن! — ئۇ، مەيدىسىگە مۇشتى بىلەن گۈپۈلدىتىپ ئۇردى، — شۇنداق قالپاقتىن يەنە ئەللىكىنى كىيدۈرۈپ قويسىڭىزمۇ قورقمايمەن. مەن ھايات، يەر ھايات! جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن، يېرىمنىڭ بىر چىمدىم تۇپىسىنى شامالغا سورۇتمايمەن!

قارىغاندا، مەجىت شوجى بوۋايىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋارقىراشلىرىدىن، ئۆزىگە شىلىنىۋاتقان ھاسىسىدىن قورقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھەئە، قورققۇلۇق ئەمەس، قورقۇش— 20 مو يەرنىڭ سېتىش توختامنامىسىنى بىكار قىلىش، ئىناۋەت - ئابرويىنى يەرگە ئۇرۇش، ئالقىنىغا كىرگەن ئامەتتىن قۇرۇق قېلىش دېگەن سۆز. ئۇ، ئالدىدىكى جامائەتنىڭ ھەر بىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ئەڭ يامىنى مۇشۇ مۇتەھەم، ئاچچىقى يامان تەرسا بوۋاي. مۇشۇنىڭ بېسىنى ياندۇردىمۇ، بولدى! قالغانلىرىدىن «ھا» دەپ ئاغزىنى ئاچالايدىغان بىرسى چىقمايدۇ.

— ۋارقىرىماڭ، جامائەتتىن نومۇس قىلىڭ،— دېدى مەجىت شوجى چىرايىنىڭ پېتىنى بۇزماي،— بۇغدىيىڭىزنى چاپسان ئورۇۋېلىپ، يەرلەرنى بوشىتىپ بەرسىڭىزلا بولدى.

— ھىم!... چاپسان، دەپ قويۇڭ!

— ئەلۋەتتە. ئون مو يېرىڭىزنىڭ ئالتە موسى، تۈنۈگۈندىن باشلاپ سىزنىڭ ئىلكىڭىزدىن چىقىپ كەتكەن ھېسابتا بولدى، بىلىپ قېلىڭ بۇنى.

— كىمنىڭ پەتىۋاسىكەن ئۇ؟

— ئۇ تەرىپىنى ئوغلىڭىزدىن سوراڭ. ئۇ تۈنۈگۈن ئىشخانىمغا بېرىپ توختامنامىگە سىزگە ۋەكالىتەن ئىمزا قويدى.

— خەپ تۆمۈر!... ئىمزا قويىدىغان نېمە ھەققى باركەن ئۇنىڭ؟!....— بوۋاي ساقىلىنى تۇتاملاپ، ئاچچىق، ھەسرەتلىك بىر نىدا بىلەن ئىڭرىدى،— ئۇ، يوق يەپتۇ. ماڭا رەھىم قىلىڭلار بالام. مەن ئۆز يەرلىرىمگە كۆنۈپ قالغان ئادەممەن. ئۇنىڭ توپىلىرىنى كۈندە بىر يوراپ تۇرمىسام نەشە چەككىنىم بىلەنمۇ خۇمارىمنى باسالمايمەن. يەرگە تۆكۈلۈپ تۇرغان ئۆرۈك، ئۈجمىلىرىمنى تۇپا، قۇم بىلەن قوشۇپ يېمىسەم ئۆرۈك، ئۈجمە يېگەندەك بولمايمەن...

بوۋاي سۆزلىمەكتە، ئاغزىغا، خىيالىغا كەلگەننى ئاچچىق ھەسرەت، مۇڭلۇق ئىلتىجا بىلەن سۆزلىمەكتە. ئەمما بۇ سۆزلەر، ئۆتۈنۈش، يالۋۇرۇشلار مەجىت شوجىنىڭ قۇلىقىغا كىرەر ئەمەس. ئۇ كەڭ يەلكىلىك، ئىگىز گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئۆزىگە قورقۇمسىراپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرغان جامائەتكە تۇغرىلاندى:

— مۇشۇ ئىش، كۆپچىلىك. ۋايىم يېيىشتىن، ئارىسالدى بولۇشتىن پايدا يوق. تەشكىل سىلەرنى قاچان تاشلىۋەتكەن؟ قىيىنچىلىقىڭلارنى قاچان ھەل قىلمىغان؟ ئەمدى تەشكىلنىڭ، ھۆكۈمەتنىڭ قىيىنچىلىقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىڭلار كېرەك - تە! چۈشتە كەنت ئىشخانىسىدا مەجلىس. بىر ئۆيدىن بىر ئادەم بارسا بولىدۇ، كونكرېت ئىشلارنى شۇ يەردە ئۇقتۇرىمىز!

مەجىت شوجى ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ كېتىپ قالدى. يەنە شۇ گۇڭگۇر - مۇڭگۇر، يۆتەلگەن ئاۋاز، پارقىرىغان كۆز، دوگدىيىپ كەتكەن گەۋدە...

باھاۋدىن ئاتا ئۆيىگە كىرىپ ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىشنىمۇ، توخۇ، كەپتەرلىرىگە دان، قويلىرىغا بوغۇز بېرىشنىمۇ ئۇنۇتۇدى. ئۇنىڭ كەيپى ئۇچقان، ئېڭەك گۆشلىرى مۇشتۇمدەك بۇرتۇپ، كالپۇكلىرى قارىداپ، كۆز قارىچۇقى چانىقىدا نېمىگىدۇر چەكچەيگىنىچە قېتىپ قالغان. بوۋاي ئادەتتە قاتتىق نەشە خۇمارى تۇتقان چاغلاردىلا مۇشۇنداق بولۇپ قالاتتى. ئۇ ھاسىسىنى يەرگە زەرب بىلەن سانجىپ، گەۋدىسىنى ئالدىغا سەل ئېگىپ، ھاسىراپ- ھۆمۈدىگىنىچە ئېرىق ياقىلاپ پايپاسلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ئېشەكنى ئالدىدىن ئۆتتى،

قاراپ قويمىدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ھەسرەتلىك، ئەزەپلىك بىر ئىمدا بىلەن: «تۇمۇر... تۇمۇر...» دەپ ئىڭرايتتى. دېمەك ئۇنىڭ شۇ تاپتا كەنجى ئوغلى تۇمۇرنىڭ ئۆيىگە كېتىۋاتقىنى ئېنىق.

تۇمۇر... بوۋاينىڭ خۇشاللىقى، ئىپتىخارى ۋە تەشۋىشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ ئىسىم ئۇنىڭ دىلىدا كۈندە نەچچە قېتىم يادلىنىدىكىن؟ بوۋاي كۈندە ئۆتەيدىغان بەش ۋاق نامىزىدا ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىسىمنى تىلغا ئالىدۇ. خۇدادىن ئۇنىڭغا ئىنساب، تەۋپىق، دىيانەت ۋە بەخت تىلەيدۇ. بوۋاي بۇنى ئادەتتىكى ئىلتىجا سۈپىتىدە ئەمەس، چىن كۆڭلىدىن سېغىنىپ تىلەيدۇ. ئۇ، مەسچىتتە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاللاھتىن نۇ مېھرى - شەپقەتنى تىلەۋاتقان چاغدا يۈرىكى سۇ بولۇپ ئېرىپ، كۆزلىرىدىن بولدۇقلاپ ياش تۆكۈلىدۇ. بۇ ئىلتىجالىق كۆز ياشىنىڭ بوۋاينىڭ دىلىغا ئاتا قىلىدىغان سېھرىي كۈچى ئاجايىپ. ئۇ يېنىكلەپ قالغاندەك، شەپقەتلىك تەڭرى ئۆز مېھرىنىڭ ئىللىق ھارارىتى بىلەن ۋۇجۇدىنى ئىسسىتقاندەك باشقىچە كۈچ-قۇۋۋەتكە تولىدۇ. بوۋاي مانا سەكسەنىدىن ئاشتى، كېيىدىغاننى كىيدى، يەيدىغاننى يېدى، ئەزرائىلنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ كېلىدىغان كۈنلىرىمۇ ئانچە ئۇزۇنچىلىق تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ خىيال قىلىدىغىنى، تەشۋىش- ئەندىشىگە سالىدىغىنى مۇشۇ تۇمۇر. ئۇنىڭدىن چوڭ يەتتە بالىسى بۇ يۇرتنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. ئىنشا ئاللاھ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېھقان. دۇنيادا دېھقاننىڭ رىزقى - نېسىۋىسىگە، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلىدىغان رەھمەت-ئىنايىتىگە نېمە يەتسۇن؟ دېھقان خۇداغا ئەڭ يېقىن كىشىلەر. شۇڭا خۇدا ئۇلارغا بىرىنچى

دولۇپ مۇشۇ يەرنى بەخشەندە قىلغان. ئاھ، يەر! ئۇ، خۇدانىڭ بەرىكەتلىك، نازۇ - نېمەتلىك، ھەممەتلىك داستىخىنى. ئۇنىڭ پاكلىقىغا ئانا سۈتىمۇ، ئۇلۇغلۇقىغا قۇرئانىمۇ يەتمەيدۇ! بوۋاينىڭ سەككىز بالىسى ئوتتۇز بەش نەۋرىسى خۇددى باغنىڭ ئۆرۈك، ئەنجۈرلىرىگە ئوخشاش مۇشۇ تۇپراققا تىكىلگەن.

ئىنسان ئۆزىنىڭ يەر ئۈچۈن تارتقان جەۋرى - جاپاسى، ئاققۇزغان قان - تەرى ئۈچۈن ۋايسىغۇلۇق ئەمەس، چۈنكى يەر ئۇنىڭ ھالال ئەجرىنى ھەسسىلەپ قايتۇرغۇچى ۋە ئۇلارنى كۈتكىنىدىنمۇ ئارتۇق بەختكە ئېرىشتۈرگۈچىدۇر. بوۋاي ئۆزىنىڭ سەككىز بالىسىغا، ئوتتۇز بەش نەۋرىسىگە، كۈيئوغۇل، كېلىنلىرىگە مۇشۇ ھەقىقەتنى بىر ئۆمۈر ئۆگەتتى. بالىلارنىڭ ئىنسابىغا مىڭ قەترە شۈكرى! ئۇلار بوۋاينىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرىنى يەردە قويۇشمىدى. ھەممىسى خىزىر سۈپەت دېھقانلاردىن بولۇپ يېتىشتى. شۇغىنىسى مۇشۇ تۇمۇر... سەككىز بالىنىڭ ئىچىدە قانداق چىقىپ قالغاندۇ؟ بوۋاي ئۇنى يامان دېيىشكە ئاغزى بارمايدۇ، ئەمما قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئويلىسىلا قۇيقا چېچى تىك ئۆرلەيدۇ.

خەلىچخان مۇشۇ تۇمۇرنىڭ تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتكەن. بوۋاي ئۇنى قىزىل قۇرت چېغىدىن تارتىپ قويىنىغا سولاپ، خۇددى ئانا كەپتەرنىڭ باچكىسىنى باققىنىدەك ئەزىزلەپ جان كۆيدۈرۈپ بېقىپ چوڭ قىلغىنى ئۈچۈنمىكىن، تۇمۇرنىڭ بوۋاينىڭ يۈرىكىگە سالغان مېھرى - ئوتى بالىلىرىنىڭ ھېچقايسىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. قانداق ئوخشىسۇن؟ ئانىسى ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ئىللىق ھارارىتىنى، يۈرىكىنىڭ تىنىمسىز دۈپۈلدەشلىرىنى، ئىسسىق نەپەسلىرىنى تۇمۇرگە قالدۇرۇپ كەتكەن. بوۋاي ھەر قېتىم كىچىككىنە بوۋاقنى باغرىغا تېڭىپ،

يۇراپ سۆيگەندە، ئۇنىڭدىن بىر چاغلاردىكى ئانا نەپەسلىرىنى ھىدلىغاندەك بولاتتى. بوۋاي بۇ چاغدا نېمىلا بولۇپ كېتەتتىكىن تاڭ، بوۋاقنىڭ كىچىك، يۇمران يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ، خۇددى پاناھسىز يېتىم بالىدەك ئېسەدەپ يىغلايتتى. كۆز ياشلىرىدەك ئېرىدىپ، ئۇنىڭ يۆگەكلىرىگە سىڭىپ كىرىدىپ كەتكۈسى كېلەتتى. تۆمۈر يەتتە ياشقا كىرگەندە بوۋاي ئۇنى چوڭ بالىلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن مەكتەپكە بەردى. بوۋاي ئۇنى ئوقۇتۇپ كادىر قىلىش خىيالىغۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە كادىر دوڭغاق تەرەتلىككە ئوخشايتتى. تۆمۈر بەقەت مەھەللىدىكى باشقا ياشلارغا ئوخشاش يېزىش - جىجاشنى، ئەترەت ئىشخانىسىنىڭ تاملىرىغا كاھى- كاھىدا چاپلىنىپ قالىدىغان ئۇقتۇرۇش، ئېلان، گېزىت... دېگەندەك نەرسىلەرنى بوۋايغا ئوقۇپ بەرگىدەك بولسىلا، ئۇ ھەممە جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەن ھېسابلىناتتى. ئەمما، تۆمۈر مەكتەپتىن قىيىپ قېچىپ يۈرۈپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى 13 يىلدا ئاران تۈگەتتى. ئۇنىڭغىچە تۆمۈر يوغان بىر ئەرگە ئايلانغان، بىر - ئىككى بالىغا ئاتا بولغىدەك ياشقا يەتكەن ئىدى. بوۋاي ئالدىرىدى، ئۇنى ئۆيلەپ، بېشىنى ئوڭشاپ قويۇشى كېرەك. بوۋاي ئۇرۇق- تۇغقان، يۇرت- مەھەللىدىكىلەر ئىچىدىن ئۇنىڭغا لايىق تاللاپ، پايپاسلاپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۆمۈرنىڭ ئالىقاچان بىرسى بىلەن «كۆيۈپ- پىشىپ» يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدى. خۇدايا توۋا! شۇمۇ باھاۋىدىنىڭ بالىسى بولدىمۇ ئەمدى؟ ئۈچ كۈيئوغۇل، تۆت كېلىنىنى ھېچقاچان ئەشۇ بالىلىرى تاپقان ئەمەس، ھەممىسىنى بوۋاي تاللاپ قارارلاشتۇرغان. ئەمما مۇشۇ تۆمۈرگە كەلگەندە ئۇنىڭ سۆزلىرى خۇددى بىسى ئۆپراپ كەتكەن كەتمەندەك

ھېچنېمىگە ئۆتمەي قالغانلىقى بوۋايغا بەك ئەلەم قىلدى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن بوۋاينىڭ ئۇنى ئۆيگە سولىۋېلىپ ھارغىچە دۇمبالىغىنى، ئاندىن كېيىن خۇداغا يالۋۇرغاندەك يىلىنىپ يالۋۇرغىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە.

— بۇ نېمە قىلىق تۆمۈر؟ سەن مېنىڭ يۈزۈمنى تۆكتۈڭ، ئاپاڭنىڭ روھىنى قورۇندۇردۇڭ، ئېيمە ئاچىلىرىڭنىڭ، ئاكىلىرىڭنىڭ قايسىسى سەندەك قىلغان؟

— سەن ئۇ ئىشلارنى بەش قىلما. ھەممىسى نادانلىق، فېئوداللارچە كونا ئادەت. بۇنىڭغا مەنلا ئەمەس، ھۆكۈمەتمۇ قارشى تۇرىدۇ ھازىر.

— ئەمىسە راستىنى ئېيت، پۈتۈشكەن ئادىمىڭ كىم؟

— ئۇنى ھازىر دېسەممۇ بىلمەيسەن، كېيىن بىراقلا كۆرمەمسەن.

-ھېچبولمىسا ئاتا- ئانىسىنى بىلىپ قالاي.

— ئاتىسىنى بىلمەيمەن، ئاپىسى شەھەردىكى تاجىخان.

— ئۇھ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگار! ھېلىقى تاجىخان ناسۋالمۇ؟ نومۇس قىل بالام!

— ئاپىسى بىلەن نېمە ئىشىم؟ ماڭا ناسۋالچى تاجىخان ئەمەس، ئۇنىڭ قىزى كېرەك.

— قىزىنى ئالغىچە ئانىسىنى ئال دېگەن گەپنى ئاڭلىمايتتىكەنسەن - دە، تېخى. بىلىپ قوي، جېنىم تېنىمدىلا بولىدىكەن ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەيمەن.

— ئېلىپ بەرمىسەڭ ئۇنىڭ بىلەن قېچىپ كېتىمەن.

«قېچىپ كېتىمەن. . ؟» باھاۋىدىن ئاتا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن لەسسىدە بوشىشىپ قالدى. راست، ئۇ ئەمدى قېچىپ كەتسە، ئىزدەيمەن دەپ نەدە سوراپ يۈرىدۇ؟ ئۇ، مەكتەپتىكى چېغىدا ئىككى قېتىم قېچىپ

كېتىپ، بوۋاينى قايسى كۈنگە قويمىدى. تۆ-
مۈر يوقىلاڭ ئىشلارنى باھانە قىلىپ بىرىنچى
قېتىم ئېچىپ كەتكەندە، بوۋاي بىر ئاي يۇرت
ئازدىلاپ ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ، ئاخىرى
ئۈرۈمچىدىكى يىغىۋېلىش ئورنىدىن پىت - چۈ-
شقا تالانغان ھالدا تېپىپ كەلگەن. ئىككىن-
چى قېتىم ئۇنى داخىيەندە، ھامماللىق قىلى-
ۋاتقان، ئۈستىبېشى جۇلدۇر كىيىن، ئۆزى بىر
تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ، كۆزلىرى پىل-
دىرلاپ قالغان ھالەتتە ئۆيگە قايتۇرۇپ كەل-
گەن. بوۋاي بۇلار ئۈچۈن قانچىلىك يول ئا-
زابى چەكمىدى. ئۇ يەنە قېچىپ كەتسە بو-
ۋايدا ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ-
مادار قالغاندۇ؟ ياق، قالمىدى. ئۇ ھازىر
جۈمە نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن رەستە مەس-
چىتكە بېرىشتىمۇ يولدا نەچچە يەردە ئولتۇرۇپ،
دەمىنى ئېلىپ بارىدۇ. بوپتۇ، ئەمدى ماقۇل
دېمەي ئامال يوق ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پېشانە-
سىگە ناھىيە بويىچە بۇزۇقچىلىق، پاسىقلىقتا
نامى چىققان نەپرەتلىك ئايال — ئاشۇ تاجىخان
ناسۋالغا كۈيئوغۇل بولۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاھا-
نەتلىك تەقدىر - قىسمەت پۈتۈلگەن بولسا،
بۇنىڭغىمۇ شۈكرى دېمەي ئامال يوق. توي
كۈنىسى باھاۋىدىن ئاتا يۇرتقا كەڭ كۆشادە
چاي بەردى. ئۇ، باللىرى ئالدىدىكى ئادا
قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئاتىلىق قەرزىدىن
خالاس بولغىنى ۋە يۇرتقا سالغان مول داس-
تىخىنى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. لېكىن، توي
ئۆتۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇ ئۆيدە كۆ-
تۈلمىگەن كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى؛ خۇپتەن
نامىزىدىن يېنىپ كىرگەن باھاۋىدىن ئاتا
مەسە - كالاچلىرىنى سېلىپ ئەمدىلا ياتاي
دەپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز دەرۋازا جالاقلاپ ئې-
چىلىپ، نېمىنىڭدۇر ئۆرۈلگەن، ئاندىن خو-
تۇن كىشىنىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن ناتونۇش ئا-
ۋازى ئاڭلاندى. بوۋاي كالىچىنى پۇتىغا سې-
ۋىپ، جىنچىراغنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا چىقى-
قاندا، تۆمۈر ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۇتلى-
رىنى كەرگىنىچە ۋېلسىپىت ئاستىدا سوناي-
لىنىپ ياتاتتى. كېلىنى چاچلىرى چۇۋۇلغان،
يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئۇنىڭ بېشىدا قاقاھ-
لاپ كۈلۈۋاتاتتى. نېمىلەرنىدۇر دەپ ناخشا
ئېيتىۋاتاتتى. «ۋاي ئىسىت، نېمىدېگەن سەت-
چىلىك...! ھاراق ئىچىشىپتۇ - دە، بۇ بەدب-
ەكلەر...» بوۋاينىڭ يۈزى «ۋاژ» قىلىپ
ئوت ئېلىپ، بېشىنى بۇرىدى - دە، ئالدىراپ
ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولدى، ئەمما ئۈل-
گۈرەلمىدى. كېلىنى سەنتۈرۈلۈپ، خۇددى
ئۇچۇپ كەلگەندەك ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— ھى... ھى... ھى... نەگە قاچىلا،
قېيىن ئاتامغۇ سىلى؟

— كەچ بولدى... ھۇجرىڭلىغا كىرىپ
كېتىڭلار بالام.

— ۋاي نېمانچە چىرايلىق قېرىغانلا، سا-
قاللىرى ماركس، ئېنگېلسنىڭكىدەك...

— ئىنۇ دېگەنلىرى كىم، مۇسۇلمانمۇ،
نىسارامۇ؟

— مەن نەدىن بىلەي، سىلى بىلمەمسىلە؟
ئاھ، ئاتامەي...

كېلىن مەستلىكتىن ئورنىدا ئارانلا دەس-
سەپ تۇراتتى. كۆزلىرى ئەسەبىيلىكتىن قور-
قۇنچلۇق بىر تۈسكە كىرگەن. ھەر بىر سۆز-
لىگەندە ئاغزىدىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇراپ
تۇراتتى. نومۇس، ئەلەمدىن تەمتىرەپ نېمە
قىلارىنى، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغان
بوۋاي كاردىۋات تەرەپكە داجىدى. ئەمما، كې-
لىنى خۇددى كېسەلگە يۇققان ئالۋاستىدەك
ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

— سىلىگە ئاتاپ ئاپامنىڭ ئۆيىدىن ئوب-
دان بىر نەرسە ئوغرىلاپ كەلدىم... تۆمۈر-

جانىممۇ كۆرسەتمەيدىم. خۇشال بولارلا، — ئۇ، قولىدىكى كىردىم سومكىسى ئىچىدىن ئاق سۇلياۋغا ئورالغان ياڭاقتەك چوكىلۇقتىكى بىر نەرسىنى بوۋايغا ئۇزاتتى، — مانا تۇتسىلا، مەن بارغۇ. . . سىلىدەك بەلەن قېيىن ئاتامدىن جىنىمنىمۇ ئايىمايمەن جۇدۇسىلا. . .

بوۋاي تۇگۈنچەكنى قولىغا ئېلىپ، ئۆرۈپ-چۆرۈپ كۆرۈپ گۇمانسىراپ سورىدى:

— نېمىكەن بۇ، بالام؟

— ھى. . . ھى. . . چېكىپ باقسىلا بەلەرلا. . .

بوۋاي چۆچۈپ كەتتى.

— رەھمەت بالام! — ئۇ، تۇگۈنچەكنى ئالمان-تالمان كېلىنىگە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، ئۆيگە ئۆزىنى ئاتتى-دە، ئىشىكنى «گۈپ» قىلىپ يېپىۋالدى.

— ۋېيىەي. . . قېيىن ئاتا. . . نېمە قىلەقلىرى بۇ؟ — دەيتتى كېلىنى ئىشىك تۈۋىدە خاپا بولۇپ، — ئاپام خېلى بىر يەرلەردىن ئالتۇنىنىڭ نەرقىدە تېپىپ كەلگەن نەرسە بۇ!

بوۋاي ئۆي ئىچىدە غەزەپ ۋە نومۇستىن ياغاچتەك قېتىپ قالغان. ئۇ، ياقىسىنى تۇتۇپ تەكرىگە ئۈنسىز نىدا قىلماقتا: «خۇدايا. . . پاكۇ-پەرۋەردىگارا. . . ماڭا قانداق كېلىننى يولۇقتۇرۇپ قويغانسەن؟ بۇنىڭ نەرى ئادەم، بەئەينى ئالۋاستىنىڭ ئۆزى! بۇرۇنقى كېلىنلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن تەلىيىم چىققان، ئۇلارنىڭ بېشىدىن ياغلىق چۈشمەيتتى، بۇنىڭدەك ھاياسىز گەپ قىلىش نەدە؟ ماڭا تىك بېقىپ قاريالمايتتى. قىسقىسى، نومۇس-ھايانى بىلەتتى. ماۋۇ ئېپلاس قانجۇقنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنى بولگۇن؟ ئېرىگە قوشۇلۇپ ھاراق ئىچسە، قېيىن ئاتىسىدىن ئەيمەنمەس، نومۇس قىلىشنى بىلمىسە. . . ئىسسىت تۆمۈر! ھەي ئاتىسىغا تارتمىغان لاتا قوزۇق! ئۆزۈڭ تاللاپ تاپقان خوتۇنۇڭ مۇشۇمۇ؟ بۇ مەرەزدىن تېخى كۆرىدىغان كۈنۈڭ بار ئوخشىمامدۇ سېنىڭ؟»

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بوۋاي تۆمۈرنى باغقا چاقىرىپ سورىدى:

— قانداق؟ كېلىشىپ قالدىغاندەك تۇرامسەن؟

— كېلىشىپ قالمايچۇ، ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ تېپىشقان، يېڭى زامانچە ئۆي تۇتقان تۇرساق.

نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇ، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ قايسى كۈندىكى بىھايا قىلىقسىزلىقلىرىنى ئوغلىنىڭ يۈزىگە سېلىپ، ئارىدىكى پەردىشەپنى بۇزۇۋېتىشنى خالىمايدۇ.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى بوۋاي خۇرسىنىش ئىچىدە ئېغىر تىنىپ. — ئەمما ساڭا دەيدىغان بىر گەپ، ماۋۇ ئۇن خالتىسىنى كۆزۈمدىن نېرى قىل، ياخاقلىقتىكى ئۆينى ساڭا جاندۇپ قويدۇم.

— ماڭا ئۆي ئايرىپ بېرەي دەۋاتامسىز؟ — تۆمۈرنىڭ نەپسى تاقىلداپ، كۆزلىرىدە بىر خىل ھەۋەس، تەقەززالىق ئوتى چاقناپ كەتتى.

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ، — بوۋاينىڭ شالاڭ كىرپىكلىرىدە سۈبسۈزۈك ياش يالتىرىدى، — شۇغىنىسى بەك بالدۇر بولۇپ كەتتى. يېشىڭ كىچىك، تېخى يىگىرمە بەشكىمۇ كىرمىدىڭ، بىر ئۆينىڭ ئېغىرىنى قانداقمۇ كۆتۈرەرسەن؟ ئەمما سېنى شۇنداق قىلمايمۇ بولمىدى. ھەممە ئىشتا ئەقلىڭنى ئىشقا سېلىشتىن، جاپا-مۇشەققەت تارتىشتىن قاچمىساڭلا، ھاياتلىق دېگەننىڭ يولى كەڭرى. باغدا ئون ئۈچ تۈپ ياڭاق، سەككىز تۈپ ئۆرۈك، يىگىرمە يەتتە تۈپ شاپتۇل، بەش تۈپ ئانار

بارە بۇلارنىڭ مۆگىسىنى ساتساڭ ئىككىڭلارنىڭ خەج - خىراجىتىڭدىن، باغنىڭ بېشىدىكى ئالتە مو يەرنىڭ ئاشلىقى قورسىقىڭلاردىن ئېشىپ ئاشىدۇ. مەھەللىمىز شەھەرنىڭ بېقىنىدا، يەر قىس. ئەمما مۇنبەتلىكتە يەتتە ئىقلىمدا تېپىلمايدىغان ئالتۇندەك يەرلەر بۇ. ئېسىڭدە بولسۇن، يەرنىڭ سىر - ھىكمىتى شۇكى: ئىنسان - ئىنسانغا قىلالمىغان مېھرى - شاپائەتنى يەر قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئىنساندىن ساخىيلىق، ھورۇنلۇق ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈن جانكۆيەرلىك بىلەن ئىشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

مانا شۇ گەپلەرنىڭ بولۇنغىنىغا بىر يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ زىقلاشلىرى، ۋارقىراشلىرى، يالۋۇرۇشلىرى تۆمۈرگە تەسىر قىلىدىمىكىن، ئۇ، ئۆتكەن يىلى كۈزدە يېرىدىن 25 تاغارچە بۇغداي ئالغان، بېغىدىن 2000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلغان. بوۋاينىڭ كۆز بەمچە، تۆمۈرنىڭ بۇ يىل ئالىدىغان بۇغدىيى، بېغىدىن قىلىدىغان كىرىمى ئۆتكەن يىلىدىكىدىن يېرىم باراۋەر ئاشىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ-لا تۇراتتى. ئەمدى تۆمۈر مۇشۇ يەرلەرنى ساتماقچى بولغان بولسا - ھە؟ ئەقلىدىن ئازغانمىدۇ، ساراڭ بولغانمىدۇ ئۇ؟ ئۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يەر ساتىدىغان ھەددى ئەمەس! بوۋاي ئۆزىگە قاراشلىق ئون مو يەرنىڭ ئالتە موسىنى تۆمۈرگە ئايرىپ بەرگىنى راست، لېكىن ئۆزى تېخى ھايات!

باھاۋىدىن ئاتا مېڭىسىگە ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرمىشىپ كەتكەن ئەشۇ كۆڭۈلسىز خىياللىرى بىلەن ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ ياڭاقلىققا قانداق قىلىپ، قايسى يول بىلەن كېلىپ قالغىنىنى بىلمىدى. ئۇ قوش قاناتلىق دەرۋازىنى مۇشتلاپ:

— تۆمۈرقارى! ھەي تۆمۈر ...! — دەپ چاقىردى.

شۇ ھامان ئۆي ئىشىكىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلغىنى، ئاندىن كېلىنىنىڭ كۈلكە ئارىلاش چاڭقىلداپ سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋىيەي ...! كۈندۈزدە دۈمباق قىلىپ چالمىغان مۇشۇ دەرۋازا قالمىدىمۇ ھەر قايسىلىرىغا! ئادەمنى قورقاتمىسىلا دەيمەن... مانا ھازىر ... — كېلىنى دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئاچتى - دە، چىرايى كۆمۈردەك قارىداپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن قېيىن ئاتىسىنى كۆرۈپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى، — ۋاي ئاتامەي ...! ئۆزلىرىدىكەنلىغۇ! مەن تېخى قايسى نوچىنىڭ چاقچىقىكىن دەپتىمەن. ئۆيگە كىرسىلە، لەگمەنگە بىلىنە قىلىپ قويغان، ئىسسىق يەملا، سوغۇقمۇ، تۇم يەمىلا، يابىلاقمۇ؟ ئۇھ، دەپ ئىككى تىنىپ بولغىچە غاچچىدە تەييار قىلىمەن!

باھاۋىدىن ئاتا ئاغزىدىن گەپ ئەمەس، ئوت پۈركۈيدىغان بۇ كېلىنىگە ئۈچلۈكى قايناپ، دەرۋازا تۈۋىدىكى ياغاچقا قارىغان بولۇپ تۇرۇۋالدى.

— تۆمۈر قارى يوقمۇ؟

— ۋىيەي، شۇ قارىلىرىنى قويسىلا. ئۈستىبېشىنى شياڭگاڭچە ياساپ قويۇۋېدىم، قۇرغۇيدەك قانات ياساپ ئۇچقىلى تۇردى. ئۇ ھازىر كېچىسى ئەمەس، كۈندۈزمۇ ماڭا يېتىشمەيدىغان بولۇپ كەتتى دېسىلە.

— تۆمۈر قارى كەلسە ئېيتىپ قويسىلا، — باھاۋىدىن ئاتا خۇددى نىجاسەتنىڭ سېسىق پۇرىقىدىن سەسكەنگەندەك ئارقىسىغا تېزلا ياندى، — كەلگەن ھامان قېشىمغا بارسۇن.

كېلىنىنىڭ ھاياسىز سۆزلىرى، مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرى بوۋايغا ھار كەلدى. ئۇ گويا مەسچىتكە كىيىمۋېتىپ نىجاسەت

دەسسۇالغاندەك غەشلماك، بىتاپلىق ئىچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

ھەويلا ئىمتاس. كەپتەرلەر پىشايۋان ئاستىدىكى ئۇزۇن قونداقلاردا ئولگۇدىشەتتى، ئۇلار گويا بىپايان ئالەم، ئۆز كەچمىشلىرى، باللىرى، ئوزۇق - روزىغارى ئوسنىدە تەگسىز ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيالغا پاتقانىدەك جىمجىت، غەمكىن كۆرۈنەتتى. قۇياش دەرۋازا ئالدىدىكى قېرى ئۈجمە ئوستىگە شۇڭغۇپ چىققان، ئۇ ئوچۇق ئەمما ھارغىن، ئوتلۇق ھارارىتى سامان چوغىدەك تارتىمسىز ئىدى.

بىر چاغدا دەرۋازا جالاقلاپ ئىچىلىپ، ۋېلسىپىتنىڭ جاقىلدىغىنى، ئاندىن چاقىنىڭ رىتىملىق چىكىلدىغىنى ئاڭلاندى. پېشايۋان ئاستىدىكى ئوچاققا مىس چۆگۈننى قويۇپ چاي قاينىتىۋاتقان باھاۋىدىن ئاتا ئىستىن ياشاڭغۇرىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغاچ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى.

— مېنى كېلىپ كەتسۇن دەپتىكەنسەن ئاتا، — تۆمۈر ۋېلسىپىتنى بىدىش ئاستىغا دەسسىتىپ قويۇپ، كاردىۋاتنىڭ بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى.

بوۋاي ئوغلىنى كۆرمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغان. ئۇنىڭ ھوشيار كۆزلىرى ئوغلىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى باشقىچە تېتىكلىك ۋە خوشاللىقنى بايقىدى. تۆمۈرنىڭ ئۆسكىلەڭ قوڭۇر، بۇدۇرە چاچلىرى بېشىدىكى كەپكىسىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۈچىسىغا گۈللىرى يول - يول كۆك مايكا، كاسىسىنى سىقىپ تۇرغان تار كۆك شىم كىيگەن، ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. «يا . . . پەرۋەردىگار، خوتۇنىنىڭ ساراڭلىقىمۇ يوققان ئوخشىمامدۇ بۇ ھەرەزگە. خوتۇنىنىڭ شياڭگاڭچە ياساپ قويدۇم دېگىنى مۇشۇمىكىن - ھە؟»

— ھە . . . بولمىسا كەلمەمتىڭ قېشىمغا؟

— ياقەي . . . — تۆمۈر گەدىنىنى قاشلىدى، — ئالدىراش بولۇپ كېتىپ . . .

— خوش، نېمە ئىش - كۈش بىلەن؟

— ئاچام (1) ئىچكىرىدىن مال يۆتكەپتىكەن، شۇنى سۇ قىلىمەن دەپ . . .

— بايا كېلىشىمدە بۇغدىيىمگىنى كۆرۈپ باقتىم، پايپاقلىشىپ، يەرگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. ئىسسىت! . . . ھال چۈشۈپتۇ. دورا چاچ دەپ نەچچە قېتىم دېدىم مەن ساڭا. قۇلىقىڭغا كىرمىگەن ئىكەن - دە، ئۇ گەپلەر؟

تۆمۈر ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ كۆزى كەپتەرلەردە ئىدى. ئۇنىڭ ئېرەنسىزلىكى بوۋاينىڭ قېنىنى قاينىتاتتى.

— ئۇنى قاچان ئورماقچىسەن؟

— بىرەرسىگە كۆتۈرگە بېرىپ ئوردۇرۇۋېتەيمىكىن دەيمەن. ئىمپەش، سورۇشىمۇ . . .

— ھۇ، لاتاغىلاپ بەدىرەك! سەنچۇ، سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟ خوتۇنىڭغا ئوسما قويامسەن؟

— گۈك كۆتۈرمەيدۇ ئاتا. مەن ھەر كۈنى ئاچامنىڭ (1) دۇكىنىدا ئوتتۇز - قىرىق كويغا ئىشلەۋاتىمەن.

— شۇ پۇلنى دەپ يەردىن ۋاز كەچكەن ئىكەنسەن - دە. ئېيتە، يەر سېتىش توختامنامىسىغا نېمىشقا قول قويدۇڭ؟!

— يەر سېتىشنى كەنت كادىرلىرى باشلاپتۇ، مەنمۇ شۇلارنى دوراپ باقتىم. يامان قىلمىدىم.

— تېخى يامان قىلمىدىم دەيسەنا، ھۇ، مۇناپىق كارۇڭ! — بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى، — يەردىن ئايرىلساڭ نەگە ئاش تېرىيسەن؟

— ئاش تېرىمايمەن.

— ئاش تېرىمىساڭ كېلىنىڭغا نېمە يەيسەن، پوق يەمسەن؟

(1) قېيىن ئاتىسىنى دېمەكچى.

— ئاتا دەپ ھۆرمەتلىگەننى بىل، ئاغزىڭنى بۇزما! دېدى تۆمۈر ھۆرپىيىپ، — ئاش تېرىمايمۇ ھېچكىمنىڭ ئاچ قالغىنى يوققۇ. بىلەمسەڭ، بۈگۈنكى كۈندە ئاش تېرىغانلار ئاچ، دېھقان بولغانلار ھەممىدىن خار، ھەممىسىدىن كەمبەغەل. نېمە دېسەڭ دە، ئاتا، تىللىساڭمۇ تىللا، ئۇرساڭمۇ ئۇر، ئەمما شۇنى ئاڭلاپ قال، بابا كەنت ئىشخانىسىغا بېرىپ، يەرنىڭ بەش يىللىق ھۆسۇل ھەققىنى، نېرى - بېرى پۇللىرى بولۇپ ئون سەككىز مىڭ يۈەن پۇل ئەكەلدىم. ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ دېھقان ئەمەسمەن. كونسېرۋازاۋۇتى پۈتكىچە شەھەرگە كىرىپ سودىگەرچىلىك قىلىپ تۇرىمەن، زاۋۇت پۈتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىشچى بولۇپ كىرىمەن.

— كاپشىما، قېنى پۇل؟

— خوتۇنىغا تاشلاپ بېرىپ كەلدىم.

— ماڭ. ھازىر بېرىپ ئەكەل!

— نېمە قىلىسەن؟

— قايتۇرۇۋېتەمەكچىمەن. ساڭا چىرايلىقچە ئېيتاي. ئەقىلسىزلىق قىلما تۆمۈر، سەن يەرنى ساتمىدىڭ، ئۆزۈڭنىڭ بەخت - تەلىيىڭنى، ئۆمرۈڭنى ساتتىڭ!..

بوۋاي غەزەپ، ئېچىنىش ئىچىدە سۆزلىمەكتە، يالۋۇرماقتا. ئەمما ئۆردەكنىڭ قانىتىغا سۇ يۇقمىغاندەك، بۇ سۆزلەرنىڭ بىرەرسىمۇ تۆمۈرنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

— مېنى بېقىپ چوڭ قىلدىڭ، ئوقۇتتۇڭ، ئۆي جايىمۇ ئايرىپ بەردىڭ،— دېدى تۆمۈر، — بۇنىڭغا رەھمەت. لېكىن ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىمغا ئارىلاشما.

— نېمە دېدىڭ؟ پۇلنى كۆرۈپ، تېخى مېنىڭدىنمۇ تانماقچىمۇ سەن، ۋاپاسىز؟! — باھاۋدىن ئاتا تۆمۈرنى ھويلا ئىچىدە قوغلاپ يۈرۈپ بېھى باغىچىدىن ياسالغان قوپال ھاسا-
سى بىلەن باش- كۆزىگە غەزەپ بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. ھاسا چۇل- چۇل بولۇپ سۇنۇپ كەتتى. باش- كۆزى يېرىلىپ قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن تۆمۈر دەرۋازا تەرەپكە ئوقتەك ئېتىلدى - دە، قېچىپ كەتتى.

3

داستىخاندا نان ئۇشتالغىنىچە، چاي پىيالىگە قۇيۇلغىنىچە. ھەر ئىككىيلەن نە ناندىن بىر چىشلەپ، نە چايدىن بىر ئوتلاپ باققان يوق.

— بۇ ئىشتا سىزگە دەرد تۆككەيمۇ يا كى ئەھۋال تونۇشتۇرايمۇ، قايسىسىنى قىلاي ئەھمەت شاڭجاڭ؟ — مىجىت شۇجى قولىدىكى يېرىمى قالغان ئاچچىق تاماكىنى بىر- ئىككى شوراپ پەگاغا ئاتتى.

— ياق، مېنىڭ مۇنداق دېگىنىم...

— گېپىڭىزگە چۈشەندىم، — دېدى ئۇ ئەھمەت شاڭجاڭنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — سىز مېنى يەر مەسىلىسىدە ئەيىبلىمەكچى. بابا دەپ ئۆتتىڭىزغۇ، يەر سېتىش مەركەزنىڭ سىياسىتىگە، ھەتتا قانۇنغا خىلاپ قىلمىش دەپ.

— توغرا.

— مانا، ئەيىبلەش ... ۋاقتى ئۆتكەندىن كېيىنكى ئەيىبلەش ... ئەيىبلەيدىغان، قامچىلايدىغان ئادەم بار، دەرد تۆكۈپ بارسا ئاڭلايدىغان بىرەر ئادەم يوق،— مىجىت شۇجى ئاچچىقىدىن يەنە تاماكا ئوراشقا كىرىشتى. ئۇنىڭ قوللىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى.

— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ، — ئەھمەت شاڭجاڭنىڭ ئاللىقاچان كۈلكە ئۆچكەن چىرايىدا ئىستېھزالىق سۇس كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى،— دەرد تۆكۈپ بارسا ئاڭلايدىغان

بىرەر ئادەم يوق دەيسىزە. شەخسەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق ئىش بولۇپ باقمىدىمۇ؟

— ئەمىسە ئېسىڭىزگە سېلىپ قوياي، — مىجىت شۇجى تاماكىسىغا زەرپ بىلەن سەرەڭگە چاقتى، — يېزىلىق پارتكوم ناھىيىدىكى ئۇ ئىدارىدىكە بەر، بۇ ئىدارىدىكە بەر دەپ، بىرمۇنچە تېرىلغۇ يەرلىرىمىزنى شىلىپ كەتتى. پارتكوم قارارىنى ئاڭلىماسلىققا، ئىجرا قىلماسلىققا ھەددىم بارمۇ؟ نەچچە دېھقاننى قاڭغىر قاخشىتىپ تۇرۇپ يەر ھەل قىلىپ بەردىم. سىزگىچۇ، سىزگە ئاجرىتىپ بەرگەن يەرگە بۇ كەنتتە كىمنىڭ رازىلىقى بولغان؟ مېنىڭ رازىلىقىم بولغانمۇ. نېمە ئۈچۈن تەلەپىڭىزنى بىر يىل كەينىگە سۈرىدىم؟ سەۋەبى، دېھقاننى قاخشىتىشقا چىدىمىدىم - دە، لېكىن، ئاخىرى ئەدەبلەپ قويۇشىڭىزدىن قورقتۇم.

ئەھمەت شاڭجاڭنىڭ يۈرىكىنى شۇ ئان مۇزدەك سوغۇق بىر ئېقىم يىلاندەك چىرمىۋالدى. ئۇ، خۇددى بەزگەك ئادەمدەك نومۇس، پۇشايمان ۋە ئازابتىن جالاقلاپ تىترىدى. مىجىت شۇجىنىڭ ئاچچىق ئارىلاش قىلىۋاتقان بۇ سۆزى ئارقىلىق، ئەسلىدە نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. «سېنىڭمۇ كېلىڭ بولغانغان، مېنى ئەيىبلەشكە سالاھىيىتىڭ يوق» دېمەكچى. ھەي ... ئۇ، ئۆتكەن يىلى بۇ مەھەللىدىن بەش پۈڭ يەر ئېلىپ، نېمىشقىمۇ ئۆي سالغان بولغىيدى؟ ئەمدى مۇشۇ بەش پۈڭ يەر كەنتنىڭ مۇنۇ ھاكاۋۇر، مۇتەھەم شۇجىسى ئالدىدا ئۇنىڭ تىلىنى قىسقا قىلماقتا، يۈزىنى قىزارتماقتا. بولمىسا، ئۇ، كەنت شۇجىسىنىڭ شۇنچىۋالا ئېغىر، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى تۇرۇقلۇق قىلىۋاتقان تەھدىت ئارىلاش ئاچچىق سۆزلىرىگە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇراتتىمۇ؟ ئۇ شۇڭا ئەمدى يەنىلا سىپايىلىق بىلەن مىجىت شۇجىنىڭ دۈمبىسىنى پوپىلاپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك تۈرىدە سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى.

— توغرا، بۇ ئىشنى مېنىڭ سەمىمگە سېلىپ ياخشى قىلدىڭىز، — ئەھمەت شاڭجاڭنىڭ ئاۋازى خورسىنىش ۋە پۇشايماندىن تىترەپ كەتتى، — ئەشۇ بەش پۈڭ يەرنى ئېلىپ مەن ناھايىتى خاتا قىلغان. بۇ خاتالىق يالغۇز مەندىلا ئەمەس. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىزنىڭ تېرىلغۇ يەرنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. دېھقانلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى، كەسىپلىشىش، كارخانىلىشىش بىلەن شۇغۇللىنىشىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا كۆپ تەكىتلەپ، ئۇلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىغا بولغان يېتەكچىلىكنى، يەر باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويدۇق. بىز بۇ خاتالىقلارنى تونۇغان چېغىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ ئالدىقاچان كېچىككەنلىكىنى ھېس قىلدۇق. لېكىن، مېنىڭچە، بىز كېچىكسەكمۇ يەر مەسىلىسىدىكى بىر مۇنچە خاتالىقلارنى تۈزىتىشكە، ئالدىنى ئېلىشقا ھېلىھەم ئۈلگۈرەلەيمىز. مەن سىلەردىن ئالغان يەرنى ئۆي بىنەن قوشۇپ ھەقسىز قايتۇرۇپ بېرىشكە تەييار. يېرىدىگلارنى ئىگىلىۋالغان باشقا يېزا كادىرلىرىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئەمدى سىز ناھىيىلىك يەر باشقۇرۇش ئىشخانىسى ئارقىلىق سېتىشقا كېلىشىپ بولغان 20 مو يەرگە كەلسەك ... ئەمدى قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ مىجىت شۇجى. بىر قىسىم يەر پۇلىنى دېھقانلارغا تارقىتىپ بولغان دەمسىز؟ بېرىپ يىغىۋالساقلا بولمامدىمۇ.

— توختامنامىنى ئەمەلدىن قالدۇر

دېمەكچىمۇ سىز؟ — مىجىت شوجى بۇ سۆھبەتتىن ئىچى پۇشۇپ، كۆيۈشكەن پۇتلىرىنى ئۇۋۇلىدى.

— شۇ، شۇنداق. پەقەت مۇشۇ چارىلا بىزنى خاتالىقتىن ساقلاپ قالالايدۇ.

— قالىس بىلەن گەپ بولدى‑دە، بۇ. ئەمىسە ماڭا بىر ياردەم قىلامسىز ئەھمەت شاڭجاڭ.

— مەسىلەن، قانداق؟

— دېدىڭىزغۇ، توختامنامىنى ئەمەلدىن قالدۇرىمىز دەپ. بۇنىڭغا مانا مەن تەييار. لېكىن، مەن بۇ گەپنى ھاكىمنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ سېمىق گېپىنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن.

— بولدى، ئۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ھاكىم بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن، — دېدى ئەھمەت شاڭجاڭ كېتىشكە تەرەددۇتلىنىپ. بايىقى كۆڭۈل بىئاراملىقىدىن جىددىيلىشىپ، بۇلۇتلۇق كۆز ئاسمىنىدەك تۇرۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا مەمنۇنلۇقنىڭ ئىللىق شادىيانە كۈلكىسى تېپىپ چىقتى، — چۈشلۈك ئويقىڭىزنى ئۆلتۈردۇم. خاپا بولماسسىز، خوش ئەمىسە!

مىجىت شوجى ئەھمەت شاڭجاڭنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ دېرىزە پەردىسىنى چۈشۈردى‑دە، ئۆزىنى يوغان كاڭغا بىر كەلگەن گىلەم ئۈستىگە تاشلاپ، ئۆزىچە خىرىلداپ كۈلدى: ئەخمەق شاڭجاڭ! ئۆيىگە شاپاشلاپ كېلىپ، قانۇن، سىياسەتنى ئېزىپ، چاينىپ بىر تاغار سۆزلەپ كەتكىنىنى تېخى. شۇنىڭ بىلەن ئادەم قورقىتىمەن دەيدۇ‑دە. ھا... ھا... ھا... بۇ تەھدىت، پوپوزىلار مىجىت شوجىنىڭ بىر تال بۇرۇتىنى تەۋرىتەلمەيدىغانلىقىنى ئۇ چۈشەنمەمدىكەن‑ھە؟ دۇرۇس، مىجىت شوجى ئەمەل‑مەرتىۋە جەھەتتە ئۇنىڭدىن بىر ‑ ئىككى دەرىجە تۆۋەن، پەقەت مۇشۇ كەنتتىكىلا باش رەھبەر. بىراق، ئۆي‑جاي سېلىش ئۈچۈن مۇشۇ كەنتتىن يەر تەلەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈنۈش، ئىلتىجا بىلەن قول باغلاپ كەلمىگەن ناھىيىنىڭ قايسى باشلىقى قالدى؟ مىجىت شوجى شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋاتقىنى كەنت ھوقۇقىنىڭ قىزىل تامغىسى ئەمەس، بەلكى يەردىن ئىبارەت پۈتمەس‑تۈگىمەس خەزىنىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى پەملىگەن. دەرۋەقە، ئۇ دەسلەپتە بۇ خەزىنىنى بىر كېسىم‑بىر كېسىمدىن ئۇلارغا شىلىپ بېرىشتىن قورققان، خۇددى ئەھمەت شاڭجاڭدەك قانۇن، سىياسەتنى سۆزلەپ تۇرۇۋالغانىدى. لېكىن، ئۇلار مىجىت شوجىنىڭ ئۇ گېپىگە كۈلۈپلا قويۇشتى، خالاس. مىجىت شوجى كېيىنچە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى بىلىۋالدىكى، جۇڭگو جەمئىيىتىدە ھوقۇق، ئىمتىياز ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن، توغرا تاپقان، ئارزۇ قىلغان نەرسىلىرىنىڭ قانۇن، سىياسەتكە چۈشمەيدىغانلىرى بولمايدىكەن. ھازىر مەھەللىنىڭ بۇرۇنقى ئوتتۇز نەچچە تېرىلغۇ يېرىگە تارتىلغان «ئەمەلدارلار كوچىسى» ۋە ئۇنىڭ ئىككى قاسنىقىغا سېلىنغان ھەشەمەتلىك، ياسىداق ئۆيلەر مىجىت شوجىنىڭ ئەشۇ يېڭى چۈشەنچىسىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. لېكىن، بۇ تۇنجى تەۋەككۈلچىلىك بىلەن تەڭ مەھەللىدىكى دېھقانلارنىڭ خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك تەۋرەپ كەتكەنلىكى، ناھىيە، ۋىلايەت، ھەتتا ئاپتونوم رايونغىچە ئەرز قىلىشقانلىقى ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ شۇ چاغدا بۇ ئىشتىن چۆچۈپ قالغان، ھەتتا ياچېيكا شۇجىلىقىدىنمۇ ئۈمىد ئۈزگەنىدى. ئۇ، تىڭ‑تىڭلاپ يۈرۈپ، يۇقىرىدىن ئەرزلەرگە سېلىنغان تەستىقنىڭ كەسكىن، قاتتىقلىقىدىن، ھەتتا بىر قېتىم ۋىلايەتتىن بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ خىزمەت

كۆرۈپىسىنىڭ كەلگەنلىكىدىنمۇ خەۋەر تاپتى. ئۇ، غەم-تەشۋىشتىن ئۇيقۇسى قېچىپ، مۇشۇ ئوتتۇز مو يەر مەسىلىسىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان ناھىيە رەھبەرلىرىنى بىر كۈنى ئىزدەپ كەلدى. قىزىق ئىش! ئۇ، بۇرۇنقىدەك تەمكىن، خۇشال، ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئوچۇق چىراي كۆرۈنەتتى.

—شۇنىڭغىمۇ ئەندىشە قىلىپ كەتتىڭىزمۇ مەھمەت شۇجى؟ تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئەرز دېگەن يېزىۋېرىدۇ. رەھبەرلەرنىڭ ئۇنى بىر-بىرلەپ كۆرىدىغان نەدىكى چولىسى دەيسىز. ھەممىسى ئەرزىيەت ئىشخانىسىغا چۈشۈرۈلىدىغان گەپ. ئەرزىيەت ئىشخانىسى ئۇ ئەرزلەرنى ئوقۇسا ئوقۇيدۇ، ئوقۇمىسا يوق، ھەممىسىنىڭ كەينىگە ئاللىبۇرۇن بېسىپ تەييارلاپ قويغان «بۇ ئەرزنى تەكشۈرۈپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ قويۇشىڭلارنى سورايمىز» دېگەن خەتنى چاپلايدۇ-دە، بىزگە ماڭدۇرىدۇ. ھەممىسى رەسمىيەتچىلىك! ئۈستىمىزدىن قىلىنغان ئەرز-شىكايەتلەر چۆرگىلەپ-چۆرگىلەپ، ھەممىسى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشىدۇ. مۇشۇنداق ئىش بۇرادەر. ئەمدى چۈشەنگەنسىز. تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلماق تېخىمۇ ئاددىي. ئوينىتىمىز، يېگۈزىمىز، ئىچۈرىمىز، ئۇلار نېمىلا دېگەن بىلەن بىزگە مېھمان-دە. بىر كۈنلەردە قارىسىڭىز، ئۆزلىرى كېتىشكە ئالدىراپ، ھەتتا ماشىنىلىرىغىمۇ چىقىپ بولۇشقان بولىدۇ. خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ دەيمەن. قاراپ تۇرۇپ، سىزدەك پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام رەھبىرىي كادىرىنى ئوتقا تەققىدىغان ئىشنى قىلمايمىز!

دەرۋەقە، ئەمەلىيەتتىمۇ ئىشلار شۇنداق بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن نارازىلىق ئەرز-شىكايەتلەرنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئاستا-ئاستا بېسىقىپلا قالماي، ئۇمۇ ئاشۇ بىر قېتىملىق يەر سودىسىدا 10 مىڭ يۈەندىن ئوشۇق تاپاۋەتكە ئىگە بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ، بۇنىڭدىن ئالتە-يەتتە يىل بۇرۇنقى ئىشلار. ئۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتتە نېمە ئىشلار بولمىدى؟ نەقەللىسى، كىشىلەرنىڭ قەدىر-قىممىتى بۇرۇنقىدەك سىياسىي سالاھىيەت بىلەن ئەمەس، ئىقتىسادىي ئورنى بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولۇپ قالدى. مەھمەت شۇجى ھازىر ئەشۇ چاغلاردىكى كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن غەم-تەشۋىش چەككەن ساراسىمىلىق ھالىتىنى ئويلىسا، ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى نادان، تەدبىرسىز، توخۇيۈرەكلىكىدىن كۈلىدۇ. كوممۇنىزم غايىسى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق رولى، ساپلىق، دىيانەتلىك، ئادىللىق دېگەن نەرسىلەر ئەمدى ئۇنىڭ نەزىرىدە كېيىنكى ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇ، بۇرۇنقى خۇداغا چوقۇنغاندەك چوقۇنغان ئېتىقاد ۋە سىياسىي قاراشلىرىدىن تاسادىپىي بۇرۇلۇش نەتىجىسىدە ۋاز كەچكەن ئەمەس، بەلكى ئۆي-جاي سېلىش ئۈچۈن يەر ھەل قىلىش تامامىدا ئۇنىڭ شەرىپىگە ئۇيۇشتۇرۇلغان بەزمە، ئولتۇرۇشلاردا ئۆزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئاتالمىش جىرىك-جىرىك كوممۇنىستلارنىڭ، ناھىيىنىڭ بەزى پېشقەدەم رەھبەرلىرىنىڭ يۈرىكىدىن شۇنداق بىر يېڭىچە شوئارنى ئاڭلاپ قالغان: «پۇل تاپ، ئەمەلدار بول، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆر!» ۋاھ، نېمە دېگەن توغرا شوئار؟! دېمىسىمۇ، جۇڭگودا بۇ شوئار ئاشكارا توۋلانمىغىنى بىلەن، ھەممە ئادەم مۇشۇلار ئۈچۈن بىر-بىرىگە رىقابەت جېڭى ئېلان قىلىۋاتامدۇ. مەھمەت شۇجى ئەمدى ئۆزىنىڭ كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئەمەلىنى كىچىك ھېسابلىمايدىغان،

ئۇنى باشقىچە بىر مەنىدە چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدى.

كالىنىڭ قولىقىغا چاپلىشىۋالغان سالجىنى ئۆزىنى كۈچلۈك سانىغاندەك، مىجىت شۈجىمۇ ئۆزىنىڭ ناھىيە رەھبەرلىرى بىلەن يېقىنلىقى ۋە يەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تومۇشۇقىدىن ئىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى ناھىيە بويىچە ئەڭ ئىناۋەتلىك، ئارقا تىرىكى ئەڭ كۈچلۈك شۈجى ھېسابلايتتى. مەھەللىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ يەنە يىگىرمە مو تېرىلغۇ يەرنى سېتىشقا جۈرئەت قىلىشىمۇ ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئەشۇ كۈچلۈك ئىشەنچىسىدىن كېلىپچىققانىدى. بۇ قېتىمقى يەر سودىسىنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇنىڭغا ناھىيىنىڭلا ئەمەس، ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرىمۇ ئارىلاشقان. مىجىت شۈجى بۇنىڭ سەۋەبىنى كېيىنرەك بىلدى. كونسېرۋا زاۋۇتىنى سالغۇچىنىڭ ۋىلايەتتىكى مەلۇم باشلىقلارغا يېقىن بولغان بىر سودىگەر ئىكەنلىكىنى بىرەيلەن قايسى كۈندىكى كاۋاپ سورۇنىدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قويغانىدى. كونسېرۋا زاۋۇتىدىن ئېشىپ قالغان 16 مو يەرنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە ئائىلە قورۇسى سېلىش ئۈچۈن، قالغان قىسمىنىڭ ناھىيە ھەم ۋىلايەتنىڭ ئايرىم باشلىقلىرىغا ئۆي - جاي سېلىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغانلىقى مىجىت شۈجىغا ئېنىق. ئۇ، ئىچىگە توزغاق تىقىلغان يۇمشاق قوش ياستۇققا بېشىنى قويۇپ، كۆزىنى ئۈگدىسىغا تاشلاپ، بۇ قېتىمقى يەر سېتىشتىن كەنت مالىيەسىگە كىرىدىغان كىرىمنى كۆڭلىدە تەپسىلىي ھېسابلاپ چىقتى. پۇل ئاز ئەمەس ئىدى! ئۇ ئەمدى بۇ پۇلنىڭ قانچىلىكىنى ئۆزىگە، قانچىلىكىنى كەنت باشلىقىنىڭ چونتىكىگە قاچقايتىشىنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى ...

چىڭقى چۈش. ئەتراپ خۇددى چوغى يېلىنجاۋاتقان تونۇر تەپتىدەك قىزىق. دەرەخ يوپۇرماقلىرى شامالسىز ھاۋادا سولاشقاندەك بولۇپ، ئەركىلىرىدە جىمجىت قېتىپ قالغان. باغلاردا نەغمىچى قۇشلارنىڭ تېنىمسىز، شوخ چۇرۇقلاشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. خۇددى پۈتۈن كائىناتنى تەگسىز خىيالنىڭ مۈگدىلۈك ئۈگدىكى باسقاندەك. پەقەت ئېرىقتا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىلا ئويغاق. ئۇ، تەبىئەتكە، ئىنسانلارغا، جىمى ھاياتلىققا نېمىدۇر سۆزلەۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئەھمەت شاڭجاڭنىڭ مىجىت شۈجى بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن مۇزدەكسوۋۇغان ۋۇجۇدىنى چىڭقى چۈشنىڭ ئوتتەك ھارارىتىمۇ ئىسسىتالمىدى. يۈرىكىدە سۆھبەت بىلەن تەڭ باشلانغان ئەسەبىي تىترەك ئەمدى چىدىغۇسىز بىر ئاغرىققا ئايلانغان. بۇ ئاغرىق ئۇنىڭ روھىنى ئازابلىماقتا، ئەسەبىيلىرىنى قاقشاتماقتا، ھالىدىن كەتكۈزمەكتە. ئۇ، ئېرىق ياقىلاپ كېتىۋېتىپ مىجىت شۈجىنىڭ ئۆيىدىكى بايەقى مەنزىرىنى ئەسلىدى: كۆرەڭلىك بىلەن كېرىلگەن گەۋدە ... سۆزلىرىدىكى قوپاللىق، چىرايىدىكى ھاكاۋۇرلۇق... كەنتنىڭ بىر پېشقەدەم شۈجىسىنى مۇشۇنداق يىرگىنچلىك بەتبەشىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئامىل نېمە؟ ئۇ، كەنتتىكى شۇنچە ۋالا دېھقانلارنى قاڭغىر قاقشىتىش، يەرلەرنى خانىۋەيران قىلىش ھېسابىغا ئېرىشكەن شان - شۆھرەت، پايدا ئۈچۈن يۈرىكىدە ئازراقمۇ ئازابلىنىش تۇيغۇسىنى ھېس قىلمامسۇ - ھە؟ بۇ باش - ئايىغى يوق مۇدھىش سوئاللار ئۇنىڭ مېڭىسىدە قويۇندەك ئايلانماقتا. ئەھمەت شاڭجاڭ ئۈزۈكلۈك باغنى

ئايلىنىپ ئۆتۈپ، قىرلىرىدا رەت-رەت ئۆسمە، تېرەكلەر قەد كۆتۈرگەن، بىر چېتى شەھەر سىرتىنىڭ توپا كوچىسى بىلەن تۇتىشىدىغان بۇغدايلىققا چىقتى. ئۇنىڭ نېرىدىكى چېتىدىكى كىملەركىن؟ ئەھمەت شاكچالا ئۇنى ئىلغا قىلالمىدى. بېرىدىكى ئېتىزدا باھاۋىدىن ئاتا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بۇغدايلارنى بىر سىقىم-بىر سىقىمدىن تۇتاملاپ ئالدىرىماي ئورۇۋاتاتتى. ئۇ، بۇغدايلىقنىڭ شۇنچە قىزىق تەپتىگە قارىماي بېشىغا ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن كونا دۇم تۇماق، ئۇچىسىغا يىرتىقلىرىدىن پاختىلىرى ساڭگىلاپ قالغان ئۇزۇن چەبەرقۇت چاپان، پۇتىغا ئاقىرىپ كەتكەن كۆن ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. ئەھمەت شاكچالا ئۆزىنىڭ شۇنچە كەيپسىز، كۆڭلىنىڭ بىئاراملىقىغا قارىماي بوۋاينى يوقلاپ ئۆتكۈسى كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم باھاۋىدىن ئاتا! — دېدى ئۇ بوۋايغا سالام بېرىۋېتىپ، — مانا، بەللى... ئالتىنچى ئاينىڭ ئوممىسىدا قىشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتامىلا نېمە؟

بوۋاي قېلىن كىيىم ئىچىدە چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن، ئاپتاپتا كۆيۈپ كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن يۈزىدىن شورقىراپ تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ، ئورغاقنى يەرگە سانچىپ قويۇپ، كۆزىگە قۇيۇلۇۋاتقان ئاچچىق تەرنى بەلبېغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتكەچ، تىزىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ناتونۇش ئادەمگە قاراۋاتقاندەك شۈبھە، تەئەججۈپ ئارىلاش كۆزلىرىنى قىستى:

— ئەھمەت قارىمۇ سىز؟

ئەھمەت شاكچالا چاقچىقىمنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، بوۋاينىڭ ئاۋازىدىكى قوپاللىق ۋە چىرايىدىكى غەزەپ ئالامەتلىرىدىن باشقا بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سەزدى - دە، گېپىنى ئۆزگەرتتى.

— بۇغدايلىرى بۇ يىلمۇ تازا ئوخشاپتۇ ئاتا، بەرىكەت بەرسۇن!

— نېمە بەرىكەت! — بوۋاينىڭ قوشۇمىسى مۇشتۇمدەك تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چانىقىدىن تېپىپ چىقتى، — سىلەر ھەممە نېمەمنى بۇلاپ - تالىماقچى، بولمىغان تۇرساڭلار بېغىمنى، يەرلىرىمنى ...!

— ياق، ھېچكىم ئۇنداق قىلالمايدۇ، ئاتا.

— ھېچكىم ئۇنداق قىلالمايدۇ دەمسىز؟! مەھەللىمىزدە قىيامەت قايىم بولۇۋاتسا، سىز ئۇخلاپ يۈرگەن ئوخشىمامسىز ئەمسە؟ مانا قارا! — بوۋاي ئېتىز قىرىغا تاشلاپ قويۇلغان بىر نەچچە قوزۇقنى كۆرسەتتى، — مىجىت دېگەن ھېلىقى قارا قورساق توڭگۇز يەنە كىم-كىملەر قۇرۇلۇش ئورنى دەپ مۇشۇ بۇغدايلىققا قاققان قوزۇقلار. مەن كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ يەرلىرىمگە قاققان قوزۇقنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇۋەتتىم. بۇ قوزۇقنى يېرىمگە قاققىچە يۈرىكىمگە قاق! دېدىم. ياشتا كىچىك بولسىڭىزمۇ يېزىمىزنىڭ باشلىقىسىز. گېپىمنى سىزگىمۇ ئوچۇق دەپ قوياي: جاننى بەرسەم بېرىمەنكى، يەرنى بەرمەيمەن. دۇرۇس، زاۋۇت قۇرسۇن، قۇرۇلۇشمۇ سالسۇن، ئەمما بۇنى دەپ، مۇشۇنداق ئالتۇندەك يەرلەرنى نابۇت قىلمىسۇن - دە. ھىم! بەش يىللىق ھوسۇل پۇلىنى ئالدىن بېرەرمىش تېخى! ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن دېھقان پاشا - كۆمۈتا يەمدىكەن؟ كوممۇنا ۋاقتىدىغۇ يەر ئويچىنىڭ دېدۇق، يەرلىرىمىزنى تارتتۇرۇپ قويدۇق، ئاخىرىدا قايسى كۈنلەرنى كۆرمىدۇق؟

باھاۋىدىن ئاتىنىڭ نۇرى ئۆچكەن كۆزلىرى ياش بىلەن پارقىراپ كەتتى. قاتتىق بىر نەرسە بوغۇزىغا تىقىلىپ قالغاندەك گەپ قىلالماي

قالدى. ئەمما، ئىچىدە نېمىنىدۇر دەۋاتقاندەك كالپۇكلىرى توختاۋسىز مىدىرلايتتى. ھەي ... بوۋاينىڭ مۇشۇ ھالىغا ئۈنسىز سۈكۈت بىلەن قاراپ تۇرۇش ئەھمەت شاگجاڭ ئۈچۈن بەك ئېغىر!

— گېپىڭىز ھەق، ئاتا! — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، — ئەمما سىز خاتىرجەم بولۇڭ، دېھقاننىڭ قولىدىن يەرنى تارتىۋېلىپ، ئورنىغا قۇرۇلۇش سالىدىغان ئىشنىڭ ئۆزى خاتالىق. بىز بۇنى تۈزىتىمىز. ھازىرلا بېرىپ يېزىلىق پارتكوم بىلەن سۆزلىشىمەن. ئاندىن كېيىن ناھىيە رەھبەرلىرىنى ئىزدەپ تاپىمەن.

ئەھمەت شاگجاڭ بۇ سۆزنى بىر خىل ئىشەنچ ۋە تەنتەنە بىلەن ئېيتتى.

ئەمما، بوۋاي كۆڭلىدە تېخىچە يېشىلمىگەن گۇمان، تەشۋىش ئارىلاش بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق بولار، ئوكام؟ قارىماسىز، بىزنىڭ تۆمۈرنى ...

— راست، كۆرۈنمەيدىغۇ ئۇ؟

— ئۇ بەدبەرەك تۇڭگۇزنى قويۇڭ جۇمۇ! — بوۋاي ئېغىر خورسىنىش ئىچىدە بولۇنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئالغان پۇلنى دەرھال قايتۇرۇۋېتىش كېرەك، — دېدى ئەھمەت شاگجاڭ جىددىيلىشىپ، — پۇلنىڭ ئۆزى بىر قىلتاق. تۆمۈر ھازىر نەدە؟

— قېيىن ئانىسىنىڭ قېشىدىغۇ، ئەتىمالىم.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، — ئەھمەت شاگجاڭ نېمىنىدۇر ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن داۋام قىلدى، — سىز شەھەرگە كىرىپ ئۇنى تېپىپ، كەنتتىن ئالغان پۇلنى قايتۇرۇپ چىقالماسىزمۇ؟

— نېمىشقا ئېلىپ چىقالمايدىكەنمەن؟ كەچتە ئېشىكىمنى مىنىمەن - دە، قېيىن ئانىسى-نىڭ ئۆيىگە ئۇتتۇرلاپ كىرىۋېرىمەن.

— ئەمىسە ئىش شۇنداق بولسۇن، ئاتا. شۇغىنىسى، ئىككى سول تارتىشىپ بېرەلمەيدىغان بولدۇم.

— ۋاي رەھمەت ئوكام. ئۆزۈم بارغۇ مانا!

ئەھمەت شاگجاڭ ئېرىق ياقىلاپ يۈرۈپ كەتتى. باھاۋىدىن ئاتا كۆزىنى قىسىپ كۈنگە قاراپ قويدى. كۈن پېشىنگە يېقىنلاشقان. ناماز ئوقۇش پەيتى كەلگەن! بوۋاينىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ۋۇجۇدىدا نېمىدۇر بىر نەرسىنى كەمتۈكتەك ھېس قىلدى. ئەمما ئۇ، بۈگۈن بۇ كەمتۈكلۈكنى، كۆڭلىنىڭ غەشلىكىنى دەپ، ئۇنى ئالدىرىتىۋاتقان مۇھىم بىر ئىشنى كەينىگە تارتىشنى خالىمىدى: «خۇدا ... ئالدىڭدا گۇناھ - كەبىرەمنى يۇيۇپ تۈگەتكۈسىز ئاسىي بەندەڭمەن. بۈگۈن يەنە بىرۋاق نامازنى قازا قىلىپ، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن قىيامەتتە مېنى ئوتتۇر دوزاخقا تاشلا، ۋەيلۇنغا تۇترۇق قىلىپ، دەھشەتلىك ئوت - يالقۇنلىرى بىلەن كۆيدۈرۈپ جازالا. لېكىن، سەن مېنىڭ مۇشۇ بۇغدايلىرىمنى — جاپالىق ئەمگىكىمنىڭ ھالال مېۋىسىنى بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق يىغىۋېلىشىم ئۈچۈن ئۆز ھىممەت شاپائىتىڭنى ئايىما. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ھازىر مېنىڭ ئورۇپ يىغىۋاتقىنىم بۇغداي ئەمەس ئىمان. ۋۇجۇدىمدىن قۇيۇلۇۋاتقىنى ئىسسىق تەر ئەمەس، سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭغا، مېھىر - شەپقىتىڭگە، ئادالىتىڭگە سېغىنىپ، ئىلتىجا قىلىپ تۆكۈۋاتقان كۆز ياشلىرىم. مەن مۇشۇ يەر ئۈچۈن يالغۇز جېنىمنى تىكىپ قويدۇم. يەر دېگىنىم — سېنى دېگىنىم. مەن جېنىمنى سەن ئۈچۈن، سېنىڭ ئۇلۇغلىقىڭ ئۈچۈن تىكتىم! ...»

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن بولدۇقلاپ ياش

تۆكۈلدى. ئۇنىڭ ئىزىگە خىياللىرى ئۇنى خۇدانىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ تىزلاندى. . . . خۇدانىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، خۇددى مەسۇم بالا ئانىسىنىڭ باغرىغا سوۋۇنۇپ يىغلىغاندەك، خۇداغا سوۋۇنۇپ، يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ، ھۆكرەپ يىغلىدى. ئاھ، خۇدانىڭ مېھرى! ئۇ نېمىدېگەن مېھرىبان، نېمىدېگەن ئىللىق! ئۇنىڭدىن ئۇ خەلچىخاننى، باللىرىنى باغرىغا باسقاندەك بولدى. دىمىقىغا توپىنىڭ، يىلتىزنىڭ، بۇغدايىنىڭ پۇرىقى ئۇرۇلدى. بۇ پۇراقنىڭ شېرىن - لەززەتلىكى ئىپاردىن، مۇشكى ئەنبەردىن زىيادە ئىدى. بوۋايىنىڭ ھالسىزلانغان ۋۇجۇدى بۇ تۇپراق بىلەن ھوشسىزلىنىپ ئويغاق سېزىملىرىنى يوقاتتى . . .

بوۋاي خۇدانىڭ باغرىغا سۇدەك سىڭىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتتى.

بىپايان ئالەمدە، ئۇنىڭ ئىچىدە، تېشىدا بىر ياڭراق سادا كېزىمەكتە: «. . . ئەسسالام يەر! بىز ئۆز يېقىنلىرىمىزغا ھەر قېتىم كۆرۈشكىنىمىزدە مۇشۇنداق دەپ سالام بېرىمىز. مەن بۈگۈن بۇ سۆزۈم ئارقىلىق ساڭىمۇ، ئۆزۈڭگىمۇ سالام بەردىم. مېھرىبان ئىگەڭنى تونۇغانسەن يېرىم؟ سەن ئۈچۈن زاكىر بەگ بىلەن ياقىلىشىپ قېلىپ، يامۇلنىڭ قاراڭغۇ، زەي گۇندىخانىسىدا يەتتە يىل يېتىپ چىققان باھاۋۇدۇن باتۇر دېگەن مەن بولىمەن. بەختى - تەلىيىمگە يېڭى ھۆكۈمەت كېلىپ، بۈگۈن ئەتىگەندە مېنى زىنداندىن ئېلىپ چىقتى. بولمىسا، يەنە قانچىلىك ياتاتتىمكىن؟ زاكىر بەگ سېنى قولۇمدىن تارتىۋېلىۋېدى، بىر ئائىلە بويىچە ھەممىمىز خانىۋەيران بولۇپ كەتتۇق. خەلچىخان باللىرىمنى قولتۇقىغا قىسىپ كىشىلەر ئىشىكىدە سەرسان بولۇپ يۈرۈپتۇ. ھەي . . . بۇ دەرد-ئەلەملەرنىڭ ھەممىسى سېنىڭ قولىمىزدىن چىقىپ كەتكىنىڭ ئۈچۈن بولدى. يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرىنى كادىرلار دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار بايا ئۆيۈمگە كېلىپ بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتىپ قويۇپ كېتىشتى. ساڭا ئەمدى مەن خوجايىن بولىدىكەنمەن. ئاھ، يەر! مېنىڭ يۈرەك باغرىم! ھاياتلىق يىلتىزىم كۆكلەيدىغان جەننىتىم! ئاخىرى ئىلكىمگە قايتىپ كەپسەن! ئەمدى ھاياتنى باشقىدىن باشلايدىغان، لەززەتنى باشقىدىن تېتىيدىغان بولدۇق. ئۆسۈپ كەتكەن چاچ - ساقىلىمغا قاراپ ۋايىم يېمە. ئەللىككە ئۇلاشقىنىم بىلەن، كەتمەن چېپىشتا بۇرۇنقى يىگىتلىك چاغلىرىمدىكىدىن قېلىشمايمەن. ئەنە قارا! ساڭا تەلپۈنۈپ، كۈلۈپ، ئېچىلىپ كىم كېلىۋاتىدۇ؟ مەن قوش ھەيدىسەم، ئارقامدىن باغرىڭغا ئۇرۇق سالىدىغان بىزنىڭ خەلچىخان! ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقىنى بىزنىڭ باللىرىمىز. باغرىڭغا ھەققىي ھالال تەرىنى تۆكىدىغان، ئۆزىنىمۇ، سېنىمۇ گۈللىتىدىغان دېھقان! كەل خەلچىخان! كېلىڭلار باللىرىم! مانا بۇ بىزنىڭ يېرىمىز! بىز ئۇنى سۆيەيلى، قۇچاقلايلى! توپىسىنى كۆزىمىزگە سۈرتەيلى! . . .»

باھار، ياز، كۈز، قىش . . . زىمىستان قىش . . .

بوۋاي يەرگە، سوغۇق دەھشىتىدىن چاك-چاك يېرىلغان ئېتىزغا ئۆزىنى تاشلىغان، يۈزىگە سۇۋاشقان توپا كۆز ياشلىرىدا ئېزىلىپ قاپقارا لايغا ئايلانغانىدى. ئوت - چۆپ ئۇۋاقلىرى چاپلىشىپ يېپىشىپ كەتكەن ساقاللىرى قوش چاڭگىسىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە قاچاندىن بېرى يېتىۋاتقىنى نامەلۇم. بەدىنى سوغۇقتىن كىرىشكەن، ئاۋازى

خىرىسلىداپ قالغان. «ئەلۋىدا... مېنى ھالال سۆيگۈڭدە ئۆز ئانامدەك باققان يېرىم! بەختى - تەلىيىمىزگە، راھەتلىك كۈنىمىزگە تىل تەگدى. كوممۇنا قۇرۇلۇپ، باشقىلارنىڭ يېرى تارتىۋېلىنغىنىغا ئىككى يىل بولدى. بىراق، مەن سېنى ئىككى يىلدىن بېرى بىرىلىرىگە يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ، بىرلىرى بىلەن تەلۋىلەرچە، غالجىرلارچە ئېتىشىپ يۈرۈپ ئۆز ئىلكىمدە تۇتۇپ كەلدىم. لېكىن، ئاخىرى بۇلار بىلەن كۈچ ئېلىشقىلى بولمىدى. بايا ئېچىلغان ئەزالار يىغىنىدا ماڭا «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى. بىردىنبىر گۇناھىم- ئىككى يىلدىن بېرى سېنى كوممۇناغا قاتماي يەككە دېھقان بولۇپ يۈرگەنلىكىم ئىكەن. ھازىر ئەمدى بۇ مەھەللىدە «بۇزۇق ئۇنسۇر» دىن ئىككىيلەن بولدۇق. بىرسى ھېلىقى ساۋۇت ھاراق. ئوغرىلىققا، قىمارۋازلىققا، قىسقىسى ناشايان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بېشىچىلاپ كىرىدىغان ساۋۇت ھاراق. ھەيرانمەن. مەن قانداقچىسىگە شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالغاندىمەن؟ سەن ھەممە ئىشلىرىمغا خۇددى مۆرەمدىكى پەرىشتىدەك گۇۋاھ، شاھىت! ئىككى بىلىكىمگە، ھالال تەرىمگە، سېنىڭ ھىممەت - نېمىتىڭگە تايىنىپ جان بېقىپ كەلدىم. كىشىلەرنىڭ رىزقى - نېسىۋىسىگە كۆز قىزارتمىدىم. شۇنداق تۇرۇقلۇق مېنىڭ «بۇزۇق» ئاتىلىپ قالغىنىم. ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ باشقىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىشلىگۈدەكمەن، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىشىمگە، سالام قىلىشىمغا، ھەتتا مەھەللە سىرتىغا چىقىشىمغىمۇ رۇخسەت يوق ئىكەن. ئاھ، دەرىخ! بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك؟ ئىت، مۈشۈك، قۇرت، قوڭغۇزنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ئەركى بولىدىغۇ؟ خەير، بۇنىڭغىمۇ مەيلى ئىدى، سېنى قولۇمدىن تارتىۋالمىسىلا، سېنىڭ باغرىڭدا بويىنى زەنجىردە باغلانغان ئىتقا ئوخشاش بولسىمۇ ياشاشقا رازى ئىدىم. ئەمما ئۇلار ساڭا سۇ كېلىدىغان ئېرىقنى ئاللىقاچان تىندۇرۇۋېتىشكەن. سېنىڭ سۇسىز خېلى چاغلاردىن بېرى قاغجىراپ ياتقىنىڭنى كۆرۈپ چىدىمىدىم. ئەلە، خۇددى خام قايماقتەك يۇمشاق زاغرا نانىدەك يېرىلغان، قىرلىرىڭدىكى قىياق، يۇگىمەشلەر كېسەل تەككەن ئانىنىڭ قاشلىرىدەك سولىشىپ، دەرەخلىرىڭ زېمىستان قىش ۋاقتىدىكىدەك شۈمشىيىپ قالغان. بىلىمەن، ساڭا كەلگەن بۇ مۇدھىش بەختسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولدى. بۇ ھالىڭنى كۆرۈپ چىدىمىدىم، ئاخىرى يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئىتقا تاشلاپ بەرگەندەك، سېنى ئەشۇلارنىڭ قولىغا تاشلاپ بەرمەكچى بولدۇم. ئىگەڭنى كەچۈر! ئەلۋىدا، مېنىڭ يېرىم!...»

ئايلار... يىللار...

يەر ئۇچۇن، مېھرى - شاپائەتلىك خۇدا ئۇچۇن، تىرىكلىك ئۇچۇن ئىنساننىڭ كۆزىدىن قانچىلىك ياشلار تۆكۈلمىدى؟ ھە... شۇ ياش-ئۇ جۇدالىق، ھەسرەت - نادامەت ئۇچۇنمۇ؛ ۋىسال، بەخت ئۇچۇنمۇ تۆكۈلدى. نىھايەت، يەر ئۆلمىگەنىدى. بوۋايمۇ ئۆلمىگەنىدى!..

.......

ياز تىنجىقى سەل سەگىگەن، بۇغدايلىقتا يىپەك ياغلىقتەك يۇمشاق، سالقىن شامال كېزەتتى. ئېرىقتىن ئاڭلىنىۋاتقان بوۋاق كۈلكىسىدەك ئەجەب بىر ئوماق ئاۋاز... كۈلكە... بىر توپ بالىلارنىڭ شادىيانىلىق ئىچىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى... ھەيرانلىق... قورقۇش، چۆچۈش بىلەن چەكچىيىپ قالغان كۆزلەر...

— ۋىيەي... بۇغدايلىقتا بىر كىم يىقى-
لىپ قاپتۇغۇ؟!

— قارىسىلا مۇئەللىم، بىر بوۋاي...

— قورقماڭلار. بۇ، دادا ئەھمەت شاڭجاڭ بىزگە تەرىپىنى قىلىپ بەرگەن باھاۋىدىن ئاتا. كۈنبويى ئورما ئوروپ ھالىدىن كەتكەن كەپ.

ياش مۇئەللىم ھوشسىز بوۋاينى يۆلەپ قوچىقىغا ئالدى. بوۋاي ھېلىمۇ يىغلاۋاتاتتى. نېمىنىدۇر پىچىرلىغاندەك قىلاتتى. پۈرۈم چورۇقتەك قورۇلغان يۈزىدە ياش ھەم توپا ئارىلاش بىر قەھرلىك ئىپادە قېتىپ قالغان. ساقاللىرىدا بۇغداي قىلتىرىقلىرى...

— باھاۋىدىن ئاتا...!

— بوۋا...!

باھاۋىدىن ئاتا خېلىدىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى.

— ھە... نەۋرىلىرىممۇ سىلەر...؟

— ھەئە، نەۋرىلىرى...

— جېنىم باللىرىم... — بوۋاينىڭ كۆزىدىن يەنە ياش قۇيۇلدى، — كەلگىچە قانچىلىك جاپا تارتقانسىلەر؟ باغقا بېرىڭلار... ئۆرۈكلەر ئەجەبمۇ پىشىپ كېتىۋىدى...

— ياق بوۋا، بىز دەرستىن يېنىپ ئورمىلىرىنى ئوروشۇپ بەرگىلى كەلدۇق!

## 4

شەھەرنىڭ ئادەملەر مىغىلدايدىغان ئاۋات رەستەكوچىسىدا سەرەڭگە قېپىدەك تىزىلىپ كەتكەن دۇكان. دۇكانلارنىڭ چەتىرەكىدىكى — توت كوچا دوقمۇشىدىكى يېقىندا باشقىدىن رېمونت قىلىنىپ، ئالاھىدە سۈپەت كىرگۈزۈلگەن ئىككى قەۋەتلىك ئۆي پۈتۈن شەھەردىكى سودىگەرلەرنىڭ، شەھەرە يېزىدىن كەلگەن خېرىدارلارنىڭ كۆزى تىكىلگەن جاي بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى ئامبار، ئاستى سودا دۇكىنى. بۇ دۇكاندا مۇشۇ شەھەردىلا ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئاز تېپىلىدىغان نېپىل، قىممەت باھالىق ماللار — پاكىستاندىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن، ئامېرىكىدىن، ياپونىيىدىن، سەئۇدى ئەرەبىستانىدىن، تۈركىيىدىن كىرگۈزۈلگەن رەڭگارەڭ، قۇلاق ئاڭلىغان، كۆز كۆرمىگەن ئاجايىپ-غارايىپ ماللارنى كۆرۈش مۇمكىن. ئەنە، قىياقتەك ئىنچىكە بۇرۇت قويۇپ، ساقاللىرىنى پاكىز قىردۇرغان، قوڭۇر بۇدرە چاچلىرىنى باستۇرۇپ، كۆزىگە تارتىپ شىلەپە كىيىۋالغان، چېپار گالستۇكى يېنىدىكى توك شامالدۇرغۇچىنىڭ كۈچلۈك ئايلىنىشىدىن تىنىمسىز يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ياش خوجايىن — تۇمۇر. ئۇ، شۇنداق قىلىپ يەرنىڭ دەردى- بالاسىدىن، بىر ئۆمۈر قىلىپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مۇشەققەتلىك ئەمگىكىدىن بىراقلا قۇتۇلغان. ئۇ ئەمدى ئەتىدىن كەچكىچە خېرىدارلارغا مال سېتىش، سودىگەرلەر بىلەن توختاملىشىش، پۇل ساناش... پۇل ساناش بىلەن ئاۋارە، ئۇ ئەمدى ئەشۇ پۇللىرى بىلەن بۇرۇنقى پۇرۇش لاتىدەك قەدرى يوق دېھقاندىن، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئەزىز، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادىمىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇ دۇكانغا كىرگەن ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسەتمەيدىغان، ئېگىلىپ تازىم قىلمايدىغانلىرى يوق. ئاخشاملىرى بارىدىغان ئولتۇرۇش، زىياپەتلەر ئۈچۈن ئۇنىڭغا ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ پىكاپلىرى تەييار. ئاھ، راھەت! دۇنيادا ئۇنىڭغا ياراشمايدىغان نېمە بار؟ تۇمۇرگە مۇبارەك! ئۇنى بىر كۈنلەرگە كېلىپ مۇشۇ راھەتكە ئېرىشەر دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ بۇرۇنقىدەك دۇيجاڭلارغا پۈكۈلۈپ، يېلىنىپ يالۋۇرىدىغان، يوندا پوراپ يۈرگەن لالما ئىتتەك شەھەر كوچىلىرىدا سوكۇلداپ يۈرىدىغان تۇڭرا گەدەن

تۆمۈر ئەمدى يوق. ئەمدى ئۇنىڭغا سودىگەرلەرگە، بايۋەتچىلەرگە خاس سالاپەت، ھال سىڭگەن. ئۇ ئەمدى بۇرۇنقى كاۋا پېلەكمىدەك ئەرزان ئاچچىق خام تاماكا ئورنىغا ئامېرىكىنىڭ، پاكىستاننىڭ قىممەت باھالىق خۇشپۇراق سىگارېتلىرىنى چېكىدۇ. بارماقلىرىدا ساپ-پېرىق ئالتۇن ئۈزۈك ۋاللىداپ تۇرىدۇ. ئۇ، بۇلار ئۈچۈن قېيىن ئانىسى تاجىخاندىن چەكسىز مىننەتدار ئىدى. خوتۇنىنى بېشىغا تاسادىپىي قونۇپ قالغان گۈزەللىك ۋە مېھرىبانلىقتا تەكدىشى يوق بەخت قۇشى دەپ بىلەتتى. تۆمۈر بۇ بەخت قۇشىغا ئېرىشىپ خېلى چاغلارغىچە تەشۋىش، ئەندىشە ئىچىدە يۈرىكى سۇ ئولۇپ يۈردى. سەۋەبى، يۈرۈشلۈك ئىش - ئوقىتى ھەم شەھەردە ھەممە ئىشتا داڭقى بار بۇ بايۋەتچە خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنىڭ بىردە ئۆزىدەك يېزا نوبۇسىدىكى دېھقان كۈيئوغلىنىڭ قولىدىن قىزىنى تارتىۋېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇ بەقەت يەرنىڭ بەش يىللىق ھوسۇل پۇلى ئۈچۈن ئالدىن بېرىلگەن ھېلىقى ئون سەككىز مىڭ يۈەن پۇلنى قېيىن ئانىسىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بۇ دۇكانغا ئېرىشكەندىن كېيىنلا بېشىدىكى بۇ غەم-ئەندىشىدىن قۇتۇلدى. ھازىر قېيىن ئانىسى بىلەن خوتۇنى ئىككى لىنىيە بويىچە مەخسۇس ئىچكىرىگە قاتناۋاتاتتى. تۆمۈر ئۇلار ئېلىپ كەلگەن مالنى دۇكاندا سېتىشقا، ئۇششاق سودىگەرلەرگە توپ تارقىتىشقا مەسئۇل بولدى.

١

ئۇلارنىڭ سودىسى يېڭى چېپىلغان ئۆستەڭ سۈيىدەك راۋان ئېقىۋاتاتتى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن ھاجىگۈل ئىچكىرىگە قىلغان يېرىم ئايلىق سودا سەپىرىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈز-كۆز، ئۇستىباشلىرىنى چاڭ باسقان، سېمىز، تولۇق گەۋدىسى كۆزۈنەرلىك تارتىلغان، كۆزلىرى ئۇيقۇسىز، ھارغىن، ئەمما، ئۆزى خۇشال، روھلۇق كۆرۈنەتتى.

تۆمۈر دۇكاننى ئالدىرلا تاقىدى. ئۇ، مېھمانخانا ئۆيدە مەخمەل كۆرپە سېلىنغان سىم كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخلىغىنىچە ھازىرلا كۆزىنى ئاچقان ھاجىگۈلنىڭ كۈندىن-كۈنگە گۈزەللىشىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ كەتتى. تاراپ قويۇۋېتىلگەن قاپقارا چاچلىرى مامۇق ياستۇققا يېيىلغان، بادام قاپاقلىرىغا تارتىلغان كۆكۈش سۈرمە كۆزىنىڭ قويرۇقىدىكى ئىنچىكە قورۇقلارنى يېپىپ تۇراتتى. لەۋ گىرىمى سۈرتۈلگەن لەۋلىرى غۇنچىدەك قىزىل، تولغان كۆكسى ناۋاترەك روباشكىسى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن. قىسقىسى، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى يېرىم يالىڭاچ گۈزەل سىياقى گويا دەريا ياقىسىغا چىقىپ قالغان ئاپپاق بېلىقتەك تارتىملىق كۆرۈنەتتى. تۆمۈر سىم كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇردى.

— قاتنىڭ سودىسى قانداقراق بولدى؟ — سورىدى ئۇ ھاجىگۈلنىڭ ئاققۇنىڭ بويىنىدەك ئاپپاق، ئەۋرىشىم، گۆشلۈك بىلەكلىرىنى سىلاۋېتىپ.

— ئو ... ھوش! مۇنچىغا چۈشۈپ كەلسىلە ئالدى بىلەن، — ھاجىگۈل قولىنى قوپاللىق بىلەن تارتىۋالدى.

— مۇنچىغا؟ ...، — تۆمۈر لەۋلىرىنى يالاپ ئاچكۆزلۈك بىلەن ھىجىيىپ قويدى، — تېخى ئەتىگەندىلا سەرراپقا بېرىپ كەلگەن تۇرسام خوتۇن!

— ھىم! بۇ كەپچە - زە، ئۆيگە قېرى جالاپنى بىرنى ئەكىرىپتىكەنلا - دە، ئاخشام؟ ئويۇننى قانداق ئوينىغاننى كۆزلىرىگە كۆرسىتىپ قويماي يەنە.

— ھەي - ھەي، نەدىكى گەپنى قىلىسىدى خانىمىز! سىز تۇرۇپ باشقىغا قارىغان كۆزۈم

كور بولۇپ كېتەر ئىلاھىم . ھە ، قاقىنىڭ سودىسى ...

— جايىدا ....، — ھاجىگۈل مۇغەمبەرلەرچە، قۇۋلۇق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چىرايلىق كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ كۈلدى، — خاناچىڭىزنىڭ قايسى سودىسى جايىدا بولمىغان - ھە؟

— نە - نەلەردە ساتتىڭىز؟

— بېيجىڭدا.

— يەتتە تونىنا قاقنى بىرلا يەردە؟

— ئەلۋەتتە ... بىراق ... تاس - ماس قالدىم دەڭا نەچچە مىڭ كويغا زوڭ ئولتۇرغىلى.

— شۇنداقمۇ بولدىمۇ تېخى؟ — تۇمۇرنىڭ كۆزلىرى تەشۋىشتىن چەكچىيىپ كەتتى.

— ۋاي قىزىق ئىش ... ئۆزدىلا بىر ھېكايە ...، — ھاجىگۈل ئورنىدىن قوپۇپ، ئەسنەك ئارىلاش كېرىلىۋېتىپ داۋام قىلدى، — داخىيەندە ئىككى دېھقان تۆت تونىنا قېقىنى ئىچكىرىگە يۆتكەيدىغانغا ۋاگون ھەل قىلالماي بېشى قېتىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار ماڭا يارىدەم بېرىدىغان، مەن ۋاگون ھەل قىلىدىغانغا كېلىشتۇق. ئاخشىمى ۋوگزال باشلىقىنىڭ ئۆيىگە قاقتىن بىر تاغارلا تاشلاتقۇزۇۋېدىم، ۋاگوندىن بىرسى ئەتىسىلا تەق بولدى. مېنىڭ يەتتە تونىنا، ئىككىسىنىڭ تۆت تونىنا، جەمئىي 11 تونىنا قاقنى بېيجىڭغىلا تارتتۇق. ۋاي كاساپىتەي، بۇ بېيجىڭنىڭ ئىسسىقلىقى. ۋوگزالدا ئىككى دېھقان قاق بېقىپ قالدى. مەن كوچىمۇ - كوچا، دۇكانمۇ - دۇكان قاتىراپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر يەل- يېمىش دۇكىنىنىڭ باشلىقىنى قولغا چۈشۈرۈۋالدىم. قانداق ھىيلە ئىشلەتتىڭىز دەپ قالماڭ، ئۇ 11 تونىنا قاقنىڭ ھەممىسىنى ئالىدىغان، مەن ئۇنىڭ چۆنتىكىگە 2000 كوي سېلىپ قويىدىغانغا كېلىشتۇق. ئۇ باشلىق، يەنە ئاللە-

يەتتەيلەن ئىككى قارا ماشىنىنى ئېلىپ ۋوگزالغا بېرىدۇق، ۋاي ... ۋۇي ... كۆرمەمسىز، كۆتۈلمىگەن پېشكەللىكنى!

— ئابلا! ... ئىككىسى قاقنى ئېلىپ قېچىشىپتۇ - دە!

— ۋاي، گېپىمنى بۆلمەي جىم ئولتۇرۇڭا. 11 تونىنا قاقنى نەگە ئېلىپ قېچىپ كېتەلەيتتى ئۇلار؟ قۇرت! ... تاغارلارنىڭ قېشىغا كېلىپ چۆچۈپ كەتتىم. ھاۋا ئىسسىق بولغانلىقتىن، مېنىڭ قاقلىرىمدىكى قۇرتلار لۆمۈلدىشىپ، تاغارنىڭ يوچۇقلىرىدىن يامراپ چىقىشقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار تاغارلارنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ كۆرۈپ، باشلىرىنى چايقىشىپ، مېنىڭ قېقىمنى قۇرتلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئالمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە، ھېلىقى ئىككى دېھقاننىڭ قېقىنى ئالماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ھېلىقى ئىككى دېھقاننىڭ قېقى ھەقىقەتەن ئېسىل، سۈپەتلىك قاقلار ئىكەن. ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ بىزنىڭ قېقىمىزنىڭ ھالىنى. ھەممىسى ئۆتكەن يىلنىڭ قاقلىرى ئەمەسمۇ. ئەمما، قاراپ تۇرۇپ زىيان تارتىشقا چىدىمىدىم. شۇئان بىر ھىيلە ئويلاپ تاپتىم - دە، قاق سېتىۋالغۇچىلارنى توسىدىم: «ۋاي ئىسىت، سىچارىلەر، شىنجاڭنىڭ مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ ياخشى - يامىنىنى ئايرىيالمايدىغان مۇشۇ ھالىڭلار بىلەن، بىزدىن قاق ئالىمىز دەپ كەلدىڭلارما؟ بىلەمسىلەر، گۆش نېمە ئۈچۈن قۇرتلايدۇ؟ ئۇنىڭغا ئادەم نوركانىزمىغا پايدىلىق ماددىلارنىڭ مول بولغىنى ئۈچۈن - دە، ئەكسىچە، ياغاچ، توپا نېمە ئۈچۈن قۇرتلىمايدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئۇنى ئوزۇقلۇق قاتارىدا يېمەيدۇ - دە. مەرھەمەت! ئەشۇ قۇرتى يوق قاقنى ئېلىڭلار. قېقىمنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن ئادەملەرگە زورلاپ ساتىدىغان قېقىم يوق! ...» ھا... ھا...

ھا... بۇ گېپىم شۇ ھامان ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇلار بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ، ئاخىرى مېنىڭ قاقلىرىمنى ئالمىدىغان، ھېلىقى ئىككى دېھقاننىڭ قېقىنى ئالمايدىغانغا توختىشىپتۇ.

— كىلوسىنى نەچچىدىن ساتتىڭىز؟

— ئىككى كوي ئىككى موچەن.

— دۇكان باشلىقىغا بېرىدىغان ھېلىقى ئىككى مىڭ كوينىچۇ؟

— سارالڭ، ئەخمەقمۇ مەن؟ — ھاجىگۈل كەۋدىسىنى ھاكاۋۇرلارچە كۆتۈرۈپ قويدى، — ئىشخانىسىغا بېرىپ پۇلنى نەق ساناپ ئالدىم. باشلىققا كۆزۈمنى قىسىپ قويۇپ، كەچتە ۋوگزال ئالدىغا بار، كۆرۈشەيلى، دېدىم، ئىشخانىدىن چىققىم-دە، ئۇتتۇر تيەنجىنگە تىكىۋەتتىم.

— ھېلىقى ئىككى دېھقاننىڭ قاقلىرى شۇ قالغانچە قالدىمۇ ۋوگزالدا؟

— نەدىن بىلەي؟ ئەلكى كېيىن ساتقاندۇ، — ھاجىگۈل كاردۋاتتىن چۈشۈۋېتىپ يېنىك ئۇھ تارتىپ قويدى، — راستىنى ئېيتسام ئۇۋال بولدى-دە، شۇ بىچارىلەرگە.

— پۇل سومكىدىمۇ؟ — سورىدى تۇمۇر ھاجىگۈلگە بىر پىيالە قىزىق چاي تۇتقۇزۇۋېتىپ.

— جايىدا...، — ھاجىگۈل سوغۇق تەلەپپۇزدا مۇجمەللا جاۋاب بەردى، — مېنىڭدىن قاق پۇلنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتكىچە، دۇكاننىڭ يېرىم ئايلىق ھېسابىتىنى تاپشۇرۇپ باقسىلا.

تۇمۇر كۆڭلىدە نېمىنىدۇر ھېسابلاۋاتقاندەك بىر پەس ئويچانلىق بىلەن تۇرۇپ قالدى:

— سودىغۇ جايىدا، ئەمما... ئاچامنىڭ ئەكەلگەن رەختلىرى تۈزۈك سېتىلمىدى.

— ۋىيىەي... ئاچام ئەكەلگەن رەختلەر دەپ قويۇڭ. ئەپلەپ-سەپلەپ ساتالمىغانسىز شۇ.

— ھەي... نېمە دېسەم بولار؟ ئەشە ئىمىسىڭىز، ئەتە سىز...

— بولدىلا، ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە مېنى ئارام ئالغىلى قويۇڭ. ئەتە ئويقۇم قانغىچە ئويغاتماڭ. ھە، ئېيتماقچى، ئۇنىڭغىچە كىرىم بولغان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى نەقلەپ قويۇڭ.

— نېمىشقا شۇنچە ئالدىراپ؟

— ئىشى بار.

— ئەستا... ئاتام ئۇنىڭدىن كۈندىن بېرى تۆت قېتىم كەلدى. بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتتى. بىر ھېساپتا ئاتامنىڭ گېپىمۇ توغرىدەك قىلىدۇ. يەرنىڭ ھوسۇل پۇلىنى قايتۇرۇۋەتمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ جۇمۇڭ.

— ۋاي ئاتام-ەي... ئېتىزنىڭ مەينىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئادەم سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويساق، كىچىك تىللىرىڭىز چىققىلى تۇردىغۇ ئەمدى؟

— ئاغزىڭىزغا بېقىپ سۆزلەڭ جۇمۇڭ! — دېدى غەزەپتىن ئۆپكىدەك ئېشىلىپ كەتكەن تۇمۇر قولىنى شىلتىپ، — ئادەم سىياقىغا كىرگۈزۈپ قويساق دېگەن قانداق گەپ؟ ئېتىزنىڭ مەينەت - مۇشەققىتىدىن قۇتۇلغىنىم راست. ئەمما مەنمۇ سىلەرگە يامان قىلمىغاندىمەن؟ ئون سەككىز مىڭ يۈەننى دەسمايە قىلىپ دۇكان ئاچتۇق، پايدىسىغا مۇشۇ ئۆيلەرنى سېتىۋالدۇق. ئەمدى ئۇ پۇلدا بىزنىڭ ھەققىمىز قالمىدى. ئاتام يەرلەرنى سېتىشقا قارشى. مەيلى، بوپتۇ. ئەمدى ئۇ پۇلنى كەنتكە تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك - تە.

— ھىم! ئون سەككىز مىڭ يۈەن پۇلمۇ تېخى، — دېدى ھاجىگۈل سەپرايى ئۆرلەپ، — ھېلىغۇ پۇلكەن، ساڭا بېرىدىغان سېسىق پايتىما يوق، ئۇقۇپ قوي!

— ھەي، ئاغزىڭنى بۇزما!

— بۇزىمەن. قورقۇپ قالىدىغان كىم ئىدىڭ سەن شۇنچە؟

— ئەستاغپۇرۇللا! ھېلى بىكار جۆمۆ!

— «تاك» قىلىپ چېكىپ باقسە، دۈمبىسىنى كىمدىن يەيدىكەنسەن قېنى؟

ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بايىقى بىر چىرايلىق بېقىشىشلار گەپ تەگىشىشكە، ئاخىرى يېرىپ ئۇرۇشۇشقا ئايلاندى. ۋارقىرىشىش، تىللىشىش، قول شىلتىشىشلار يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. ئاخىرى ھاجىگۇل ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلەپ، ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالغاندىن كېيىنلا غەلۋە بېسىقتى.

ئاينىڭ سۇس نۇرى دېرىزىنىڭ ئاق نىلون پەردىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ھاجىگۇلنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان. ئۇ، بۇرۇنقى مۇرەككەپ كەچمىشلىرى — خۇشال ھەم بەختسىز ئۆتكەن چاغلىرى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا بۇنىڭدىن كېيىنكى قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇر پىلانلىرى ئۈستىدە ئويلىناتتى.

ھاجىگۇل بۇ يىل يىگىرمە بەشكە تولۇق كىرمىدى. ئەمما، تۇمۇر ئۇنىڭ ئىككىنچى ئېرى. ئۇ ئەمدىلا ئون ئالتە ياشقا كىرگەن، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا، ياش، چىرايلىق ئابلىز شوركا ئىسىملىك سودىگەر يىگىتكە ئەگىشىپ ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى. ئۇلار گۇاڭجۇ، شاڭخەي، بېيجىڭ، ئۈرۈمچى ئارىلىقلىرىدا قاتناپ يۈرۈپ، ئەتكەس مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىككى يىل ئىچىدىلا ئوتتۇز مىڭ يۈەنلىك ساپ تاپاۋىتى بار داڭدار بايۋەتچىلەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەمما ئۇلار بىر قېتىم گۇاڭجۇدىن قايتىشىدا پويىز ئۈستىدە قىممەت باھالىق ئەتكەس مال بىلەن تۇتۇلۇپ قېلىپ، ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن چاغدا ئابلىز ئالدىدىكى ساقچىنى بىر مۇشت بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىپ، مالنى ئېلىپ پويىز دېرىزىسىدىن سەكرەپ قېچىپ كەتتى. ھاجىگۇل ئالتە ئايدىن كېيىن، ئابلىزنىڭ ھېلىمۇ ھايات ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلىق ۋە خەلق ساقچىسىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئەمدى ھايات ئۈچۈن، تىرىكچىلىك ئۈچۈن بىرەر ئىش-ئوقەتنى تاپمىسا بولمايتتى. ئابلىز تۈرمىگە كىرىشى بىلەن تەڭ، ئۇ پۈتۈن ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلغان. ئۇنىڭ ئەمدى تىجارەت-سودىگەرچىلىك يولىغا قايتا ماڭالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆز بەدىنىنى، ئىپپەت-نومۇسىنى سېتىش ھېسابىغا ئىچكىرىنىڭ چوڭ-چوڭ شەھەرلىرىنى، شىنجاڭنىڭ ھەممە يەرلىرىنى دېگۈدەك كېزىپ چىقتى. ئۇ پەقەت بۇندىن ئۈچ يىل بۇرۇنلا ئۆز ئۆيىگە — ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ كەلگەن كۈندىن باشلاپ تاجىخان ناسۋالنىڭ بوسۇغىسىدىن كوچا لۈكچەكلىرى - ئوغرىلار، قىمارۋازلار، ھايانكەشلەر كېچە-كۈندۈز كەتمەيدىغان بولۇۋېلىشتى. ئۇلار ھاجىگۇلنى ئاچكۆزلەرچە تالىشىپ، بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىپ، تاجىخاننىڭ تارغىنە تاماكا-ناسۋال دۇكىنىدا جېدەل چىقىرىشاتتى، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ مۇشتلىشاتتى، پىچاقلىشاتتى، ھەتتا يېرىم كېچىدە قاپاقتىندۇر كەلگەن بىر توپ مەستلەر تاجىخاننىڭ دەرۋازىسىنى چالاقشىتىپ تېپىپ: «تاجىخان! ھۇ، ئۆلۈمتۈك جەددال! قىزىڭنى بىزگە چىقىرىپ بەرمەسەن، يوق؟!» دەپ ۋاقىرىشاتتى.

شۇ سەۋەبتىن ئانا-بالا ئىككىيلەن ساقچىنىڭ سورىقىغا بىر نەچچە قېتىم تارتىلغان،

ھەتتا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغانىدى. قاچىخان ئاخىرى ھاجىگۈلنى بىر ئەر جىنسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، كۈتۈلمىگەن بېشكەلچىلىكتىن قۇتۇلۇش قارارىغا كەلدى. ئەمما، بۇ ئائىلىنىڭ نام - ئەمالىنى ياخشى بىلىدىغان شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە، ھاجىگۈل ئۈچۈن مەيدىسىنى مۇشتلاپ چىقىدىغان بىرەر ئەركەكنىڭ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، كۈتۈلمىگەندە، ھاجىگۈل بىر كۈنى ئاخشىمى دۇكىنىغا تاماكا ئېلىش ئۈچۈن كىرگەن تۆمۈر بىلەن تونۇشۇپ قالدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن تۆمۈر بۇ شەھلا كۆزلۈك شەھەر گۈزىلىنىڭ ئوت پىراقىدا ئەقلىدىن ئازغىدەك بولۇپ يۈردى. ھاجىگۈلچۇ؟ ئۇ تۆمۈرنى ياخشى كۆرەرمىدى؟ ياق - ياق! ئۇ پەقەت كەملا بولمىسۇن، بىر ئەرنىڭ ئىلكىدە، دېگەن نامىغا ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئالدىرايتتى. ئاندىن كېيىن... ئاندىن كېيىن ... ئۆزىنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى.

ئۇ، تۆمۈر بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا بۇ باغ - ۋارانلىق خىلۋەت ئۆيدە ھاياتىنىڭ تىمتاس، خاتىرجەملىككە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولدى. ئۇ، ئۇزۇن يىل شەھەرمۇ - شەھەر، ئۆلكىمۇ - ئۆلكە كېزىپ ھارغان، ئويۇن - كۈلكىدىنمۇ زېرىككەن، ئۇنىڭغا ئەمدى مۇشۇنداق قۇلىقى تىنچ ئۆي، تۆمۈرگە ئوخشاش بۇيرۇپ ئىشلىتىپ، خالىغىنىنى قىلدۇرىدىغان رايىش ئەر كېرەك ئىدى. ئۇ، ئائىلىگە كېتەرلىك پۇل ئۈچۈن ئەلۋەتتە ۋاھىم يېمەيتتى. ئۇنىڭ كونا، دائىملىق خېرىدارلىرى تۆمۈر بىلەن دوست - ئاغىنە بولۇشقا ئۈلگۈرگەن. تۆمۈر ئۇلارنىڭ پۇللىرىنى ئېلىپ گۆشكە، ھاراققا چاپاتتى. بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى خېرىدارلىنىڭ چۆنتىكىدىن ھەققىگە چۈشلۇق پۇل سۇغۇرۇۋېلىشقا يېتەتتى. دولۇبمۇ تۆمۈرنىڭ كۈتۈلمىگەندە 18 مىڭ يۈەن پۇلغا ئېرىشىپ قېلىشى ئانا - بالا ئىككىيلەننى چەكسىز خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇلار بۇ پۇلنى دومىلىتىپ يۈرۈپ نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداقمۇ قىلدى! ئەڭ مۇھىمى ھاجىگۈل بۇ قېتىم بېيجىڭغا قاق يۈتكەش سەپىرىدە بۇرۇنقى ئېرى ئابلىز شوركا بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدى. ئابلىز شوركا بۇنىڭدىن ئالتە - يەتتە يىل بۇرۇنقى، يىگىتلەرگە خاس چىرايلىقلىقى ۋە جەزىبىدارلىقىنى يوقاتمىغان، بەلكى يۇمىلاق يۈزى تولۇپ، سەمرىپ قالغانىدى. ھاجىگۈلنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياش يىگىتلىكىگە قارىماي چاچ - ساقاللىرىنى بولۇشىچە قويۇۋەتكەنىدى. ئاغزىدا ئالتۇن چىش، بارماقلىرىدا قىممەت باھالىق ئالماس كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ئەشۇ تۇرقى بىلەن، ئۆزىگە ياراشتۇرۇپ كىيىۋالغان يېڭىچە مودا كىيىم ئىچىدە خۇددى چەت ئەل سودىگەرلىرىدەك ئالىپتە ۋە تارتىملىق كۆرۈنەتتى.

ئابلىز شوركا ئۇنى بېيجىڭ پويىز ۋوگزالى ئالدىدا تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىپ تونۇشلۇق بەرگەندە، ھاجىگۈل دەسلەپتە چۆچۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاللىقاچان ئۆلگەن مۇھەببەت سېزىملىرى ئابلىزنىڭ ئىللىق كۈلۈمسىرەش ئىچىدىكى كۆزلىرىنىڭ ھېلىمۇ ھارارىتى كەتمىگەن يارقىن نۇرلىرى بىلەن تىرىلگەن، ئەگەر ئابلىز ھاقۇل كۆرسىلا، ئۇ، ئارىسىدىكى ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا

ئالتە - يەتتە يىل بولغان بەختلىك، تونتول-
ماس ھاياتىنى قايتىدىن باشلاش ئۈچۈن، تۆ-
مۈردىن، پۇل - بايلىقتىن، ھەشەمەتلىك ئۆي-
دىن ... قىسقىسى، ھەممىدىن كېچىشكە رازى
ئىدى.

— ئابلىز ...

— نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن دېيىشمىگىدا؟

— ئانچە - مۇنچە ئىش - ئوقەت قىلغاچ
سىزنى ئىزدەپ ...

— ھىم! سىزنى ئىزدەپ، تېخى! سۆزلە،
نېمىشقا ئەرگە تەگدىڭ ۋىجدانسىز؟

— بۇ... بۇ... ئەسلى مۇنداق ئىش، ئەس-
لىدە ...

— ئوندىاقتا مەن نېمەڭ؟

— قە... قىز تەگكەن ئېرىم.

— كاپشىما! سېنىڭ بىردىنبىر ئېرىڭ مانا
مەن.

— ئەستا... ئوندىاقتا... ھېلىقى، يۈرت-
تىكىنى...

— بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاسان. مەن
سېنى ئىككىنچى قېتىم ئېلىپ قاچاي.

— ۋاي خۇدايىمەي، يەنە نۇرۇنقىدەك قى-
يىپ- قېچىپلا يۈرىمىزمۇ؟ ھېلىقى پېشكەلچى-
لىكنىڭ ۋاقتى تۈگىدىمۇ؟

— تۈگىمىسە مۇنداق ئەركىن- ئازادە يۈ-
رەلەمدىم؟ ئىككى يىلچە بولدى، ھازىر تيەن-
جىدە كاۋاپچىمەن، خاس قورۇ-جايىم، ئىككى
يەردە دۇكىنىم بار. ئالتە نىمكار خىزمىتىمنى
قىلىدۇ. بۇ يەردە ئىش- كۈشىڭ تۈگىدىمۇ؟
ياخشى! ئوندىاقتا ھازىرلا ماڭىمىز.

ھاجىگۈل ئابلىز بىلەن بىللە شۇ كۈنىلا
تيەنجىنگە يۈرۈپ كەتتى. ئابلىز يالغان سۆز-
لىمىگەنىكەن. ئۇنىڭ قورۇ- جاي دېگىنى،
تيەنجىننىڭ ئەڭ گۈزەل، ئاۋات كوچىسىنىڭ
بىردىكى تارغىنە ئىككى قەۋەتلىك ئۆي بو-
لۇپ چىقتى. ئادەملەر مىڭ - مىڭ بىر قىستا-
قىستاڭچىلىق چوڭ شەھەردە بۇ ئۆيىنى قورۇ-
جاي دېسە، ئەلۋەتتە لاپ ئۇرغانلىق بولمايتى-
تى. ئابلىز بۇرۇنقى جەبدەسىلىكىنى، پۇل
تېپىشتىكى بەم- پاراسەتلىكىنى ھېلىمۇ يو-
قاتمىغان. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە ئىككى كا-
ۋاپ دۇكىنى ئۈچۈن چېپىش بىلەن ئاۋارە
ئىدى. ئۇنەتمىگەن گۆشكە بۇگۇرەيتتى، ئاندىن
ئۇنى ئىككى دۇكانغا تەقسىم قىلاتتى، جىڭلايتتى،
ئىمكارلارنىڭ گۆشنى قانداق توغرىغانلىقىنى
نازارەت قىلىپ تۇراتتى. كەچتە ئىككى دۇ-
كاننىڭ غەللىسىنى ساناپتتى، بانكىغا چاپات-
تى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ھاجىگۈل بىلەن ئەڭ
ئېسىل قەھۋەخانىلارنىڭ بىرىگە بېرىپ، قې-
نىپ- تويغىچە يەپ ئىچىشكەندىن كېيىن، «تاكسى»
يالىلاپ، قىممەت باھالىق گىلەم بىلەن بې-
زەلگەن ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. ھاجىگۈل
ئابلىزنىڭ قېشىدا بىر ھەپتە تۇردى. ئۇ، بۇ
جەرياندا ئۆزىگە باغلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئىككى
ئەرنى دەڭسەپ كۆردى. ئابلىزنىڭ ھەقىقەي
يىگىتلەرگە خاس سۈمباتى، كۆزنى قاماشتۇ-
رىدىغان پۇل- بايلىقى ئالدىدا تۆمۈرنىڭ
بىچارىلەرچە سىماسى، ئۇنىڭ ئون سەككىز
يىلىك يۈەن پۇلىنى دوملىتىش ھېسابىغا ئې-
رىشكەن ئۆي، دۇكان، بايلىق خۇددى ھاۋاغا
پۈۋلىۋەتكەن تاماكا ئىسىدەك بارا- بارا يوق-
قاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كۆپ ئويلاندى، ئۆز-
ئۆزى بىلەن كېڭەشتى: ئاچا يول ئۈستىدە
ئىككىلىنىشكە ئەمدى ئورۇن يوق. ئەرنىڭ
بىرىدىن چوقۇم كېچىش كېرەك. ئۇ ئەر- تۆ-
مۈر. لېكىن ئۇنىڭدىن قانداق ئايرىلغىلى
بولار؟ تۆمۈر ئۆلۈشكە رازىكى، ئۇنىڭدىن ئاي-
رىلىشقا رازى ئەمەس. ئۇ، بۇ توغرۇلۇق ئاب-
لىز بىلەن كۆپ قېتىم كېڭەشتى. ئابلىز بىر

ھەپتىدىن كېيىن ھاجىگۈلنى بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلان بىلەن يولغا سېلىپ قويدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆز ئۆيىدە. مېھمانخانا ئۆيدىن تۆمۈرنىڭ پۇشۇلدىغان، تاماكا چېكىش ئۈچۈن ھېلىمدىن - ھېلىمغا سەرەڭگە چاققان، ئۇياق- بۇياققا ئۆرۈلگەندىكى كارىۋاتنىڭ غىچىرلىدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقان. بۇنىڭ سەۋەبى ھاجىگۈلگە ئايان. تۆمۈر ئۇنىڭ بىر ئاي بىر- بىرىدىن ئايرىلغان تۇرۇقلۇق بۈگۈن كېچە ئۆز قوينىدىن ئورۇن بەرمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يىراق سەپەردىن بۈگۈن تۇنجى قېتىم يۈزىگە بۆرە تېرىسى كىيىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن خاپا ھەم ھەيران. تۆمۈرگە بۇ كۆڭۈل خاپىچىلىقى ئاز كەلگەندەك، ئەتىسى ئەتىگەندە پاراكەندىچىلىكنىڭ چوڭى تېرىلدى. ئۇ، دۇكاننى ئەمدىلا ئېچىپ، پەي سۈپۈرگە بىلەن ئەن رەختلەرنىڭ ئۈستىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى. كوچىنىڭ نېرىقى بۇرجىكىدىن سۇر ھاڭگىنىڭ ھەيۋەت ھاڭگىرىغىنى، ئاندىن ئۇنى مىنىۋالغان باھاۋىدىن ئاتىنىڭ تاغ ئېيىقىدەك كېلەڭسىز گەۋدىسى كۆرۈندى. «ئاپلا... يەنە شۇ پۇلنىڭ گېپى...» دەپ ئويلىدى تۆمۈر مۇزدەك سوغۇق قارا تەرگە چۈمۈلۈپ. باھاۋىدىن ئاتا دېگەندىكىدەك دۇكانغا قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپلا كىردى. يۈزىنىڭ گۆشلىرى كۆمۈر پارچىسىدەك ئويۇل- ئويۇل بۆرتۈپ چىققان، ئادەتتە نۇرسىز كۆرۈنىدىغان كۆكۈش كۆزلىرىنىڭ تېگىدە قان داقتۇر تەستە بېسىلىپ تۇرغان قەھرى- غەزەپ يالىلداپ تۇراتتى. باھاۋىدىن ئاتىنىڭ مۇنداق چاغلىرىدا ئۇنى رايىدىن ياندۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۆمۈر دادىسىدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى. شۇ ھامان دادىسىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەت، قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى:

—خوش...؟ بولغۇنىمۇ يولغا سالارسەن مېنى؟

—ئەستا... ئاتا...،— تۆمۈر بىردىنلا كەچ كۈزدىكى چۈجىدەك تولغىنىپ قولىقىنىڭ كەينىنى تاتىلاپ قويدى.

— نېمە تىلىڭنى چاينايسەن؟ —ۋارقىرىدى باھاۋىدىن ئاتا ئەرۋاھى ئۇچۇپ،— گېپىنى ئوغۇل بالىدەك ۋاچ - ۋاچ سۆزلىمەمسەن!

— يەنە ئازراق تەخىر قىلالمامسىزمۇ ئاتا؟

—ھېلىمۇ بىر ئاي بولدى. يەنە نېمە تەخىر؟ ئەھمەت شاڭجاڭ يۇقىرى- تۆۋەن قاتراپ جېپىپ يۈرۈپ، سەن ئالغان پۇلنى تۆلۆتسەكلا يەرنى قولىمىزغا قايتۇرۇپ بېرىدىغانغا رۇخسەت ئالدى. سەن نېمىشقا ھازىرغىچە ئۇيقۇڭنى ئاچمايسەن تۆمۈر؟

— ئەمدى قانداق قىلىمەن؟— دېدى تۆمۈر يىغلامسىراپ،— بۇ ماللار بىر مۇنچە پۇلنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھاجىگۈل تېخى...

— كەلدىمۇ ئۇ ئۇن خالتىسى؟

— ئاخشام كەلدى.

— قاقنى قانداق قىپتۇ؟

—كىلوسىنى ئىككى كوي ئىككى موچەندىن ھەممىنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

— مانا، پۇل دېگەن شۇ ئەمەسمۇ، لاتا؟!

— مەنمۇ شۇنىڭغا ساقلاپ تۇرغان. ئەمما... ئاخشام ئىككىمىز ئۇ پۇل توغرۇلۇق...

— قېنى ئۇ؟

— ئۆيدە... ئۇخلاۋاتىدۇ.

— مۇشۇ چاققىچىمۇ؟ كۈن نەچچەم بولدى؟ ھازىر قۇرت- قوڭغۇز چېغىدا ئۆۋىسىدا تۇرمايدۇ. ھەر قايسىڭنى مۇشۇنداق قىلىۋەتكەن ئىككى توك- توك پۇلغۇ. ماڭ، كىرىپ ئويغات!

بوۋاي دۇكاندىن چىقىپ، دەرۋازىنى جالاقلىتىپ ئاچتى-دە، ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئالاقزادىلىكتە چۈمىگەن تۆمۈر ھاپىلا-شاپىلا كېلىپ دادىسىنىڭ ئالدىنى توستى.

— خۇدا ھەققى، ئۇنىڭ بىلەن يۈز تۇرانە بولۇپ قالماڭ ئاتا، كىرىپ ئۆزۈم سۆزلىشەي، ھازىرلا ئويغىتاي.

— مەن ئالمىقاچان ئويغىنىپ بولغان، — كۈتۈلمىگەندە پەلەمپەيلىك شۇتىدىن ھاجىگۈلنىڭ ئۇيقۇسىغا تويۇنغان قىزلارنىڭكىدەك زىل، ئەمما مەسخىرىلىك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، پۈتىنىڭ ئۇچىغىچە ماڭقۇتەك ئاپئاق نېپىز كۆڭلەك كىيگەن، ئوچۇق ئىككى يەلكىسى، دۈمبىدىكى تىزدىق-تىزدىق مەرۋايىتلار بىلەن قوشۇلۇپ ئوچۇق قۇياش نۇرىدا خۇددى بېلىق قاسىرىقىدەك پارقىراپ تۇراتتى. بوۋاي ئۇنىڭ سىياقىدىن يۈزى كۆيۈپ چەتكە قارىۋالدى ۋە تۆمۈرگە:

— بول، مېنى تېزرەك يولغا سال، — دېدى.

تۆمۈر قايسىسىغا گەپ قىلىشنى بىلەلمەي ئالاقزادە بولۇپ، گاھ دادىسىغا، گاھ ھاجىگۈلگە قارايتتى.

— توختاپ تۇرسىلا، — ھاجىگۈل ئىنچىكە ئۇزۇن پاشىنىلىق تۇپلىيىنى تاقىلدىتىپ، شۇتىدىن چۈشتى، — ھۆرمەتلىرىنى قىلغاننى بىلمەيدىكەنلا سىلى. مەن تەگسەم ئوغۇللىرىغا تەگكەن، سىلىگە تەگمىگەن. ئەتىگەندە ئىشىكىمگە كېلىپ نېمە ئادەم تىللايلا؟

— ئادەم تىللىمىدىم بالام، بار گەپنى دېدىم، — دېدى بوۋاي ئۆكمەي، تاتارماي.

— ماڭا تېپىپ بەرسىلە، شۇ تاپتا. كىمىكەن ئۇ ئۇنى خالتىسى دېگەن؟

— ئەلۋەتتە ئۆزلىرى، تۆرماملا ئەنە سۆكەندىن قوپقاندەك.

— ھەي...! نېمە دەيسەن يۈندا ساقال توغرى؟! — ھاجىگۈل غەزەپتىن يىرىگلىدق ئىششىقتەك كۆكىرىپ، باھاۋدىن ئاتىغا ئېتىلىپ كەلدى، — چىق ھويلىمدىن! ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ بۇ ئۆيدە؟!

— ئەستاغپۇرۇللا...! ئاغزىڭنى يىغ جوڭمو ھاجىگۈل! — تۆمۈر خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىشىدىن قورققاندەك ئاتىغا چاپلىشىپ بارمىقىنى چىشلەشكە باشلىدى.

ئەمما، ئەسەبىيلەشكەن خوتۇن پەيلىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس.

— تۆمۈر! بۇ نېمە سەتچىلىك بالام؟ — دېدى بوۋاي دەرۋازا تەرەپكە كەينىچە داجىپ، — ھاي-ھاي... ماۋۇ خوتۇنۇڭنى تۇت دەيمەن!

ھاجىگۈل بوۋاينىڭ ياقىسىغا مەھكەم ئېسىلىۋالغان. ئۇ، بوۋاينىڭ ساقاللىرىنى يۇلماقتا، يۈزلىرىنى تاتىلىماقتا. ئۇ ئەڭ قاباھەتلىك تىل بىلەن باھاۋدىن ئاتىنى قار-يامغۇردەك تىللاپ، بىر ياقتىن ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ يىغلىماقتا ئىدى. بوۋاي ئاخىرى چىداپ تۇرالمىدى.

— قولۇڭنى تارت، نومۇسسىز ئىپلاس! — دېدى ئۇنى غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋېتىپ.

ھاجىگۈل ئوگدىسىغا ئۆرۈلۈپ چۈشتى. شۇ ئارىدا ھويلا ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى. ھاجىگۈل يەردە تېپىرلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئاۋازىنى بولۇشىچە قويۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

— كۆرۈپ قويۇڭلار خالايىق! بۇ بەڭگىنىڭ نەرى مېنىڭ قېيىن ئاتامغا ئوخشايدۇ؟ قېرى جېنىمغا باقماي ئۆتكەندە نەچچە قېتىم ماڭا نىيىتىنى بۇزۇپ چاقچاق قىلغان. ئەنە ئوغلى تۇرۇپتۇ. ئايا ئۇنىڭ ئالدىدا تەپتارتماي كۆكسۈمنى مۇجۇپ يۈرىدۇ. نومۇسسىزلىق...! شەرمەندىچىلىك...!

—خۇدايا...! ئاسماندا كۈن تۇرۇپتۇ مانا!— دېدى چىرايى بىردىنلا ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەن بوۋاي ياقىسىنى تۇتقان ھالدا خىرىلداپ،—بۇ، تۆھمەت خالايىق! تۆھمەت!— ئۇ ئوغلىغا توغرىنلاندى،— ھەي تۆمۈر...! ئۆلدۈڭمۇ سەن...؟ خوتۇنىڭنىڭ بۇ ھاقارىتىگە نېمە دەيسەن؟!

ئەمما، تۆمۈر تامغا يۆلەنگىنىچە مۈردىدەك قېتىپ قالغان. بوۋاينىڭ بۇ ئەلەملىك خىتابى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرەر ئەمەس. سەزگۈلىرىنى يوقاتقان ۋۇجۇدى جالاقلاپ تىترەمەكتە، چۈشلىرى كاسىلدىماقتا: «تۈگەشتىم، ھەممىدىن تۈگەشتىم... مۇشۇمۇ دادا بولدىمۇ؟ ئۇ ئەشۇ يەرنى دەپ، مېنى راھەت-پاراغەتتىن، ئايدەك گۈزەل خوتۇنۇمدىن ئايرىماقچى...!» دېگەنلەرنى ئويلىماقتا.

بوۋاي ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن قىسقا دەستىلىك ئۆرىمە قامچىسىنى ئېلىپ تۆمۈرنىڭ باش-كۆزىگە تارسىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

—ئۆلتۈرۈۋېتىمەن سېنى ئىپلاس....! يىگىتلىكىڭنى نەگە يوقاتتىڭ؟ راھەت-پاراغەتسىكەن، خوتۇنىڭغا تېگىشىۋەتتىڭمۇ-ھە؟! ۋۇجۇدىڭدىكى مېنىڭ قېنىمنىچۇ، پۇلغا سېتىۋەتتىڭمۇ؟! ئالدىمغا چۈشۈپ ماڭ! ئاپىرىپ كەتمەنگە سالمىسام ھېساب ئەمەس! نېمىگە قارايسەن؟ ئۇچىما سارايلىرىڭغا، دۇكىنىڭغا تارتىشىۋاتامسەن؟ ھەممىسىگە ئوت ياقىمەن، كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىمەن!

جامائەت ئارىغا چۈشتى. بوۋاينى قۇچاقلاپ تۇتۇۋېلىشتى.

—ھەي ئىسسىت....!ھەي ئىسسىت!— بوۋاي بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

## 5

بىر توپ ئادەملەر ئېتىزلىقتا، دەل-دەرەخلەرگە بۆرىدەك تاشلىنىشقان. ئۇلار غالىبقوشۇندەك مەغرۇر، تۈرمىنى تېشىپ قېچىپ چىققان جىنايەتچىدەك ئەسەبىي، چىرايى سۇرلۇك، قورقۇنچلۇق...

باغلارنىڭ خىلۋەت، جىمجىتلىقىنى بۇزىدىغان، ناخشىلارنى بېسىپ چۈشىدىغان تارتىلىدىغان، گۈلدۈرلىگەن، گۈرۈلدىگەن سەت ئاۋاز... تويا ئېتىزدىش ماشىنىسى قىرلارنى تۈرتۈپ، ئازگال، ئېرىقلارغا تىقىماقتا. تويا قېزىش ماشىنىسى غاز باتتىگەندەك ئۇزۇن، كېلەڭسىز بويىنىنى سوزۇپ تۈپتۈز ئېتىزلىقنى كولىماقتا. ئېتىز ئۈستىدىن چاڭ-توپا كۆتۈرۈلدى. باغلاردىن، دەل-دەرەخلەر ئارىسىدىن سالقىنلىشىپ چىققان ساپ ھاۋا بىردەمدىلا نەپەسنى سىققۇچى كۆكۈش، قاڭسىق بۇس بىلەن بۇلغاندى.

ئاچچىق يۇتۇپ بىر ھەپتىدىن بېرى ئەلاك-سەلاك بولۇپ يۈرگەن باھاۋىدىن ئاتا بۇ مەنزىرىنى بېغىنىڭ شۇرىسىدىن كۆرۈپ قالدى. ئۇ، شۇنچىۋالا كۆپ ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ يالغۇز تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا، ھاسىسىنى سۆرەپ قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردى.

—نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ خوددى قۇلىقىڭلارغا پاختا تىقىۋالغاندەك بەخىرامان ئولتۇرغىنىڭلار قىزىق. قوپماسىلەر!

—نېمە ئىش بولدى؟

—ئاڭلىمىدىڭلارمۇ ئاۋۇ ئاۋازنى؟ يەرلىرىمىزنى بۇزماقتا، تىلغىماقتا!

—بەش يىللىق ھوسۇل پۇلىنى ئالدىن ئالدۇق ئەمەسمۇ، ئەمدى يەرنى نېمە قىلسا ئىختىيارى-دە، ئۇلارنىڭ.

—توۋا خۇدايىم، مۇشۇمۇ دېھقانىنىڭ گېپى بولدىمۇ ئەمدى؟ بەش يىلدىن كېيىنچۇ، نېمە يەيسىلەر، نېمە ئىچىسىلەر؟

—ئەخمەق ئىكەنسىز، بەش يىلدىن كېيىنكىنى ئەمەس، ھازىرنىڭ گېپىنى قىلىڭ. بەش يىلدىن كېيىن كىم بار، كىم يوق؟ ھازىر قولغا تەككىنى ئەۋزەل-دە. بەندە ئۆلمەس، رىزقى تۈگىمەس... ئۇ چاغدا خۇدايىم بار. بىر گەپ بولامدۇ...

بوۋاي چېچىلدى، ئاچچىقلاندى، ئۇلارغا نېمە دېگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمىدى. بۇيەردە شالاڭلىشىپ قالغان كونا كالىچىنى قولتۇقىغا قىسىپ، ھاسىسىغا تايىنىپ، تاپانىماي ئېتىزلىققا يۈگۈردى. ياق، ئۇ يۈگۈرمىدى، مۈككۈچەيگەن گەۋدىسىنى ئالدىغا تاشلاپ، ھاسىراپ-ھۆمىدەپ، ئىككى پۇتىغا، ئالدى-كەينىگە كېلەڭسىز چايقىلىپ ئېرىدىن ياقىلاپ بايپاسلاپ كېتىپ باراتتى. ئارتۇقچە كۆجەي كېتىۋاتقانلىقتىن، ھاسىسىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇپ تېز-تېز تاقىلدىغىنىنى، نەپەسلىرىنىڭ پېتىشەي خىرىلداپ قالغانلىقىنى يىراقتىنلا ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى. بوۋاي ئېتىز ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. قورۇلۇش ئەترىتىدىكىلەر ناھايىتى ئالدىراش ئىشلەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىرلىرى ئېرىق بويىدىكى قاتار ئۈجمىلەرنىڭ، تېرەكلەرنىڭ تۈۋىنى كولاۋاتاتتى. بىرلىرى ماشىنىدىن خىش، سېمونت چۈشۈرۈۋاتاتتى. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى قىر ئۈستىدىكى ياش تېرەك كۆچەتلىرىنى چەيلەپ، توپا بىلەن قوشۇپ تۈرتۈپ، ئالغا قاراپ شىددەت بىلەن بېسىپ كەلمەكتە ئىدى. «ئاھ، ئەممەت يەرلىرىم!...» بوۋاينىڭ ئىچى سېرىلىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇنىڭغا يەر نالە قىلىۋاتقاندەك؛ كۆچەتلەر، ئوت-چۆپلەر، قۇرت-قوڭغۇزلار ئېڭراپ جان تالىشىۋاتقاندەك... ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ، خەلچىخانىنىڭ روھىناتلىرى كېلىپ، ئۇنى غەزەپ بىلەن قاغاۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا قانداق يۈگۈرۈپ بارغىنىنى بىلمىدى، شوپۇرغا قەھرى بىلەن ھاسىسىنى شىلتىپ:

— توختا! ماۋۇ نېمەڭنى توختات!... — دەپ ۋارقىرىدى.

شوپۇر قاياقتىندۇر پەيدا بولغان بۇ ناتونۇش بوۋاينىڭ نېمىدەپ تۇۋلاۋاتقىنىنى ئاڭقىرالمىدى، ماشىنا يەنە سەللا ئىلگىرىلىسە بوۋاينى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ماشىنىنى تورمۇزلاپ توختىتىپ، كابىنكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

— ھەي بوۋاي، ئۆلگۈڭىز كەلدىمۇ؟ ئۆتۈڭ بۇياققا!

— كابىلدىما...! ماشىناڭنى ئارقىغا قايتۇر! — بوۋاي كابىنكا تۈۋىگە ھاسىسىنى سۆرەپ كەلدى.

— سىز كىم؟ — سورىدى شوپۇر تەئەججۈپلىنىپ.

— مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنى، بىلدىڭمۇ؟ مەن مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنى!

— ھا...ھا...ھا...! — شوپۇر مەسخىرىلىكمۇ، قىزىقىنىشقىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر خىل ھېيىياتتىنا تاقاقلاپ كۈلدى، — قىزىق گەپ! بىز قورۇلۇش ئەترىتىنىڭ ئادەتتىكى ئىشچىلىرى. دۆلەت بۇيرۇغان ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىلا بىلىمىز. چاقچاق قىلماڭ، مەن سىزنى تونۇمايمەن ئاتا!

شۇ ئارىدا قاياقتىندۇر ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق، ساقالسىز يۈزلىرى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىپقىزىل، كۆزلىرى ياغلىشاڭغۇ بىر ئادەم يېتىپ كەلدى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى ئۇ شوپۇرغا، ئاندىن كېيىن بوۋاينىڭ باش-ئايىغىغا شۈبھە بىلەن ئالىيىپ قارىدى.

— ماۋۇ بوۋاي توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى، دۈيجاڭ.

دۈيجاڭ بوۋايغا خۇددى ئۇنى يەۋېتىدىغاندەك زەردە بىلەن چەكچەيدى:

— مەجمەت شۇجى گېپىنى قىلغان ھېلىقى ئادەم سىز ئىكەنسىز-دە. 18 مىڭ يۈەن پۇلنى موك ئېلىپ، ئۇنىڭ دۆلىتى بىلەن ئوغلىڭىزغا شەھەردە دۇكان ئېچىپ بېرىسىزۇ، يەنە نېمە

كۆكەملىك قىلىمىز؟!— ئۇ، شوپۇرغا بۇرۇلۇپ كەسكىن ئاۋازدا بۇيرۇق قىلدى، — ھەيدە!

توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى تۇرخۇنىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ، كالىدەك ھۆركىرىدى-دە، جايىدا بىر-ئىككى يۇلقۇنۇپ، ئالدىغا شۇڭغىدى.

— بۇلاڭچىلار...! — بوۋاي يارىدار ئېيىقتەك ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى ئاتتى، — توپىغا كۆمۈۋەت! ماشىناڭغا باستۇرۇۋەت، يەر بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈر مېنى...!

ماشىنا ئېگىز قىرنى تېگىدىن قومۇرۇپ، بوۋاينىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە. بوۋاي توپىغا قوشۇلۇپ، يوغان چالمىلار ئارىسىدا ئالغا سىلجىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىبېشى توپا بىلەن بۇلغانغان. ئۇ، توپا ئارىسىدا نالە قىلىپ تولغىناتتى، يىغلايتتى، قوللىرىنى سوزۇپ نېمىگىدۇر ئېسىلىۋالماقچى، نېمىنىدۇر تۇتماقچى بولاتتى...

شوپۇر ماشىنىنى توختاتتى. ئۇنىڭ چىرايى توپىدەك تاتارغانىدى. شۇ ئارىدا خىش چۈشۈرۈۋاتقانلار يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— بۇنى كۆتۈرۈڭلار، كۆتۈرگەنچە ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىڭلار! — دېدى دۈيجاڭ ئۇلارغا بۇيرۇق قىلىپ، — ئەقلىدىن ئازغان، ئۆلۈكىنى سېتىپ، بىزگە ئىش تېپىپ بېرىدۇ بىكار.

ئىشچىلار بوۋاينى توپىنىڭ ئاستىدىن سۆرەپ چىقىپ، تەڭنە قازان قىلىپ كۆتۈرۈشتى. بوۋاي ئۇلارنىڭ قولىدا يۇلقۇناتتى، تېپىرلايتتى، ئاجىز، خىرىلدىغان ئاۋازدا «قويۇۋەت! مېنى قويۇۋەت...» دەپ نىدا قىلاتتى. ئۇلارغا دۈيجاڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلماي ئامال يوق. ئۇلار ئەسلىدىنلا گاس، گاچا بولۇپ تۇرغاندەك ئۈنسىز، زۇۋانسىز. ئۇلار بوۋاينى خۇددى توشقاننى قاماللىغان قۇشتەك كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ھەسرەتلىك تىپىرلاشلىرىنى كۆرمەيتتى، قان-قان يىغلاشلىرىنى ئاڭلىمايتتى.

يەنە شۇ گۈلدۈرلىگەن، گۈرۈلدىگەن، تارتىلدىغان مۇدھىش ئاۋاز. قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقان ئەسەبىي كۈلكە، ئۇنىڭغا بېڭى قوشۇلغان، دەرەخنىڭ قاراسلاپ سۇنۇشلىرى...

ئېرىق بويىدا 100 مېتىرغىچە سوزۇلغان قاتار ئۇجمىلىك بار ئىدى. ئېتىزلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئىككى تۈپ قېرى تېرەك نەچچە مو يەرگە سايە تاشلاپ، ئاسمانپەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تۈۋىدە ئۈچتىن-بەشكىچە ئادەم. ئۇلار پالتا بىلەن كەتمەننى نۆۋەت ئېلىشىپ، تۈۋىنى كولاشماقتا، يىلتىزلارنى كەسمەكتە. ئەنە، تۆت ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان ئىگىز، ھەيۋەتلىك قېرى تېرەك بىر يانغا قىڭغىيىشقا باشلىدى. تالاي-تالاي بوران-چاپقۇنلاردىن، يامان كۆزلەردىن ئامان قالغان بۇ تېرەكنىڭ ئەشۇ قوش شايىلاقتەك چوڭلۇقتىكى پالتىنىڭ زەربىسى بىلەن ھالاك بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىنسانىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بىر يانغا بارا-بارا قىڭغىيىۋاتقىنى ئۇ تېرەك ئەمەس، ئۆلۈم كىرداۋىدا ئالەم قىڭغىيىۋاتقاندەك، قۇياش قىڭغىيىۋاتقاندەك، جىمى ھاياتلىق قىڭغىيىۋاتقاندەك ئىدى. تېرەك بىر چاغدا قاراسلاپ ئۆرۈلدى، شۇ ھامان يەر شىددەت بىلەن سىلكىنىپ، تاغ غۇلىغاندەك دەھشەتلىك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ يەرنىڭ ۋەھىمىلىك تەۋرىشى خېلىغىچە بېسىلمىدى. ئاسمانغا قويۇق چاڭ-توپا كۆتۈرۈلدى. قارا بوران پەيىندىكىدەك قاپقاراڭغۇچىلىق قاپلىغان ئاسماندا ئۇۋىسى بۇزۇلغان قۇشلارنىڭ ئېچىنىشلىق چۇرقىراشلىرى، نالە-پەريادى ئاڭلىناتتى. ئۇلار

يېقىلغان تېرەك ئۈستىدە قايغۇلۇق ھازا ئېچىشقاندەك يۇقىرى - تۆۋەن تەگمەي يۈرۈشەتتى. قۇشلار ھېسابسىز نۇرغۇن ئىدى. ئۇلار چۇرقىراۋېرىپ ئاغزى ئېچىلىپ قالغان، ئاۋازى پۈتۈپ قالغانىدى، كۆزلىرى غايەت كۈچلۈك نۇر توچكىسىدەك يالىلداپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر نۇرى ئالدىدا قۇياش قاتقان قان دېغىدەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. تېرەك ياپراقلىرى سولىشىپ قالغان، ئۇ چۈمكەپ تۇرغان غايەت زور شاخلار خۇددى باھاۋۇدىن ئاتىنىڭ قوپال، توم، ئۇزۇن بارماقلىرىدەك ھەر تەرەپكە سوزۇلۇپ، يەرنى قۇچاقلاپ ياتاتتى. تېرەك غولىنىڭ ئاقۇش قوۋزاقلىرى خۇددى نىمكەش ئاق يەكتەك كىيىۋالغان بوۋاينىڭ دۈمبىسىنى ئەسلىتەتتى. قۇشلار چىرقىراۋاتاتتى. يەر تېخىچە تەۋرەۋاتاتتى. ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئاستا - ئاستا كېڭىيىپ، مەھەللە ئاسمىنىنى تولۇق قاپلىغانىدى.

شۇ ئارىدا قوش كالىبىرلىق ئوۋ مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ ياش بالا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— مانا مىلتىق، ئاتا، ئىككى پاي ئوقمۇ سېلىپ قويدۇم.

دۈيجاڭ مىلتىقىنى قولىغا ئېلىپ، دەڭسەپ كۆردى:

— قايسىنى ئېتىپ بېرەي ساڭا؟

بالا كۆزىنى قىسىپ، ئاسماندىكى قۇشلارغا ھەۋەسلىنىپ قارىدى.

— ئىش قىلىپ، قەيەردە چىرايلىق سايراپ بېرىدىغىنىدىن بولسۇن.

— ئەخمەق! — دۈيجاڭ بالىسىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلدى، — ئوق تەگكەن قۇش ساق قالامدۇ دەيسەن؟ ئاخشاملىققا يەيدىغان گۆشىنىڭ كېيىنىنى قىل!

دۈيجاڭ مىلتىق ستوۋۇلىنى كۆتۈرۈپ، قۇشلارنى قارىغا ئالدى. بالا ھاڭۋېقىپ ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. گۈلدۈرلەپ ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق بىلەن تەڭ قۇشلار ھاۋادا سىلكىنىپ، قىي - چۇ قىلىشتى. بىر قوش ھاۋادا بىردىنلا پاختىدەك لەيلەپ، بارا - بارا پەسلەپ، ئېتىزلىقنىڭ نېرىسىقى چېتىدىكى باغنىڭ يېنىغا چۈشتى. قالغان قۇشلار ئاسماندا پېتىراپ ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىشتى.

— چاپسان يۈگرە، — دەپ ۋارقىرىدى دۈيجاڭ بالىسىغا، — قۇشقاچ گۆشىمۇ گۆش - تە!

بالا باغ يېنىغا تايغاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ، خېلىدىن كېيىن سولاشقان، روھسىزلانغان ھالدا قايتىپ كەلدى.

— تاپالمىدىم، چاتقاللىققا چۈشۈپ كەتتىمىكىن.

— ھەتتىمگىنەي...، — دۈيجاڭ ساقىلىنى تاتىلىدى، — ئىككى پاي ئوق بىكار زايە كەتتى - دە.

— كېرەك يوق ئاتا، ھېچ بولمىسا تاماشىسىنى كۆردۇققۇ.

بالىنىڭ سەبىي كۆزلىرىدە بىر شادىيانە نۇر ئۇچقۇنداپ تۇراتتى.

قۇشلار شۇ ئۈركۈپ قاچقانچە قايتا يېنىپ كەلمىدى. باغلاردىن بۇلبۇل ئاۋازى، سۆگەتلىكلەردىن ئاق قۇشقاچنىڭ شوخ چۇرقىراشلىرى ئۆچكەن. پەقەت ئېتىزلىق تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان گۈرۈلدىگەن، گۈلدۈرلىگەن، تارتىلىدىغان كۈچلۈك ئاۋاز مەھەللە ئاسمىنىنى تىترىتىپ تۇراتتى.

ئۇلار باھاۋۇدىن ئاتىسىنى ھويلىسىدىكى كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ، ئېسىنى بىلىپ - بىلمەي كارىۋاتتا تولغىنىپ، ئېڭىراپ قانچىلىك ۋاقىت ياتقىنىنى بىلمىدى. پەقەت ھويلىنى گۈگۈم قاپلاپ، ئېتىزلىق تەرەپتىن كېلىۋاتقان ھېلىقى ئاۋاز جىمىققاندىن كېيىنلا ئېسىگە كېلىپ، ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ئىككى يوتىسى سۈرۈلگەن، تېرىسى ئۈستىدە بىر قەۋەت قارامتۇل قان قېتىپ قالغانىدى. بېشى، قولاقلىرى، يەنە ئاللىقانداق يەرلىرى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى.

بىلىمنى ۋۇسلاش ئۈچۈن سەللا مىدىرلىۋىدى، مېڭىسىگە چىقىپ كەتكەن دەھشەتلىك بىر ئاغرىقتىن زارلىنىپ ۋارقىرىۋەتتى. «قاچاندىن بېرى ياتقاندىمەن؟ بىر كۈن، ئىككى كۈن ئۆتكەنمىدۇ - يا؟ ياق. ئېھتىمال ئەتىگەنكى ئىشتۇ. شۇنداقتىمۇ ھېسابتا بىر كۈن ئۆتكەن بولىدۇ. ئۇلار يەرنى بۇ چاقىقچە نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ھەي ئىسىت، ئوتتۇز-قىرىق ياشتىكى چاغلىرىم ھازىر بولسىدى، ئۇلارنى سۈرۈپ - توقاي قىلىۋەتمەي قويمايتتىم. قېرىلىق — نەسالىك . . . راست گەپ ئىكەن بۇ! خۇدايا . . . جېنىمنى ئەتە ئالساڭمۇ ئالغىن، ئەمما بۈگۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغىن. مەن يەرلىرىمنى بۇلاڭچىلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالاي.»

بوۋاي ئەنە شۇ خىيال ۋە ئىلتىجا بىلەن كارىۋاتتىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشتى. بەدىنىدىكى بايىقى ئاغرىقلار ئەمدى توختىدىمۇ ياكى ئاغرىق سېزىملىرىنى ئۇنتۇدىمۇ؟ بوۋاي بۇنى بىلمەيتتى. ئۇ، ھاسىسىنى ئىزدىدى، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. توغرا! توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى ئۇنى توپا بىلەن قوشۇپ، ئالدىغا ئىتتىرىۋاتقاندا ھاسىسى ماشىنا چاقى ئاستىغا كىرىپ كەتكەندەك، غاراسلاپ سۇنغاندەك قىلغان. ئۇ، دەلدەڭشىپ بېدىش ئاستىغا بېرىپ، تونۇر چوغىنى ئارىلاشتۇرۇپ تاشلىۋەتكەن، بىر ئۇچى قاپقارا، ئۇزۇن كۆسەينى ئالدى - دە، ئېتىزلىققا يۈرۈپ كەتتى.

كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغان، مەھەللە ئۈستىدىكى ئاستا - ئاستا قارىيىۋاتقان بۇلۇتلارنىڭ غەربكە تارتىلغان بىر ئۇچى قان رەڭگىدە قىزىرىپ كۆرۈنەتتى. كەچكى ئىس مەھەللە ئۈستىدە تۇماندەك لەيلەپ، كۆكۈش، نېپىز شايىدەك سوزۇلغان، بىر ئۇچى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان كۈگۈم قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە سىڭىپ كەتكەنىدى.

بوۋاي باغنىڭ بۇرجىكىگە يېتىپ كەلگەندە، ئالدىدا — ئىككى قەدەمچە نېرىدا كۈچسىز پالاقشىغان بىر نەرسىنى ئىلغا قىلدى. بوۋاي ئېڭىشىپ ئۇنى ئالقىنىغا ئالدى. ئەمدىلا ئۇچۇرتما بولغان ياۋا كەپتەر باچكىسى ئۇنىڭ ئالقىنىدا كۆزلىرىنى ئېچىنىشلىق مۆلدۈرلىتىپ، تېز - تېز نەپەس ئېلىپ، دىرىلداپ تىترىگىنىچە ھالسىزلىنىپ ياتاتتى. بوۋاي باچكىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ، سىلاپ-سىلاشتۇرۇپ، كۆكرىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ زەخىملەنگەنلىكىنى سەزدى. كۆكرىكىنىڭ ئۈستىدىكى يۇمران كۆكۈش تۈكلەر قان بىلەن قېتىپ، بىر-بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. باچكا سەكرات ئۈستىدە جان تالىشىۋاتقاندەك بىر - ئىككى سىلكىنىۋىدى، بوۋاينىڭ ئالقىنىغا چوغدەك قىزىق قان تامچىلاپ چۈشتى. بوۋاينىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى:

— ئاھ، ئىسىت! باغرى قان كەپتىرىم، جاھانغا كۆز ئاچار - ئاچمايلا، ساڭا نەدىن كەلگەن شۇم قىسمەت بۇ، ئادەمدىن كەلدىمۇ ياكى ھايۋاندىن؟ ئەمدى ئاتاڭ نېمىدەپ يىغلار، ئاناڭ نېمىدەپ يىغلار! . . .

بوۋاينىڭ كۆزلىرى ئاچچىق ياش بىلەن تولدى، بوغۇزىغا قاتتىق بىر نەرسە كەپلەشكەندەك بولۇپ، خېلىغىچە نەپەس ئالالماي قالدى. باچكا ئۇنىڭ ئالقىنىدا ئەمدى جىمجىت ياتاتتى. بېشى ساڭگىلاپ چۈشكەن، سىيادانىدەك قاپقارا كۆزلىرى ئوچۇق پېتىلا چانىقىدا قېتىپ قالغانىدى. بەدىنى ئاستا-ئاستا سوۋۇپ بېرىۋاتاتتى. «. . . ئۆلدى، قىينالغان جېنى ئارام تاپتى، — دەپ ئويلىدى بوۋاي ئېتىزلىققا كېتىۋېتىپ، — جەننەت بىلەن دوزاخ ئۇچار قۇشلار ئۈچۈنمۇ يارالغان بولغىمىدى؟ مېنىڭچە، ئادالەتلىك خۇدا ئۇنى چوقۇم ياراتقان. خۇدا بۇ باچكىنى جەننەتكە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭ ياش جېنىغا زامىن بولغانلارنى دوزاخقا تاشلىمىسا، ئۇنى قانداقمۇ ئادالەتلىك، مېھرى - شەپقەتلىك دېگىلى بولىدۇ . . .؟»

بوۋاي ئالدىدىكى ئېگىز تىزىلغان خىش، سېمونت خالتىلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇ زادى كۆرۈپ باقمىغان تاقىر ئۇچۇقچىلىقتا چىقىپ قالدى - دە، خۇددى كۆكرىكىگە تۇيۇقسىز ئوق تەككەندەك كۆكسىنى قاماللاپ ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى:

— دەرەخلىرىم ...! قېنى بۇ ئۈجمىلىرىم ...؟! تېرەكلىرىم ...! ئاتامەي ...! ئانامەي ...! مېنى يالغۇز تاشلىۋېتىپ كەتتىڭلارمۇ يۈرەك باغرىلىرىم ...؟!

بوۋاي يەرگە يىقىلغان ئۈجمە غوللىرىنى قۇچاقلاپ، يىرىك قوۋزاقلىرىغا يۈزىنى يېقىپ، تېلىقىپ - تېلىقىپ يىغلىماقتا. سۇنغان شاخلار ئارىسىدا دومىلاپ، خۇددى ئاتا - ئانىسىنىڭ نامىزىنى ئوقۇغان ۋاقىتتىكىدەك هازا ئاچماقتا:

— ئاتامەي ...! ئانامەي ...! مېنى دەپ يىغا بىلەن كەتكەن ئاتام ...! مېنى دەپ كۆزى ئۇچۇق كەتكەن ئانام ...!

كائىنات تۈن لىباسىدىن قارىلىق كەيگەن، خۇددى ئۇ بوۋايغا قوشۇلۇپ هازا ئېچىۋاتقاندەك. ئەتراپ خۇددى گۆرىستاندەك جىمجىت. ئەمدى بۇ يەردە ياپراقلارنىڭ تۈن سەلكىنى بىلەن سىرىدىشىۋاتقان چاغدىكى تاتلىق شىۋىرلاشلىرىمۇ، ئۇۋىسىدا چۈش كۆرۈۋاتقان قۇشلارنىڭ ئۇيقۇ ئارىلاش چۇرۇقلاشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ، پەقەت يەرنىڭ چوڭقۇر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك ھاسىراپ - ھۆمۈدىگەن، ئۇھ تارتقان، نېمىنىدۇر، كىمنىدۇر تىللاپ قاغاۋاتقان، كۈلگەن، يىغلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ:

«قەيەردىسەن، ھەزرىتى نۇھ ...؟ خىسلەتلىك كېمەڭنى تېزراق ھەيدەپ كەل، ئادەملىرىڭنى، ئۇچار قۇشلىرىڭنى، دەل - دەرەخلىرىڭنى، يەرلىرىڭنى توپان بالاسىدىن قۇتقازا! مەن ھاياتلىق ئۈچۈن دەل - دەرەخلىرىڭنىڭ قاۋۇل شاخلىرىغا مەھكەم ئېسىلىۋالدىم. لېكىن، توپان بالاسى دەل - دەرەخلىرىمنى يىلتىزلىرى بىلەن قوشۇپ قومۇرۇۋەتكەن. ئۈجمىلىرىمنىڭ، تېرەكلىرىمنىڭ جاھاندا نېمىگە زىيىنى يەتكەن بولغىدى؟ ئۇنى بۈگۈنگىدىن 100 يىللار بۇرۇن رەھمەتلىك ئاتام تىككەنىكەن، تېخى ئۇ ھېلىقى «ئوبچە قازان①» ۋاقتىغىچە ھېچكىم ئۇنىڭ بىر تال شېخىنىمۇ تەگمىگەن. پەقەت شۇ چاغدىلا ئورغۇنلىرى كېسىلىپ داشقازانغا ئوتۇن قىلىنغان، شۇنداقتىمۇ ئاخىرى ئىككى تۈپ تېرەك ئامان - ئېسەن قالغانىدى. ھەي، ئەشۇ ئۈجمىلىرىمنىڭ ...! ئۇنى «تاك» قىلىپ چېپىشقا قايسى ھايۋاننىڭ قولى بارغاندۇ دەيمەن. ئۇنى چاپقىچە مېنىڭ بېشىمنى چاپسىچۇ! ھېچ بولمىسا ئۇلار بۇرۇن بۇ ئۈجمىلىكتىن بىرەر تال ئۈجمە يېگەن بولغىدى. راست، شۇنداققۇ؟ بۇ يۇرتتا ئۈجمە پىشىشقى مەزگىلىدە بۇ ئۈجمىلىككە كېلىپ، كۈلۈپ - ئويناپ كەتمىگەن، تويغىچە ئۈجمە يېمىگەن كىم قالغان؟ بۇ ئۈجمىلەرنى ئون نەچچە ياش ۋاقتىمدا ئاتام تۆپىدە قاراپ تۇرۇپ ماڭا تىكتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خۇددى ساخاۋەتلىك ئۇچۇق قول ئانىدەك ئادەملەرنى، ئۇچار قۇشلارنى... قىسقىسى، جىمى ھاياتلىقنى ئۆزىنىڭ شېرىن مېۋىسى بىلەن تويۇندۇرغانىدى. ئاھ، ئىسىت! بۇنى ھالاك قىلىشتى. توپان بالاسى ھالاك قىلىشتى. ئۇنى قانغىچە تويۇپ يېگەنلەر ھالاك قىلىشتى ...»

تۈن تەڭ نىسپىدىن ئاشقان. بوۋاي تېخىچە ئۈجمە غولىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۇنىڭغا باغرىنى چىڭ يېقىپ ياتاتتى. ئۈجمە شاخلىرىدىكى، ئۇنىڭ يۇمران نوتىلىرىدىكى شەربەت لەززىتى ئاستا - ئاستا يىغىلىپ، غولى ئارقىلىق بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆتۈۋاتقاندەك، بوۋاي بۇ قۇچاقلاشتىن جاراھەتلەنگەن يۈرىكىگە شىپا، چەكسىز ئاراملىق ۋە لەززەت ھېس قىلاتتى. بوۋاي مەرھۇم خەلچىخانىنى ئەسكە ئالدى. خەلچىخان بۈگۈنگىدىن يىگىرمە بەش يىل بۇرۇنقى بىر جۈمە كۈنى كەچتە كۆز

① 60 — يىللاردىكى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوبچە ئاشخانىدا تاماق يېگەن ۋاقتىنى دېمەكچى.

يۇمغان، باھاۋىدىن ئاتا بىر كېچىچە ئۇنىڭ ئايىغىدا يېتىپ، پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ، باغرىغا تېڭىپ چىققانىدى.

بوۋاي قۇچاقلاشتىن ئارام تاپتى. ئۇ، يۈزىنى يىرىك قوۋزاققا ياققىنىچە تاكىغا يېقىن ئۇيۇقىغا كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى. چۈشىدە، ئۇ سۇر ھاڭگىنى مىنىپ تۇمۇرنىڭ شەھەردىكى ئۆيىگە بارغۇدەك. قارىسا، ئۆي، دۇكان دەھشەتلىك ئوت ئىچىدە يالىلداپ كۆيىۋاتقۇدەك، ئوت ئىچىدە تۇمۇر. ئۇ، ئېچىنىشلىق نالە-پەرياد قىلىپ، ئۇ ياقتىن - بۇ ياققا يۈگۈرىگىدەك. بىر چاغدا ئۇ: «ئاتا ...!» دەپ ۋارقىراپ بوۋايغا قول سوزۇپ كېلىشىگە بىر پارچە ئوت يالقۇنى ئەجدىھادەك يۇتۇپ كەتكۈدەك. بىر چەتتە ھاجىگۈل كۆيىۋاتقان ئوتنى، تۇمۇرنىڭ نالە-پەرياد ئىچىدىكى تولغىنىشلىرىنى تاماشا قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقىدەك...

بوۋاي چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. قانچىلىك ئۇخلىغىنى ئۆزىگە نامەلۇم، ئەمما چىلىق-چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. «تۇمۇر...» — ئۇ، كۈچسىز، زەئىپ بىر ئاۋازدا ئىڭرىدى، — تويان بالاسى... كۆرۈۋاتامسەن بالام، توپان بالاسى...»

تاڭ يورۇپ، يىراقتىكى سۇس تۇمان ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان چۆل تاغ ئۈستىدىن قوياش كۆتۈرۈلدى. ئەمدى، قېزىپ-كولىنىپ ئولۇڭ-تەتۈر قىلىۋېتىلگەن ئېتىزلىقلارنى، يەرگە يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ، ئۆلاپ چۈشكەن تېرەك، ئۈجمىلەرنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. بوۋاي ئوتتۇرىدىكى ھەممىدىن يوغان ئۈجمە غولىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئەتراپقا ئۈنسىز قاراپ تۇراتتى. ئۇ مىدىر-سىدىر قىلمايتتى، ئەشۇ تۇرقىچە خۇددى تاغ باغرىدىكى قىيا تاشتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ، ياشمۇ تۆكمەيتتى، نالە-پەريادمۇ قىلمايتتى، ئەكسىچە، قارچۇغىنىڭ كۆزلىرىنى ئەسلىتىدىغان، كۆكۈش، قىسىق ئورا كۆزلىرى قورقۇنچلۇق تۇس ئالغان. ئۇنىڭدا رىم گىلادىئاتورلىرىنىڭ باغرىغا سانجىلغان خەنجەرنى تارتىپ سۇغۇرۇۋاتقان چاغدىكى ئازابلىق چەكچىيىشلىرى، قارىچۇقىدا چىدام ۋە ھاياتلىققا بولغان ئىشەنچ بىلەن چېقىنداۋاتقان نۇر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئىككى قېشى جىگدە شوخىسىدەك تىكلەشكەن، قوشۇمىسى قورام تاشتەك بۆرتۈپ چىققانىدى. ئىككى مۇشتۇمىنى قاتتىق تۈگكىنىدىن، بارماقلىرىنىڭ ئۇچى ئالقىنىغا بۆركۈت تىرنىقىدەك پاتقانىدى.

«...دېھقان بۇ، بوزەك قىلىش ئاسان دەۋاتامسەن. دەر ھەقىقەت، دېھقانمەن، ئەمما، ئاپامنى ئون تۆت يېشىمغىچە ئەمگەن، ئاتام خەتنەمنى قىلدۇرغاندا ئۆزۈم تۇتۇپ بەرگەن گاڭگۇڭمەن. سەكسەن نەچچە يىللىق ئۆمرۈمدە ياۋاشنى بوزەك ئەتمىدىم، ياماندىن قورقمىدىم. ئەل ئىچىدە يامان ئاتالساممۇ ئاتالدىمكىن، يەرنىڭ قارغىشىغا قالمىدىم. ھەر قايسىڭغا يات بولسام، يەرگە ئۆزمەن، باغلىرىمغا، دەل-دەرەخلىرىمگە ئۆزمەن. ئالدىڭدا يەرلىرىمدەك، دەل-دەرەخلىرىمدەك ئۇۋالمەنكى، ئۇلارنى ھەرگىز سەنلەرگە ئىككى قوللاپ ئۆتۈنۈپ بەرمەيمەن. بۆرە بولساڭ بوغىزىڭغا سۆڭەك بولۇپ تۇرۇلۇمەن. دەريا بولساڭ، سۈيىڭگە تۇز بولۇپ چېچىلىمەن. مەن شۇنداق باۋدۇنمەن...»

بوۋاينىڭ يېنىدا ئەھمەت شاڭجاڭ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ بوغداي ئۆڭلۈك چىرايى قارىداپ كەتكەن، كۆرۈنەرلىك ئورۇقلاپ ياڭاق سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغانىدى، خېلى كۈنلەردىن بېرى تۈزۈك ئۇخلىمىغاندەك قاپاقلىرى ئىششىغان، كۆز جىيەكلىرى قىزارغان، ئۆزى ھارغىن كۆرۈنەتتى.

— سىلىنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كېلىۋىدىم باھاۋىدىن ئاتا.

بوۋاي گويا بۇ ئاۋازنى ئاڭلىمىغاندەك يېنىغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ، ئالدىدىكى

ۋەيرانچىلىققا ئىسكىلىتىگىچە قوزۇقتەك قېتىپ قالغانىدى.

— مەن تېخى ئەتىگەندە ئۆيلىرىگە كىرىپتىمەن، ئىشىك-دەرۋازىلىرىنى ھاڭقىرىتقاي ئوچۇق تاشلىۋېتىپلا ئەمەسمۇ.

بوۋاي ئەھمەت شاگىجاڭغا جاۋاب بەرمىدى، خېلىدىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاجىز، ھىرىلدىغان ئاۋازدا:

— توپان بالاسى... توپان بالاسى...، — دېدى.

«دەر ھەقىقەت، بۇ توپان بالاسى!» ئەھمەت شاگىجاڭنىڭ يۈرىكى قىسىلىپ، ۋۇجۇدىغا تومۇرلىرى بويلاپ چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق تاراپ كەتتى. ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىكى كارغا يارىماسلىقى، ئاجىزلىقى ئۈچۈن ئۆز-ئۆزىنى كايىدى.

ئۇ، مۇشۇ قاباھەتلىك ھەرىكەتنى توسۇشقا راستىنلا ئاجىزلىق قىلدى، كارغا يارىمىدى. ھەي ئىسىت! ئۇ، نېمىشقا بۇ ئىشتىكى ئۈمىد-ئىشەنچىسىنى ناھىيىدىكى بىر قانچە رەھبەرگە باغلاپ يۈردى، نېمىشقا پەيتىنى كەتكۈزۈۋەتتى؟ ئۇ، نېمىشقا ناھىيىدىكى بەزى رەھبەرلەرنىڭ مەركەزنىڭ ھۆججەت، پەرمانلىرىغا ئانچە ئېرەڭشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، ئۇنى توي-زىياپەتنىڭ تەكلىپ باغىچىلىك كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى نېمىشقا بۇرۇنراق ھېس قىلمىدى؟ بولمىسا ئۇ ئۆز ۋاقتىدىلا ھەرىكەتكە كېلەتتى، ئاپتونوم رايونغا، ھەتتا مەركەزگىچە ئەرز قىلىپ بارغان بولاتتى. ئۇ، مۇشۇ بىر-ئىككى ئايدىن بېرى ناھىيىدە يۇقىرى-تۆۋەن قاتىراپ يۈرۈپ، نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردى، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھېس قىلدى. دەسلەپتە تېگىمگە يېتەلمىگەن بىر تالاي چىگىش سوئاللارغا ئاستا-ئاستا جاۋاب تاپقاندەك قىلدى. ئۇنى بىر مەزگىل ئازابلاپ يۈرگەن سوئال كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە قورقۇنچلۇق ئىدى: پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتىدە يۇمشاق قوللۇق، بىخۇتلۇق بارمۇ-قانداق؟ بولمىسا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسى مۇنچىۋالا تۆۋەنلەپ كېتەرمىدى؟ ئۇلار ئۆز نەپسانىيىتى، پايدا-مەنپەئەتى ئۈچۈن مەركەز چۈشۈرگەن سىياسەت، قانۇنلارنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىشكە ھەرىكەت قىلالارمىدى؟ ئەھۋال شۇنداق بولدىغۇ! ئەھمەت شاگىجاڭ مىجەت شۇجىنىڭ ئۆيىدىن چىققاندىن كېيىن يېزىلىق پارتكوم شۇجىسىنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇمۇ مۇشۇكتەك كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇۋالدى. ئاندىن كېيىن ئۇ، ناھىيىدە ئىزدىمىگەن قايسى رەھبەر قالدى؟ قانۇنغا، سىياسەت، بەلگىلىمىگە خىلاپلىقى ئوپئوچۇق تۇرغان بۇ مۇھىم ئىشقا ھېچقايسىسىنىڭ قول تىققۇسى كەلمەيتتى. بۇ ئۇنىڭغا، ئۇ بۇنىڭغا ئىتتىرىشەتتى. تېرىلغۇ يەر گويا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە چېكىپ تاشلىۋەتكەن تاماكا قالدۇقچىلىك ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئاھ، خەلق چەكسىز ئۈمىد، ئىشەنچ باغلىغان مەنسەپ ئىگىلىرى! ئۇلار خەلق ئۈچۈن ئەڭ كېرەكلىك بولغان نەرسىنى ئويلىمىسا، نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟ ياق، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغان نەرسىلىرى ھەممىدىن كۆپ. ئۇلاپەتلىرىنىڭ داستىخىنىنى قۇرۇق قايتۇرغىلى، بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئاقلىمىغىلى بولامدۇ؟ بىرىنىڭ سۆزى چوڭ، بىرىنىڭ يۈزى، سىياسەت، بەلگىلىمە... ھە، ئۇلارغۇ بار ئىدى... خىلاپلىق قىلىشقىمۇ بولمايتتى. بىراق، ئۆزىمىزگە ئۆي - جاي سالالىتتۇق، تۇغقانلىرىمىزغا زاۋۇت قۇردۇرۇپ بېرەلەيتتۇق دېگۈچىلەر دەل ئەشۇ سىياسەت، بەلگىلىمىلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلغۇچىلار، تەكشۈرگۈچىلار ئەمەسمۇ. خەير، مەيلى، يەر كەتسە كەتسۇن، يۈز - ئابرويىمىز كەتمىسۇن، مانا بۇلار— ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ يۈرىكىدىن ئەھمەت شاگىجاڭ ئاڭلاپ ئۈلگۈرگەن بوشۇرۇن سادا. ئۇ، بىر نەچچە كۈندىن بېرى

ئۆز يېزىسى تەۋەسىدىكى خىلمۇ خىل باھانە-سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نابۇت قىلىنغان تېرىلغۇ يەر، دەل-دەرەخلەرنى بىر-بىرلەپ ئېنىقلاپ چىقتى. مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر يېقىنقى بەش-ئالتە يىلدىن بېرى تېز سۈرئەتتە كېمىيىشكە باشلىغان، يېرىدىن ئايرىلغان نۇرغۇن دېھقانلار ئۆي-ماكانلىرىنى تاشلاپ، باشقا جايغا كۆچۈپ كېتىشكە، ئېپى بارلىرى شەھەرگە كىرىپ تىجارەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى....

— تۆمۈرنى يوقلاپ كېلەيلىمىكىن ئاتا، ئېشەكلىرىنىمۇ تۇتۇپ قويدۇم.

— تۆمۈر...... — بوۋاي خېلىدىن كېيىن خىرىلدىغان ئاۋازدا دېدى،— ئەشۇ تۆمۈرنىمۇ؟

— ھەئە. ئۇنىڭ ھالى ناھايىتى ئېغىر.

— نېمە بوپتۇ ئۇنىڭغا، ئوتتا كۆيۈپتىمۇ؟

— ھەئە. قانداق ئاڭلىدىڭلا ئۇنى؟

— كېچە چۈشۈمگە ئايان بولغان. ھەي تۆمۈر... ئىسىت بالام... مەن دېمىگەنمۇ ئۇنىڭغا... مۇشۇ خوتۇنۇڭ بېشىڭغا چىقىدۇ دەپ...— بوۋاي ئىچ-ئىچىدىن سىلكىنىپ، بوقۇلداپ يىغلىۋەتتى، — نەدە ھازىر ئۇ؟

— دوختۇرخانىدا، — ئەھمەت شاڭجاڭ ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ، ئۆيىگە ئېلىپ ماڭغاچ داۋاملاشتۇرۇپ دېدى، — توغرا ئېيتىپتىكەنلا ئۇنىڭغا. ئىپلاس خوتۇن ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋالغان گەپ-تە. ئاخىرىدا ھەممە بالا-قازا شۇنىڭدىن كەپتۇ ئەمەسمۇ. ئۇ، تۆمۈرنى ئالداپ-سىلاپ، دۇكاننىڭ ھەممە سەرمايىسىنى قولغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن، كېچە نامەلۇم بىر ئەر كىشى بىلەن بىرلىشىپ، تۆمۈرگە ھاراق ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ قويۇپتۇ-دە، ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپ قېچىپتۇ. ھېلىمۇ ياخشى، قولۇم-قوشنىلار چاققان كەپتۇ. بولمىسا، تۆمۈر ئۆي بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ كېتەر ئىكەن. ئۇلار تۆمۈرنى ئوت ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىپتۇ، ئوتنىمۇ ئۆچۈرۈۋاپتۇ. جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن ئۇ ئىككى قاچقۇن جىنايەتچىنى تۇتۇش ئۈچۈن، سەھەردىلا تەرەپ-تەرەپكە ساقچى ماڭدۇردى. مەن ئەتىگەندە شۇ يەردىن كېلىشىم.

ئەھمەت شاڭجاڭ بوۋاينى يۆلەشتۇرۇپ، دوختۇرخانىغا كەلگەندە دوختۇر، سېستىرالار تۆمۈر ياتقان كارىۋات ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ، ئالدىراش يۈگۈرۈشەتتى. تۆمۈرنىڭ ھەممە ئەزاسى ئاق داكا بىلەن ئورالغان، پەقەت ئاغزى-بۇرنىلا ئوچۇق ئىدى. لېكىن ئۇ تۆمۈرنىڭ بۇرۇنقى ئېگىز-بۇرنى ئەمەس، ياغدا كۆيۈپ، قورۇلۇپ كەتكەن قوزىماققا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ نە مىدىر-سىدىر قىلغىنىنى، نە نەپەس ئالغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆلۈكتەك جىمجىت، ھوشسىز ياتاتتى.

بوۋاي تۆمۈرنىڭ كارىۋىتى ئاستىغا تىزلىنىپ، ئۈنسىز، ھەسرەتلىك، ئاچچىق بىر نىدا بىلەن يىغلىدى:

—بۇ نېمە كۆرگۈلۈك بالام؟ نېمە دەردى-بالا؟ ئوتتا كۆيۈۋېتىپ «ئاتا» دېگەنسەنمۇ، «ئانا» دېگەنسەنمۇ؟ ھەممە گۇناھ مەندىن ئۆتتى.... سېنى ئاچىلىرىڭغا، ئاكىلىرىڭغا ئوخشاش ياخشى دېھقان قىلىپ چىقالمىدىم. كۆزۈڭگە پەرىشتىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن جىن-ئالۋاستىنىڭ ئالدىدىن توسالمىدىم. بالىنىڭ كىچىكى دەپ ئەتىۋارلاپ، ئەركە-نازناق قىلىپ قويدۇم... سېنى دېقىپ، چوڭ قىلىشنى بىلدىمۇ، ئۆزۈمگە ئوخشىتىشنى بىلمىدىم...

ئۇ كەچكىچە تۆمۈرنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدىن كەتمىدى. ئۇ، دوختۇرلارنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ، يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ:

— خۇدا ھەققى ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، بىز يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوبدان ئوغۇتلىمىساق، كېلەر يىلىنىڭ ئېمىنى قىلمىساق بولمايدۇ، — دەيتتى.

دوختۇر، سېستىرالار ئۇنى جىق تەسەللى، ۋەدىلەر بىلەن ئۆيىگە قايتۇردى.

بوۋاي سىرتقا چىقىپ، كۆزى تورلىشىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە ھېچ نېمىنى كۆرەلمەي قالدى. مۇدھىش قاراڭغۇلۇق زېمىننى قاپلىغان، تاغ تەرەپتىن پات-پات يالت-يۇلت قىلىپ چاقماق چاقاتتى. ئارقىسىدىنلا دوغۇق، ھەيۋەت گۇلدۇرماما ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي دوۋاينىڭ يۈزىگە قوناقتەك چوڭلۇقتىكى سوغۇق يامغۇر تامچىلىرى تاراسلاپ ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. بوۋاي خۇشال بولۇپ كەتتى، خۇشاللىقتىن كۆز چاناقلىرى پىيالىدەك كېرىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز گۆھىرىدە چاقماقنىڭكىدەك كۈچلۈك كۆكۈش نۇر چېقىنداپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەرلىرىنى كۆردى: ئۇ يەر-بۇ يەرگە تىزىلغان خىش دۆۋىلىرى يامغۇر ئاستىدا دۈگدىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بەش-ئالتە قارا كەۋدە ئالا-تاغىل ۋارقىرىشىپ، سېمونت خالتىلىرى ئۈستىگە كېگىز-پالازلارنى يېپىشتۇراتتى. ئۈستىباشلىرى لاي بىلەن بۇلغانغانىدى.

— مانا، نابۇت بولغان يەرلىرىمنىڭ قىساسى! — بوۋاي ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ، چىلىك تولغۇلىغان قوش مۇشتۇمىنى كۆكرىكىگە ۋاقىلدىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى، — خوپ بولدىمۇ ئەمدى بولاڭچىلار! ئەي كارامەتلىك خۇدا... يامغۇرىڭنى تازا ياغدۇر! چاقمىقىڭنى قاتتىق چاق! نەپسى بالاسى ئۇلچۇن جاھاننى يۇتۇۋېتىشتىمۇ يانمايدىغانلارنى ئوتلىرىڭدا كۆيدۈر، سۇلىرىڭغا غەرق قىل!

تېخى بوۋاينىڭ غەزەپلىك ۋارقىراشلىرى ئۈزۈلمەيلا، ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە تۈن پەردىسىنى قىلىچتەك كېسىپ ھەيۋەتلىك چاقماق چېقىلدى. چاقماق بىلەن تەڭ گۈلدۈرلىگەن دەھشەتلىك گۈلدۈرماما ئاۋازىدىن يەر-جاھان تىترەپ كەتتى، ئارقىسىدىنلا بوۋاينىڭ قاقاھلاپ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

## 6

— توپان بالاسى...! توپان بالاسى...! خالايىق، ئۇنىڭغا ئاگاھ بولۇڭلار! مېھرى-شەپقەتلىك نۇھ ئەلەيھىسسالام...! خىسلەتلىك كېمەڭنى قېشىمغا ھەيدەپ كەل! يەرلىرىمنىڭ ئاخىرقى بىر سىقىم تۇپرىقىنى، دەل-دەرەخلىرىمنىڭ تۆكۈلگەن يوپۇرماقلىرىنى، ئامان قالغان توخۇ-كەپتەر، ئۆچكە، قويلىرىمنى بىمۇلاي، ئۇنى مەھشەرگاھقا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بىللە ئېلىپ كېتەي...! — بوۋاي باش ئەزەندىن تاكى ئەلياتقۇ بولغىچە مەھەللە ئارىلاپ ئەنە شۇنداق توۋلاپ يۈرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ بۇرۇن تاغ كۆچكەندەك ھەيۋەت گۈلدۈرلەپ چىقىدىغان ئاۋازى ئەمدى پۈتۈپ خىرىلداپ قالغانىدى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ ئاستا-ئاستا ئەقلىدىن ئېزىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. دەرۋەقە، ئەھۋال شۇنداق ئىدى. بوۋاي ئەمدى چوڭلارغىلا ئەمەس، كوچىدىكى ئۇششاق باللارغىمۇ، ھەتتا ئېرىق بويىدىكى دەرەخ-كۆچەتلەرگىمۇ سۆزلەيدىغان، دەرد-ھالىنى ئېيتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. سۆزلىرى بىر-بىرىگە قوشۇلمايتتى، سۆزلەۋېتىپ گاھ كۈلەتتى، گاھ يىغلايتتى، گاھ نېمىگىدۇر مۇشتۇمىنى شىلتىپ، غەزەپ بىلەن تىل-قارغىش ياغدۇراتتى. بىر ئاي ئىچىدە ئۇنىڭ سىياقىمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى: ئېيىقتەك بەردەم، تولغان گەۋدىسى ئەمدى ئورۇقلاپ شۇمشەكتەك بولۇپ

قالغان، ئىككى مولۇر ئىسىدىكى قوپال ئۇستىخانلىرى يېگىلىشىپ قارايغان تېرىسى ئاستىدا چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى. يۈزمۇ قورۇلۇپ، كىچىكلەپ قالغاندەك ئىدى. پەقەت چانىغىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە قەھرى-غەزەپ ۋە جەسۇرلۇق بىلەن يېنىپ تۇرىدىغان قورقۇمسىز كۆكۈش كۆزلىرىلا، بۇرۇنقى باتۇر سۈپەت، چۇس مىجەز، جاھىل، كاج تەبىئەتلىك، ئىرادىلىك باھاۋۇدىن ئاتىسىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە يېزىنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كەتمەيدىغان بولۇۋالدى. كونىپرۇا زاۋۇتىنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك بىناسى قوبۇرۇلۇپ بولغان، ئۇنىڭ ئەتراپىغا سېلىنىۋاتقان شەخسىي ئۆي-ئىمارەتلەر جىددىي تۈتۈش قىلىنىۋاتاتتى. قورۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ قولى ئىشتا، ئەمما ئىككى كۆزى باغ قورۇقىنىڭ يېنىدىكى قورۇق قارا ياغاچ كۆتىكى ئۈستىدە ئولتۇرغىنىچە ئۆزلىرىگە تەپرەت، ئۆچمەنلىك بىلەن ھومىيىپ قاراپ ئولتۇرغان باھاۋۇدىن ئاتىدا ئىدى. ئىشچىلار سەللا بىخەستەلىك قىلغان ھامان، بوۋاي ئۇلارنىڭ بېشىغا تاش-كېسەك ۋە خىش پارچىلىرىنى يامغۇردەك ياغدۇراتتى، ماشىنا زاپچاسلىرىنى قايرىپ سۇندۇراتتى.

— ھەي بولاكچىلار...! جېنىڭغا ئاگاھ بولۇش، دەرھال قېچىش! بولمىسا ھازىر ھەممەڭنى يەر يۇتىدۇ. ئاللاھنىڭ غەزىپى تۇتتى. ئەمدى سېلىنىۋاتقان ئۆي-پۈيلىرىڭ توپان سۈيى ئاستىدا قالىدۇ...! ھا... ھا... ھا... خوپ بولدى...! — دەپ ۋارقىرايتتى.

ئىشنىڭ ئېغىر، جىددىيلىكىدىن ھېرىپ ھالىدىن كېتىۋاتقان ئىشچىلار بوۋاينىڭ زەھەرلىك تىل-قارغىشىنى، مەسخىرىلىك كۈلۈشلىرىنى ئاڭلاپ جان-پېنى چىقاتتى.

— يوقال سارالڭ...! — ھەيۋە قىلىپ توۋلايتتى ئۇلار. — سېنى ھېلى مۇشۇ ئۆينىڭ ئۇلىغا كۆمۈپ تاشلايمىز بىكارا! — ئۇلار شۇنداق دېگىنى بىلەن يەنىلا بوۋايغا ئىچ ئاغرىتاتتى، باشلىرىنى چايقىشىپ، — بىچارە بوۋاي... قېرىغاندا نېمە كۈن ئۇنىڭغا - ھە؟ ئۇ يېرىدىن ئايرىلىۋېدى، ئاخىرى ئەقلىدىنمۇ ئايرىلدى، — دېيىشەتتى.

كۈز كىرىپ، ھاۋانىڭ بۇرۇنقى تەپتى كەتكەن، كىر سۇيىدەك پاسكىنا، كۈلرەڭ بۇلۇت ئارىسىدىكى قۇياش ھالسىز پارقىراپ، ئاقۇش تۇمان قاپلىغان چەكسىز ئوپۇققا يېتىشقا ئالدىرايتتى. باغلار... گۈللەر سارغايغان، تاغ تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان سوغۇق شامالدا تىترەپ، كېسەلچان مومايدەك شۈمشىيىپ قالغانىدى. ئۆزگىرىۋاتقان كائىناتقا، تۆكۈلۈۋاتقان يوپۇرماقلارغا، كۈنسايىن ئېگىزلەۋاتقان ئۆي-ئىمارەتلەرگە قاراپ بوۋاينىڭ كۆڭلى ئاخىرقى چېكىگە يەتتى؛ ئۇنىڭ نە تاماق يېگىنىنى، نە ئارام ئېلىپ ئۇخلىغىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چىرايى ئالۋاستىنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ قالغانىدى. ئۈستىدىكى ئاق، يالاڭ يەكتىكى كىردىن قاتقان، مەينەتلەشكەن، يىرتىلىپ پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەنىدى. يىرتىقلىرىدىن بەدىنىنىڭ كۈلرەڭ تېرىسى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى تاراقشىپ كەتكەن سۆڭەكلىرى، تال-تال قوۋۇرغىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شاپاق دوپپىسى، كونا كالىچى نەگىدۇر يوقالغانىدى. ئاپئاق چاچلىرى ئۆسۈپ قولىقىغىچە چۈشكەن، قويۇق، ئۆسكەلەڭ ساقىلى كونا كىگىز پارچىسىدەك چىگىشىپ، ئوت-چۆپ ئۇۋاقلىرى، سامان پارچىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. يالىڭاياق پۇتى سوغۇقتىن چاك-چاك يېرىلغان، يېرىقلىرىدىن قان تېپچىپ تۇراتتى. ئەمما، بوۋاي ۋۇجۇدىدىكى بۇ ئاغرىقلارنى

سېزەر ئەمەس. ئۇ، باغ چېتىدىكى تىكەن، شوخىلارنى گۈرسىلدىتىپ دەسسەپ، يەر گىملا ئېتىپ قويۇلغان سېمونت لايلارنى پېتىقلاپ كېچەتتى، گۈرجەك بىلەن ئىشچىلارنىڭ باش- كۆزىگە چاچاتتى... قوپۇرۇلۇۋاتقان خىش تاملارنى ئېپىقتەك تۈرتۈپ، خىشلىرىنى تىرىپىرەن قىلاتتى...

قۇرۇلۇش بىخەتەرلىكى ئۈچۈن كېچىلىرى مەخسۇس كۆزەتچىلەر قويۇلدى. ئۇلار بوۋاينىڭ كېچىسى باغرىنى يەرگە يېقىپ تۇنجۇيى بىر نېمىلەرنى گۇڭۇلداپ، سۆزلەپ چىقىدىغانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇلار بوۋاينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا، نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدى، ئۇنى پەقەت يەرلا ئاڭلىيالايتتى، چۈشىنەلەيتتى: «ئاھ، يەر...! مېنىڭ تەن- ئەزايىم، روھىم... جەننىتىم...! مەن ئەمدى قېشىڭغا، سەن بىلەن ۋىدالاشقىلى ئەمەس، دىدارلاشقىلى، ۋىسالىڭغا قانغىلى، بىر تەن، بىر جان بولۇپ كەتكىلى، باغرىڭغا سۈدەك سىڭىپ كەتكىلى كەلدىم... مەن سېنى قانچە قۇچاقلىغانسېرى، ئۆزۈمنى خۇداغا شۇنچە يېقىن ھېس قىلدىم. خۇدا مېنىڭ باش- كۆزۈمنى سىلاپ، ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، يەرنى سۆيگەن، ئۇنى ئەزىزلىگەن ئادەم- ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم، ئۇنداق ئادەملەرگە جەننەتنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، دېدى. مەن سېنى باغرىمغا يېقىۋاتقان چېغىمدا خۇدا مېنى جەننەتكە باشلاپ كىردى. تاغلار ئالتۇن- جاۋاھىر، ياقۇت، مەرۋايىتتەك چاقناپ، يالتىراپ تۇراتتى. يەرلىرى خام قايماقتەك. مۇنبەت، ئانامنىڭ كۆكسىدەك يۇمشاق ئىدى. مېۋىلىرىنىڭ تەمى ئانا سۈتىدەك سىڭىشلىك، ھەسەلدەك شېرىن، لەززەتلىك ئىدى. مەن خۇدادىن: «بۇ جەننەتنىڭ ئورنى نەدە؟ ئاسماندىمۇ ياكى ئاي- يۇلتۇزلاردىمۇ» دەپ سورىدىم. خۇدا ماڭا: «ياق، سەن قۇچاقلاۋاتقان يەردە» دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە سورىدىم: «مەن يەردە مۇنداق خىسلەت- كارامەتلىك مەنزىرىلەرنى كۆرمىدىمغۇ؟» خۇدا دېدى: «ياق كۆردۇڭ. سەن يەرگە ھەقىقىي مۇھەببەت باغلىغىنىڭ، ئۇنى چىن دىلىڭدىن سۆيگىنىڭ ئۈچۈنلا، يەر بايا ساڭا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى، جەننەتتەك گۈزەل رۇخسارىنى كۆرسەتتى...» ئاھ، يەر، ئەمدى بىلدىم... ئادەملەر دەۋاتقان، كۆرۈشكە ئارزۇ- ئۈمىد قىلىۋاتقان جەننەت ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن. ئەشۇ ئادەملەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ... ئۇلار سېنى نابۇت قىلىش، خانىۋەيران قىلىش ھېسابىغا جەننەتنى كۆرمەكچى، ئۇنىڭ ھوزۇرىنى سۈرمەكچى بولىدۇ. نېمىدېگەن نادان، قارايۈرەك ئادەملەر ئۇلار؟ ئەمدى بىلدىم، ئۇلار سېنى يوقىتىش ھېسابىغا ئاخىرى ئۆزىمۇ ھالاك بولىدۇ...»

بوۋاي يەرنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىدى، يۈزىنى يۇمشاق تۇپىغا ياقتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۆمرىدە ھېچقاچان ھېس قىلمىغان چەكسىز لەززەتلىك تۇيغۇ بىلەن يايراپ كەتتى...

شۇ چاغدا ھەشەمەتلىك ئازادە ئۆيگە يېڭىلا كۆچۈپ چىققان سەيدۇللانىڭ ئۆي چېيى بولۇۋاتاتتى. گۈللىرى رەڭدار، نەقىشلىك ئۆي مېھمانلار بىلەن لىق تولغان. ھويلىدا بىر نەچچە ئادەم قوي سويۇش، گۆش توغراش، كاۋاپ پىشۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. سەيدۇللا قازناق ئۆيدىن بىر يەشىك ھاراقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ مېھمانخانىنىڭ پەگاسىغا قويدى.

—قېنى مېھمانلار! —دېدى ئۇ مەستلىكتىن قىزىرىپ ساڭگىلىغان گۆشلۈك يۈزىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ، —چوڭ- چوڭ ئالغاچ ئولتۇرايلى، روھىڭلار ئۇخلاپ قالمىسۇن، ساقى!

— ۋاي-ۋاي، ئەمدى يەشىكى بىلەن ئەكىر

گەلى تۇردىغىمىزغۇ بۇ غاز پاتناقىنى! — دېدى مەجىت شوْجى پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئالدىغا سوزۇلۇپ.

— بەشىڭكى بىلەن؟ ۋاقتى كەلسە، ھارۋىلارمۇ ئەكىرەرمىز تېخى! مانا... مانا... كاۋاپمۇ كىردى! ئەمدى كېچىچىگىچە ئويناپ ـ كۈلۈپ، بولۇشىچە يېيىمەك، ئۈزۈمىمىز چىلاشقىچە ئىچىشمەك ھېساب ئەمەس!

بۇ ھويلىدا پۈتۈن بىر كېچە كۈلكە ـ چاقچاق، ناخشا ـ سازلار بېسىلمىدى. ئۇنىڭغا ئۇلىنىپ يات ـ يېقىن كىمىنىڭدۇر ئالاتاغىل ۋارقىراشلىرى، ھاياجانلىنىپ، قىزىشىپ سۆزلەشلىرى، رومكا، پىيالىلەرنىڭ جاراڭلاپ سوقۇشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مېھمانلار پەقەت ئەتىسى ئەتىگەندىلا «ئۆي چېيى» نى بولدى قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بېشى ئېغىرلاشقان، گەۋدىسىنى ئارانلا ئۆرە تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار ئەمدى ئۆيلىرىگە تارقىماقچى بولۇپ، بىرلىرى ۋېلىسىپىتىنى تارتىشتۇرۇۋاتقان، بىرلىرى موتسىكلىتىنى تارتىلدىتىۋاتقان، بىرلىرى پىكاپىنى ئوت ئالدۇرۇۋاتقان چاغدا سەيدۇللانىڭ ئايالى ئۆينىڭ ئارقىسىدىن چىرقىرىغىنىچە ھويلىغا قېچىپ كىردى.

— نېمە بولدى؟! — دېدى سەيدۇللا قورققىنىدىن چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن خوتۇنىغا ھومىيىپ.

— ئۆزلىرى قاراپ باقسىلا... ئۆينىڭ ئارقىسىدا بىر ئادەم...

ئالدىدا سەيدۇللا، ئارقىسىدىن قالغانلار چېپىشتى.

كونسېرۋا زاۋۇتى بىلەن سەيدۇللا سالغان ئۆينىڭ ئارىلىقىدىكى بىر پارچە تۇخۇمچىلىقنى باھاۋىدىن ئاتىنىڭ پۇت ـ قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ، باغرىنى يەرگە ياققىنىچە قېتىپ قالغان جەسىتى تۇراتتى.

— ئەسنا ... بۇ نېمە سەتچىلىك؟ — دېدى كونسېرۋا زاۋۇتىنىڭ چاڭجاڭى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى جەسەتتىن قاچۇرۇپ، — مەن ھازىرلا جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىغا بېرىپ بۇ ئىشنى خەۋەر قىلاي.

مەجىت شوْجى ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

— بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويدۇق، دەپمۇ؟

— يا ... ياقەي! ئەمدى شۇنداق بولمۇ ...

— بۇ ياشقا كىرگەندە كىم ئۆلمەيدۇ؟ بەلكى ئۇ، ئاخشام نەشە چەككەن بولغىدى، شۇنىڭ بىلەن بېشى چۆرگىلەپ مۇشۇ يەردە يىقىلىپ قالغان گەپ ـ تە! جامائەت تېخى بامداتتىن تارقىمىدى، مەن مەسچىتكە ئادەم ماڭدۇراي.

شۇ چاغدا قاياقتىندۇر ئەھمەت شاڭجاڭ يېتىپ كەلدى.

— ۋاي ... ئاتام ...! دەرد ـ ئەلەمدە توگەپ كەتكەن جېنىم ئاتام ...! دەپ ھازا ئېچىپ يىغلىدى ئۇ باھاۋىدىن ئاتىنىڭ جەسىتى ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، — دەردىڭىزگە دەرمان بولالمىدىم، يەرلىرىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالالمىدىم ... ئەمدى كۆزىڭىزنى قانداق يۇمدۇرارمەن ...؟!

1988 ـ يىل دېكابىر، كۈچا ـ ئۈرۈمچى

# كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى



نىزامىددىن ھۈسەيىن

## 3. قاباھەت «ئەقىدە»

### (يەنە بىر قېتىم ئاپپاق خوجا توغرىسىدا)

مۇئەللىپتىن ئۆزرىلەر

1. خرونولوگىيە پرىنسىپى بويىچە ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات جەريانلىرى بىرقانچە تارىخىي زامانلارغا بۆلۈنىدۇ: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىردىن مىلادى 7 - ئەسىرگىچە بولغان زامان — قەدىمكى زامان ياكى قەدىمكى ئەسىرلەر. مىلادى 8 - ئەسىردىن 18 - ئەسىرلەرگىچە بولغان زامان ئوتتۇرا ئەسىرلەر، 19 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگىچە بولغان زامان — ھازىرقى ئەسىرلەر (زامان) دېيىلىدۇ. مەن مەزكۇر ئەسىرىمنىڭ 2 - قىسمى — «جاھالەت تۇمانلىرى»دا بەزى تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ ئۆزئارا چېتىلىش دائىرىسى بىلەن نەتىجىلىنىش ۋاقىت نۇقتىسىنى ئەسلىدىكى «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر» ۋاقىت سىزىقى بويىچىلا ئەمەس، بەلكى 19 - ۋە ھەتتاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە سوزۇلغان ۋاقىت نۇقتىسىغىچە سوزماقچىمەن. بەزىبىر تەلەپلەر ئاساسىدا بولۇۋاتقان بۇ ۋاقىت چەكسىزلىكى — بەقەت چۈشەنچىلەرنىڭ مۇكەممەللىشىش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا بولۇۋاتقاندۇر، ئەيىبلىمەك بىلمىگەي.

2. مەزكۇر ژۇرنال سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان ۋە قىلىنىۋاتقان بىر قىسىم ماقالىلە، ئوبزورلىرىم —: «يولسىز ئەقىدە»، «قازاقۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۆرپ - ئادەتلىرى»، «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا»، «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى»... جامائەتچىلىكىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بۇيان، بىر قىسىم جامائەتچىلىكىمىزدىن بۇ ماقالىلە، ئوبزورلارنىڭ ئىجابىي ئەھمىيىتى، قىممىتى، رولى ۋە ئەسىرلىرى توغرىسىدا ھازىرغىچىلىك كۆپلىگەن خەت ۋە سالامنامىلەرنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇلار ئىچىدە: مەملىكەتلىك خەلق




* بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا

قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيۈەنجاڭى سەيپىدىن ئەزىزى، شىنجاڭ داشۆ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، يازغۇچى - شائىرلىرىمىزدىن سەيپىت زۇنۇن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قاھار جېلىل، مۇھەممەت باغراش، توختى ئايۇپ، ئابدۇللا ساۋۇت، مامۇت زايىت، ئۈرۈمچىدىن سىددىق بارات، ئىلىياس ھوشۇر، ياسىن سېيىت، مېھمانجان روزى.. قەشقەر شەھىرىدىن ئىسلام قارىم، بارات سۇلتانى، قاراقاشتىن مۇھەممەتئىمىن قۇربان، گۇمىدىن ئابدۇلئەھەت ئالىم، تاجىك شائىر مەرھۇم ئىمىن ئەمرۇللا. شايار-دىن ئەخمەتجان قادىرى، غۇلجىدىن مۇھەممەتئىمىن ئۆمەروۋ، قاغىلىقتىن كېرىم نىياز، مۇھەممەت ئەمەت چۇپانى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خەت ۋە سالامنامىلىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىگە بۇ ماقالە، ئوبزورلار توغرىسىدا كېلىۋاتقان خەت، سالامنامىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ئۆيۈمدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى شەخسىي زىيارەتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىپ تۇرىۋاتىمەن. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىل 3-، 4 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان «قاراقۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۆرپ - ئادەتلىرى» دېگەن ماقالەمنى گېر-مان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان غەربىي گېرمانىيىلىك مېخائىل فېرىدىرىخ-نىڭمۇ ھۆكۈمەت سەممىدىكى زىيارىتىنى قوبۇل قىلىشقىمۇ توغرا كەلدى.

ئىلمىي رىغبەتلەندۇرۇش، قوللاش مەۋقەلىرى بىلەن قىممەتلىك باھا، ئىجابىي مەسلىھەت، پىكىر - تەكلىپلەرنى بېرىش ئارقىلىق قەلەمكەشلىك كەيپىياتىمنى يەنىمۇ جانلاندۇرغان يۇقى-رىقىدەك ئىلمىي مەدەتكار ئەزىز يارانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە ئاپتورلۇق سالاھىيىتىم بىلەن چىن دىلىمدىن رەھمەتلەر بايان قىلىمەن. توغرا قوللاش، ھەقنى قوللاش ئەڭ ئالىيجانابلىقتۇر. بۇ خىل ئىجادىي يازمىلىرىمنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا قىزغىن مەدەت، يار - يۆلەكتە بولغان (ئۇيۇش-تۇرغان، يازدۇرغان) ھەم پەتكۈدەك تەھرىرلىك ئەجرى سىڭدۈرگەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ ھۆرمەتلىك ياش مۇھەررىرى قۇربان مامۇتقا، يازمىلىرىم ئۈچۈن قىممەتلىك ماۋزۇ ۋە ماۋزۇلۇق رەسىم ئورىگىناللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنىڭ تەسىرى بالاغىتىنى كۈچەيتكەن ياش رەسسام مۇختار ئابدۇراخمان، ئابلىمىت ئابلىزغا ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. ئەل رەھمىتى ھەممە مەڭگۈلۈك شان - شەرەپنىڭ يىلتىزىدۇر، ئەل رەھمىتى-خۇدا رەھمىتى دېگەن ئەنە شۇ، ئەلۋەتتە.

3. يۇقىرىقى خەت ۋە تەشەككۈرنامىلەردە تەكىتلەنگەن ئورۇنلۇق تەلەپلەر بويىچە تارى-خىمىزدا ئۆتكەن بىر قىسىم جاھالەت پىرلىرى-مەسىلەن: ئاپپاق خوجا، دانىيال خوجا، بۇرھا-نىددىن خوجا، ۋەلىخان خوجا... قاتارلىق چوڭ سىياسىي خوجىلار ۋە ئۇلار پەيدا قىلىشقان ئاتالمىش «دىنىي مىللىي ھاكىمىيەت»لەر توغرىسىدا يەنىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش، توختىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئۆتمۈشى (ئۇلار دەۋرى)نىڭ سەلبىي ئىزلىرى بىزدە تېخى ئۆچۈپ تۈگىمىدى. تارىختا خەلقىمىز كۆيدۈرۈپ تاشلىۋەتكەن سېسىق چۆچۈلە-كۆيۈندىلەرنىڭ بىر قىسمى-نى ھازىر بەزىبىر دىنىي ئالدامچىلىق، دىنىي سۇيىقەستچىلىك يولىغا كىرگەن يېڭى جاھالەتچى «پىر»لەر قايتىدىن تۇتاشتۇرۇپ، خەلقىمىزنى ئۇنىڭ تۈتەكلىرى — جاھالەت تۇمانلىرى ئىچىگە باشلاپ كېتىشمەكتە. ھازىر يەكەن، قاراقاش، خوتەن، قاغىلىق، قەشقەر، كۇچا، ئاقسۇ، تۇرپان ئۈرۈمچى، غۇلجا قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئارىسىدا يوشۇرۇن

تۇر شەكىلدە پەيدا قىلىنىۋاتقان «ئىشقىيە يولى»، «ئىشانلىق يولى»، «پىر تۇتۇش يولى»، «جەرەسامە»، «خانىقا ئىبادىتى يولى»، «تۆۋە - ئىستىغپارچىلىق يولى» قاتارلىق «خۇدايى ئاسايىشلىق» «دىنىي پائالىيەت»لىرى بۇ پىكىرىمىزنىڭ تىپىك دەلىللىرىدىن بىرىدۇر. بۇنى بىزنىڭ مىللىي تەركىبىمىزدە يەنىلا قايتىدىن ئەخلىنىۋاتقان يامان خاراكتېرلىك مەنىۋى نەجاسەت — ئۆسسىمە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. دېمەك، مىللىتىمىز — خەلقىمىز ھازىر يەنىلا 21 - ئەسىرلىك دۇنيا سەھنىسى يېنىدا بەزىبىر «دىنىي» - «ئۇلۇغ»لارنىڭ يامان كارامەتلىرى بىلەن دىنىي، مىللىي ئىدىئولوگىيە جەھەتتە: ئىچكى يوشۇرۇن پارچىلىنىش، روھىي داۋالغۇش، چېكىنىش، چېكىندۈرۈش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. بۇ خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئالماسلىق (جاھالەتچىلەرنى چەكلىمەسلىك) ھەتتا ئۇلارغا ئەگىشىش، بولۇشۇش، ياكى كارى بولماي سىر چەتتە تۇرۇش ھازىرقى دۇنيادا بىز ئۈچۈن ئوخشاشلا نادانلىشىش، نادانلاشتۇرۇش (ئاقمۇتتى تۆگىشىش) بولمىسا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇش بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئوتتۇرا ئەسىر ئىشانلىق «دىنىي» ئىدىئولوگىيىسى بىلەن ھازىرقى زامان ئىسلام دىنىي ئىدىئولوگىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي دىنىي كۈرەش ئىچىدە، مىللىي بارلىق ۋە مىللىي تەرەققىيات يولى بىلەن مىللىي خارابلىشىش ۋە جاھالەتكە چېكىنىش يولى ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي كۈرەش ئىچىدە، نادانلاشتۇرۇش بىلەن نادانلاشتۇرۇشقا قارشى كۈرەش قىلىش ھەرىكىتى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان خەلقىمىزگە تارىخىمىزدا ئۆتكەن جاھالەت پىرلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە سادىر قىلغان جىنايەت ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ ئەسلىتىپ، ھازىرقى چاغلارغىچىلىك يەنىلا خوجا - ئىشانپەرەسلىكنى تەرغىب قىلىشىدىغان بەزى نادان «پىر»لەرنىڭ تەسىرى دائىرىسىدىن خالاسلاندۇرۇش، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىمىزنىڭ كۆشەندىلىرى ھېسابلىنىدىغان بەزىبىر يېڭى «دىنىي تەرغىباتچى»لار يەنى سوپپورەندى، يالاڭتۆش، ھازازۇل «مۇرىت» مەداھلارنىڭ قەبىھ ھەرىكەتلىرىنى ئىلمىي دەلىللەر بىلەن رەت قىلىش ۋە ئۇنى توسۇشقا جامائەتنى چاقىرىش مەقسىتىدە بۇندىن كېيىن بىلگەنلىرىم بويىچە داۋاملىق قەلەم تەۋرىتىپ (تۆلكە توختىمىغىچە ئوۋچى توختىماس قىلىپ) يازماقچىمەن. مەلۇم شەرھىيە، تەتقىقات ۋە مۇنازىرە خاراكتېرلىكە ياتىدىغان بۇنداق تېمىنىڭ چۈشەنچە بالاغىتى ئۈچۈن تارىختا ئۆتكەن بىر قىسىم «ئۇلۇغ»لارنىڭ جۈملىدىن ئاپپاق خوجىنىڭ ھازىرغىچىلىك «پاسىق بەندىلەر» ئۈچۈن سىر بولۇپ كەلگەن «رىسالەئى تەۋرۇكاتى» ياكى «ئۇلۇغ كىتاب خەزىنە»لىرىدىن بەزىلىرىنى. جامائەتچىلىكىمىز بىلەن ئەينەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشكىمۇ توغرا كەلمەكتە. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇنى مۇھتەرەم ئۆلىمالىرىمىز، دىنىي جامائەتچىلىكىمىز ۋە جىمىكى ئەھلى ئىلمىي يارانلىرىمىزنىڭ سەمىگە ئېچىلغان ئەڭ خالىس مەنىۋى رەستە-مەيدان دېيىشكىمۇ توغرا كېلىدۇ. ئەلنىڭ تارازىسى — ھەقىقەت، ئەلنىڭ باھاسى ئادالەت ۋە ئەلنىڭ ئەقلى ئەل بىلەندۇر، دېگەن تۇيغۇ ھېسسىياتىمنى چىقىش قىلىپ، تارىختىكى «ئۇلۇغ»لار مەسىلىسىنى يەنى توغرا - ناتوغرا، ھەق - ناھەق، راست - يالغان ئايرىلىشىپ، داش قايناق بولۇپ تۇرغان ئەڭ نازۇك «دىنىي ئۇلۇغ»لار مەسىلىسىنى يەنىلا ئەلنىڭ ئادالىتىگە تاپشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايمەن. ئاپپاق خوجا ھەققىدە ئېلان قىلىنغان ۋە باشقا خوجىلار توغرىسىدا بۇندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ تۇرىدىغان يازمىلىرىمنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ مەقسەتنى چۆرىدىگەندۇر. جامائەتنىڭ بۇ خىل غەرەزگە ئىجابىي مۇۋەققە بىلەن نەزەر سېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بۇ قېتىم يازىدىغانلىرىم ئاپپاق خوجىنىڭ «ئۇلۇغ»لۇق «كارامەت»لىرى زادى نېمە؟ تارىختىكى «دىنىي تۆھپە» لىرى زادى قانداق؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن «ئەۋلىيا» ئاتالغان؟ ئۇنى پەيغەمبەر ئەۋلادى دېيىشلىرىنىڭ ئاساسى نېمە؟ 17 - ئەسىردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئاپپاق خوجىنى قانداق قىلىپ 7 - ئەسىردە ياشىغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (قەۋمى

ئەرەب) نەسەبلىرىگە چېتىپ قويغىلى بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇ راستتىنلا پەيغەمبىرىم نەسەبلىرىدىن ئىدى دېيىلسە، ئۇنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزلىرىدىن باشلانغان نەسەب ياكى ئوغۇللىرىدىن باشلانغان نەسەب ياكى نەسەب ۋارىسى دېيىشكە قانداق دەلىل بار؟ نەسەب ئىسلامىيەتتە ئەر تەرەپتىن باشلىنىپ تۇرىدىغانلىقى تارىخىي پاكىتقۇ؟ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئوغلى بولغانمۇ؟ ئاپپاق خوجا راستتىنلا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يولىنى تۇتقانمۇ؟ قۇرئاننى قىبلىنامە قىلغانمۇ؟ ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى شېرىك - ياندىشاچىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىش، تەتقىق قىلىش راستتىنلا ئىسلام دىنىغا، تارىختىكى ئىسلام ئۇلۇغلىرىغا، ئىسلام ئېتىقادىغا، پاك دىنغا چېقىلغانلىق، كاپىر بولۇپ كەتكەنلىك بولامدۇ؟ ئاپپاق خوجىغا، ئۇنىڭ «دىنىي يولى»غا يان باسقۇچىلارنىڭ ئۇنى ئاقلىغۇدەك نېمە ئاساسلىرى بار؟...

بىلگۈچى يارانلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقى سوئاللار دائىرىسىدە بىلىدىغانلىرىنى تارىخىمىز، مەدەنىيىتىمىز، تەقدىرىمىز ۋە تەرەققىياتىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەسلەپ، خاتىرىلەپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشلىرىنى ياكى مېنىڭ نامىمغا تەقدىم قىلىشلىرىنى ۋىجدانەن مۇراجىئەت قىلىمەن.

— مۇئەللىپ.

### 1. ئاپپاق خوجا توغرىسىدىكى بەزى مەنبەلەر ھەققىدە

«تەزكىرە ھىدايەت» (1)

(ئاپپاق خوجا تەزكىرىسىنىڭ پارسچە نۇسخا ئەۋرىشكىسىدىن بىر بەت)

از کفر روی گردانیده و باسلام روی آورده
بودند کمر خدمت به بندگی بطوع بسته و جانها
میکردند تاریخ وفات ایشان خمس مائة
الف سنه در سال پلنگ در اواخر ماه
صفر بشهادت رسیده و نعش مبارک
ایشان نیز در یاغندو در حضرت مزار
پر انوار قرار یافتند پوشیده نماند که
پسر دویم ایشان حضرت خواجه مهدی نام
داشتند و حضرت ایشان ما نور الله

مرقده میگفته اند که این فرزند خواجه مهدی
در حلم و حیا حضرت عثمان ذی النورین
می مانند و در میان حقایق و معارف
در حضور یاران قبل از آنکه رخت از این
عالم فانی بعالم باقی کشند ایشان خواجه
مهدی را طلبیده به پهلوی خود نشاندند
و از زبان مبارک ایشان این مصرع جاری
میشد که بر تخت شه که نشیند جز شاه
شاه زاده و دوران وقت ایشان پانزده

ـــ ھەممە پاساھەتلىك سۆزلەرنىڭ ئۇستازى ـــ دىن، مەزھەب، مىللەت، ئۇسۇللارنى ئەھيا قىلغۇچى، ئالىي
دۆلەت، تەرىقەتنىڭ پىناسىنى تۈزگۈچى، شەرىئەتنىڭ مەرىكە مەيدانىدا ئات چاپتۇرغۇچى، تەرىقەتنىڭ
مەيدانىنى تۈزگۈچى پالۋان، ئالەمنى ھەقىقەتنىڭ سوپىلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرگۈچى، ساخاۋەتنىڭ
ئاچقۇچىنى قولىدا ئالغۇچى، ئەدلى-ئادالەتنىڭ خەزىنىسى ئاچقۇچىنى قولىغا
ئالغۇچى، مەرىكە مەيدانىدا دام چىقارغۇچى ئەۋلىيالارنىڭ ئەڭ پېشۋاسى، شەرىئەتنىڭ، تەرىقەتنىڭ،
ھەقىقەتنىڭ، ئۇممەتلەرنىڭ تاجى، ئەۋلىيالارنىڭ سەرخىلى-جانابىي ھەزرىتى ھىدايىتۇللاغا خاستۇر.
ئول زاتنىڭ ھىدايەت ئاپتاپى جىمىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا باراۋەر چۈشكەندۇر. ئۇ زات يۈلتۇز-
لارنىڭ يورۇقى جىمىكى كىشىنىڭ دىلىنى يورۇتقان. شۇنداق ئۇلۇغ كىشىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەر-
گەن ئۇلۇغ ئاللاھقا ئەتە-ئاخشاملارنىڭ ھەممىسىدە شۈكۈر قىلىمىز، ھەمدۇسانا ئېيتىمىز.

پەقىر بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ نامۇشەرىپىنى ئاغزىمغا ئالماق بولۇپ ئويلىنىپ ئولتۇرغان كۈنلىرىمدە ئا-
گاھاھ شۇنداق ۋەھىي بولدىكى: چۈشۈمدە ئۇ زات «مېنىڭ تەزكىرەمنى پۈتكىن» دەپ مۇبارەك بىشا-
رە قىلدى. ئويغاندىم. يېڭى ئۆلۈككە جان كىرگەندەك، ماڭا جان كىردى. بۇ زاتنىڭ ئەسرارلىرى
كۆڭلۈمگە ئولتۇردى. ئۇ زاتقا بولغان ئىخلاس-ئېتىقادىمنى يول باشچى قىلىپ بۇ رىسالىنى «تەزكىرە
ھىدايەت» نامى بىلەن يېزىشقا كىرىشتىم.

* * *

بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ كارامەتلىرى شۇندۇركى، خۇددى پەيغەمبەر ئالەمنى كېزىپ ئابىي ھاياتنى
تاپقاندەك، ئىرىكچىلىكنىڭ يولىغا باشلايدىغان ھەزرىتى ئېيسا مەسىھ «سۇن» دەپ ئۆلۈكنى تىرىلدۈر-
گەندەك، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام مەجنۇننىڭ بەھرەتىنىگە يېرىپ ھەزرىتى خىزىرى ئەلەيھىسسالامغا
ئۇچراشقاندەك بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ سۆزلىرىمۇ ئىلھامىي ئەزىمەدۇر. ②
قاراشلىرى ھەقىقەتتۇر. ھەزرىتى شەيخ پەرىددىن ئەتتار (1) دېگەن كىشى شۇنداق يازىدۇ: پەيغەم-
بەردىم ھەمراغلىرىدا خۇدا بىلەن كەپلەشكەن چاغدا بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ روھى ھەمراھى پەيغەم-
بەردىم بىلەن بىللە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئىشتكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھتائالانى كۆرۈش زاھىردۇر. پەي-
غەمبەرلەرنىڭ ھەرتەۋەلىرى ئەۋلىيالارنىڭ ھەرتەۋەلىرى بىلەن بىر. پەيغەمبەر دېگەن ئاللاھنىڭ ھۆكۈ-
مى بىلەن شەرىئەت ئېلىپ بارىدۇ. ئەۋلىيا دېگەن «ئەھەد» دەيدۇ. ھەممىسى شۇنىڭ ئىچىدە. ناھايىتى
پەرقلىنىدىغان يېرى «ئەھەد» بىلەن «مۇھەممەد» ئارىسىدا. لېكىن ھەر ئىككىلىسى «ئەھەد» كە باشلاپ بارىدۇ...
بىزنىڭ پىرىمىز ھەقىقەتچىلەرنىڭ سۇلتانى، توغرا يولغا

---

① «تەزكىرە ھىدايەت» — (ئاپپاق خوجىنىڭ يازما تەزكىرىسى ـــ ئا) ھىجرىيە 1226-يىلى (مى-
لادى 1811-يىلى) ئۇيغۇر مۇئەللىپ موللا مۇھەممەد كۆچارى بىلەن موللا مۇھەممەد خەلپەت
قەشقەرىلەر تەرىپىدىن تەييارلىنىپ پارسچە-ئەرەبچە تەرجىمىدە تاش مەتبۇئە بىلەن بېسىپ تارقىتىلغان
چوڭ رىسالىدۇر. رىسالىنىڭ قەيەردە بېسىلغانلىقى ھازىرچە نامەلۇم.

يەرلىكتە ئىشلەنگەن يۇپقا، سۇپەتلىك سېرىق سۇت قەغەزگە «خېتى پارسى»، «خېتى ئەرەبى» خەت
شەكلى بىلەن كۆركەم خۇشخەت، قوش تىلىق قىلىپ چاپىيە قىلىنغان (بېسىپ تارقىتىلغان) بۇ ئە-
سەرنىڭ ئومۇمىي بېتى 104، ۋاراق ئۇزۇنلۇقى 17.5، كەڭلىكى 10 سانتىمېتىر كېلىدۇ. 1986-يىلى سىن-
تەبىر ئايلىرىدا گومىلىق ئولىما. راشىدىن ئاخۇنۇمدىن تېپىلغان بۇ ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى
يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىدارىسىنىڭ ئىلمىي خادىمى ھۆرمەتلىك ئابدۇقادىر داۋۇت-
نىڭ ياردىمى بىلەن يېقىندا تەييارلىدىم.

بۇ رىسالىنىڭ ئەسلى مۇئەللىپلىرى بۇ رىسالىنى، مېنىڭچە، ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى (ھا-
يات ۋاقتىدىكى) ھاۋالىسى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن بىر رىياكار سوپى ئەدىبىنىڭ ماتېرىيال
ياكى يېزىق خاتىرىسىگە ئاساسەن يېزىپ تاماملىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ دىققەت ئې-
تىبارلىرىغا بۇ ئەسەرنىڭ ئومۇمىي قىسمىنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا ئۇيغۇر يېزىق ئۇس-
لۇبى بىلەن تەييارلاپ بېرىپ قىسمىنى ئېلان قىلدىم (قىسقارتىپراق كۆچۈرۈلگەن ـــ ئا).

ـــ مۇئەللىپ

ھاڭغۇچىلارنىڭ ھاجىتى. ئۇ زاتنىڭ زاھىر ئورۇقىنى كۆرمەك بىلەن بەندىلەر ئەقىلىدىن ئېزىپ، دۇنيانىڭ بارلىق تەئەللۇقاتلىرىدىن كېچىپ كېتەتتى — زاھىرى شۇ دەرىجىدە ئىدى. زاھىرى سىرى شارابنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشايتتى. ھەسەلەن: شارابنىڭ كۆپىدىن ئازراق ئىچكەنلەر ھەممە ئادەمنى دوست تۇتىدىغان ئاشىق بولاتتى. ئۇنىڭدىن جىقراق ئىچكەنلەر ھېچ نېمىدىن قورقمايدىغان، ھەممىنى قورقۇ-تىدىغان بولىۋالاتتى. ئېھتىمال تويغىچە ئىچىۋالغانلار يېرىم ئۆلتۈرۈپ تاشلىۋەتكەن توخۇغا ئوخشاش يۇ-مىلاپ يۈرۈپ، دۇنيانىڭ پايدا-زىيانلىرى بىلەن ئىشى بولمايتتى. پىرىمىزنىڭ جامالىنى كۆرگەن ھەر قانداق كىشى ياقىلىرىنى چاك قىلىپ، دۇنيانىڭ تىرىكچىلىكىدىن ۋاز كېچەتتى. ئۆزىدىن-ئۆزىگە رەقسەھا قىلىپ، گاھى ئىشتان، كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ بولۇپ كەتكىنىنى بىلمەي قالاتتى. ھەسە-لەن: ھوشيار ۋاقتىدا شەرىئەت، تەرىقەتتىن سۆزلەيدىغان، تون، سەللىنى تاشلىمايدىغان كىشىلەر پىرىمىز-نىڭ زاھىر جامالىنى كۆرگەندە تەندە جان، قەلبىدە ئىماندىن بىخەۋەر بولۇپ قالاتتى. ئۆزىنىڭ خۇ-دىنى بىلمەيتتى. قايسى دائىرىدە تۇرغانلىقىنى سەزمەيتتى...

بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ ئادەتلىرى ھەر كۈنى كۈن يېرىم بولغاندا خالايىقلارغا مەسنەۋى خاراباتتى-دىن دەرس ئۆتەتتى. پارس تىلىنى، تاجىك تىلىنى، تۈرك تىلىنى ياخشى بىلەتتى. خالايىقلارنى، ھەر ھالەتنى ئۆز تىلى بىلەن مۇنداق ماڭغالى خۇداغا يېتىشىمەن دەپ كۆرسىتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ پىرىمىزدەك قابىلىيەتلىك، جاۋانمەرد زېرەك كىشى ئىككىنچى دۇنياغا كەلمىگەن.

بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ خاس سۆھبەتلىرى بىر ئوتقا ئوخشايتتى. ھەر قانداق ھۆل نەرسىنى قۇرۇ-تاتتى. بىر نەرسە يوقمايدىغان قۇرۇپ كەتكەن ئادەم بولسا، كۆيدۈرۈۋېتەتتى. بۇ كىشىنىڭ سۆھبەت-لىرىگە ئۇچرىغان كىشى، مۇلاقەت بولغان كىشى دۇنيادىن، بارلىق مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، ئۆيى تۇتمايدىغان، تىرىكچىلىك قىلمايدىغان، تاپقاندا تازا يەيدىغان، بولمىسا ئاچ يۈرۈيدىغان ئىتتىكى-ئۇلۇغ خىسلەت ئۇ كىشىگە مۇيەسسەر بولاتتى... ساما ③ قىلاتتى. ساما قىلغانلار ئارىسىدا بەزى ئا-ۋازلارنى ئاڭلاپ قالاتتىمىز، ئاۋاز قىلغانلارنى كۆرمەيتتى، بەزى غەيرىي ئادەملەرنى كۆرۈپ قالاتتى، كېيىن ئۇ ئادەملەرنى يەنە ئاپمايتتى. خانىقاداجىرە ④ — سۆھبەت قىلىۋاتقان چاغدا شۇ خانىقانىڭ زېمىنى نەچچە ئادەمگە نەچچە رەڭدە كۆرۈنەتتى. ھەر قانداق ئادەم پىرىمىزگە مۇھەببەت قىلسا، ئىخ-لاس قىلسا، بۇ دۇنيالىقىمۇ ياخشى بولاتتى، ئاخىرەتلىكىمۇ ياخشى بولاتتى. پىرىمىزگە ھۆرمەت بولمىسا، مۇخالىپەتچىلىك قىلسا دوزاخنىڭ ئىچىگە چۈشەتتى. بېھىش، دوزاخ — پىرىمىزنىڭ قولىدا ئىدى. ھەز-رىتى سۇلتان بايەزىت ② دېگەن ئەۋلىيا شۇنداق دەپتۇ: «ھەر قانداق ئادەم پىر تۇتسا، خۇدا بەندەم دەيدۇ. پىر تۇتمىغان ئادەم خۇدا رەھمىتىنىڭ تېشىدا.»

بىزنىڭ پىرىمىز ھەزرىتى ئېيساغا ئوخشاش ھەر قانداق ئاغرىقنى، سوزۇق، جاراھەت چىققان كې-سەللەرنى بىر سىلاپلا قويسا ساقىيىپ كېتەتتى. ھەزرىتى ئېيسا ئەلەيھىسسالام دەم سال-سا تۈزەلگەندەك، بىزنىڭ پىرىمىزمۇ دەم سالسا تۈزۈلۈپ كېتەتتى. پىرىمىز خانىقادا بار چاغدا ھېچ-قانداق ئادەم ئۆلۈپ كەتمەيتتى. پىرىمىزنىڭ ھايات-ھاياتىدا ئازغىنىسى يۈز مىڭ ئادەم تۆۋە قىلىپ، مۇسۇلمانچىلىق يولىغا ماڭغاندۇر (پۇل تاپىمەن، تىجارەت قىلىمەن دەيدىغان دۇنياۋى ماجازدىن بىزار

---

② ئىمام ئەزەم — ئىسلام دىنى ھازىرقى دۇنيادا ئاساسەن ئىككى مەزھەب، سەككىز چوڭ تارماق مەزھەب بويىچە: 1) سۈننىي مەزھىبى (بۇنىڭمۇ: ھەنەفىيە، شافىئە، مالىكىيە، ھەنبەلىيە مەزھەبلىرىگە پارچىلىنىدۇ)، 2) شىئە مەزھىبى (بۇمۇ: زەيدىيە، ئىسمائىلىيە، ئەلەۋىي، جەئفەرى مەزھەبلىرىگە پارچىلىنىدۇ—ئا) 3) خارىجى، 4) باخائىي، 5) ئەھمەدى، 6) يەزىدى، 7) دىرۇزى، 8) ۋاھاب تائىپ مەزھەبلىرى بويىچە ئۇقتۇرۇلىدۇ. ئىمام ئەزەم ئوبۇھەنىفە (ئىسلامدىكى ئەڭ بۈيۈك تۆت چوڭ ئىمامىنىڭ بىرى) بۇ مەزھەبلەر ئىچىدىكى «ھەنەفىيە» ياكى «ھەنىفە» مەزھىبىنىڭ دۇنجى ئىماھى، ئىجادچىسى؛ ئۇ زات مىلادى 699-يىلى تۇغۇلۇپ 767-يىلى باغدادتا ۋاپات بولغان. دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ 80 پىرسەنتتىن جىقراقى مۇشۇ مەزھەبتە. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر-دىن تاجىكلاردىن باشقىلىرى مۇشۇ مەزھەبتە مۇسۇلمانچىلىق قىلىدۇ— ئا.

③ ساما، ④ جەرە-سوپىلارنىڭ ئىبادەت شەكىللىرىنىڭ نامى— ئا.

بولۇپ، ئىسلامى ھەقىقەتكە ئۇلاشمايدۇ)، ئىسلامى ھەقىقەت دېگەن نېمە؟ ئىسلامىي ھەقىقەت دې-گەن—پۇل تاپماق، تىجارەت قىلماقنى دېمەسلىك، ھۈنەر قىلماقنى دېمەسلىك، خۇدايىم بەرسە يەپ، بولمىسا ئاچ يۈرۈش، بولغان ھالى يېدىم، ئەتە نانى يەيمەن دېمەسلىك.

بىزنىڭ پىرىمىز مۇتەۋەللىلارنىڭ قول ئاستىدىكى 18 شەھەر ① نى باشقۇرغان. قويلارنى بۆرە بىلەن باقاتتى، پادىچى كەتمەيتتى. پىرىمنى ئەگەشكەن كىشىلەر راھەت بىلەن كۈن كەچۈرگەن. يامان كۆرۈپ چىقىمىغان (ئايرىلىپ قالغان—تا) كىشىلەر بۆرىلەر قويىنى يەپ تۈگەتكەندەك تۈگەپ كەتكەن...

پىرىمىزنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان سۆزى ئەدلى بىلەن ئېھسان قىلىش. خالايىقلارغا ئادىللىق قىلىشى، ياخشىلىق قىلىشنى كىشىلەرگە تەلىم بېرىش ئىدى. كەمبەغەل يېتىم-يېسىرلەرگە كۈندە ئۈچ ۋاق داش قايناتىپ ئۇماچ (خۇدايى ئۇماچ دېمەكچى—تا) بېرەتتى، بۇ رىزقىنى ئۇلاشتۇرۇلار؛ نېمە ئۈچۈن پىرىمنىڭ ھەقىقەتنىڭ يولىغا بالدۇرراق ئەگەشمىگەن بولمىغىتتىم؟ پىرىمنىڭ ئاي، يۇلتۇزلىرىنىڭ يو-رۇقىدىن بەھرىمەن ئالمىغان بولمىغىتتىم؟ پىرىمنىڭ نەسىھىتى، ئۆز ۋۇجۇدىنى شېۋىرىلمۇپسا مۇيەسسەر بولماي، ئۇلۇغ ئەزەرلىرىدىن يىراق بولغان بولمىغىتتىم؟ قەدىدە - قەدەمدەلىك سۆزلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئىشىتمەي تېتىممىغان بولمىغىتتىم؟ سۆھبەتلىرىنى پاتراق تاپمىغانلىقىم ئۈچۈن ئاخىرەتلىك ئىشىم تەس بولماسمۇ...؟» دەيدىغان ئىدى... پىرىمىزنىڭ ھەر بىر سۆزلىرى قۇرئاننىڭ ئايىتىنى يازغان تۇمارغا ئوخشايتتى. پىرىمىزنىڭ سۆھبىتىدە بىردەم ئولتۇرغان ئادەم، جاھاننىڭ باغچىلىرىدىن ھۇزۇر ئالغان ئادەم كېچە-كۈندۈز ھاپىزغا ئوخشاش يىغا-زار بىلەن ئويغۇنۇپ كەلمەيتتى. ۋايدەرىخ نېمە ئۈچۈن بالدۇرراق ئەگەشمىگەن بولمىغىتتىم، ئۆمرۈمنى سەرگەردانچىلىقتا ئۆتكۈزۈپتىكەنمەن. مۇخلىس-ئاشىقلارنىڭ گۇناھىنى دەريادا ئەخلەتنى شامال بىر تەرەپكە سىلكىپ قويغاندەك ئىبادەت قىلسۇن-قىلمىسۇن، ئۇنىڭ گۇناھىنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋېتەتتى، ھالا بۇ پىرىمىزنىڭ مۇرىتلىرى-دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان، ئىززەت ئابرۇينى دوست تۇتمايدىغان، قۇرساقىمنى تويغۇزىمەن دەپ تىجارەت قىلمايدىغان، ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتكە تاشلايدىغان ئادەملەر ئەمەسمۇ؟ خۇدانىڭ بالا-قازاسىغا كۆكرەك كېرىپ تۇرىدىغان، دۇنيانىڭ پايدىسىدىن كۆرە زىيىنىنى ياخشى كۆرىدىغان، خەلقلەرنى ماختىغاندىن كۆرە تىللىسا ياخشى ئاڭلايدىغان ھەر قانداق ئادەمگە مۇشۇنداق سۆھبەتلەر مۇيەسسەر بولسا، ئەلۋەتتە ئاخىرەتتە دوزاخ ئوتى كۆيدۈرەلمەيدۇ-دە. ھەر قانداق دىلىغا مۇشۇنداق ئادەتلەرنى ئادەت قىلسا، دىلىدىن دۇنيانىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى كۆچۈرۈۋەتسە، ئۇ چاغدا يالغۇز خۇدانىڭ مۇھەببىتى دىلىدا قالىدۇ. لاچىن يوق يەردە كەپتەر ئۇچۇپ ياشىغاندەك، ھەر كىشىنىڭ كۆڭلىدە دۇنيانىڭ مۇھەببىتى-راھەت كۆرۈش، ياخشى كۈن كەچۈرۈش بولىدىكەن، ئەلۋەتتە ئىشقىنىڭ كۈچلۈك شامىلى دىلىدىكى مۇھەببەتنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىرىمىزنىڭ بەزى مۇرىتلىرى ئىچىدە ئەلەم چېكىدىغان، بەزى كەت-مەيلىرىنى قىلىدىغانلار بار ئىدى. پىرىمىز ئۇلارنى يامان كۆرمەيتتى. بېشارەتكى؛ ئادەم مەست بول-غان چاغدا ئەقلى ئىلاھىينىڭ بىخەۋەر بولىدۇ. ھەر كېچە بىزار بولۇپ ئىشقىنىڭ شەرىستانىدىن يول ئالىدۇ. ۋايدەرىخ بۇ دۇنيا ئويۇنچىلارنىڭ ئويۇنىغا ئوخشايدۇ. بىزنى دۇنياغا ئاشىق قىلدى. بىزنى خۇدۇغا ئاشىق قىلدى. بەندىلەر ئەشۇنىڭ بىلەن بىر-بىرلىرى بىلەن ئۇرۇ-شۇپ خۇدانىڭ مۇھەببىتىدىن قېپقالىدۇ ئەمەسمۇ؟... پىرىمىز بولسا ئەھلى يېقىنلارنىڭ ھوجىنىسىدۇر، شۇنى، ئىشان بار ئەلىدە يارانلار سالامدا بولاتتى، پىرىمىز ئەھلى سالالارنى جان - دىلى بىلەن دوست تۇتاتتى.

---

① 18 شەھەر—ئۆز ۋاقتىدىكى قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئىلى، سېرىقول، سالا شەھرى (چەتئەلنىڭ كونا رايونىدىكى سالالقلار شەھرى—تا)، بۇخارا، پەرغانە، قوقەندگان، خۇراسان، راجىدان، بەدەخشان، ئەنجان شەھەرلىرى كۆزدە تۇتۇلغان—تا


ئەندى مۇھتەرەم جامائەتچىلىكىمىزگە يۇقىرىدىكى تەرىپاتتا «ئۇلۇغ-لانغان زات» نىڭ «نەپەس-ئەۋزى مۇبارەكلىرى» دىن مۇنۇلارنى تەقدىم قىلىمىز.

**ئاپپاق خوجىنىڭ ئەمرى-مەرۇپلىرىدىن كەلىمىلەر**

**(ئاپپاق خوجىنىڭ سۆز-ئۇقۇقلىرىدىن ئۈزۈندىلەر)**

**— ئەرەبچە نۇسخىدىن بىر بەت**

—بۇ كەلىمىلەر «تەزكىرە ھىدايەت» تە بايان قىلىنغان ئەينى كەلىمەلىك (ئۈزۈندىلىك) ھالىتى بويىچە كۆچۈرۈلدى. ھاجەتلىك ھازىرقى زامان ئىزاھلىرى مۇئەللىپ تەرىپىدىن قىستۇرۇلدى-ئا.



* ھەزرىتى ھىدايەتۇللا پىربىمىز مۇنداق دېگەن: «ئەششەيخۇ بىقاۋمىھى كەننەبىي ۋى ئۇممەتەھۇ» مەنىسى: پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاش. مۇرىت-پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتىگە ئوخشاش. پەيغەمبەرگە ئاللاھتىن قانداق ۋەھيى كەلگەن بولسا، ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھيى كېلىدۇ...

* ھەزرىتى ئۇلۇغ پىرىمىز مۇنداق دېگەن: ھەزرىتى پەيغەمبىرىدىن ئىراقى ③ دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ ئەزمىلىرىدە شۇنداق يېزىپتۇ: «مەن ئادەمزاتنىڭ دەرىجىسىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ھەممىدىن ئۈستۈن بولۇپ، دىلىمنىڭ ئەينىكىگە قارىسام-ھەممە جاھاننى ياراتقاننى ئۆز ۋۇجۇدىمنىڭ دىلىمنىڭ ئەينىكىدە كۆردۈم...». راست، ھەسىلەن، ئاسماندىكى كۆك زېمىنگە يورۇقلۇق چۈشەكلىك بىلەن زېمىندىكى كائىنات، تېرىلغۇلار، دەرەخلەر، جامادەتلەرنىڭ (جانسىز بارلىقنىڭ-ئا) ھەممىسىنى ئۈستۈرىدىكەن.

ئەمما، پىرلارنىڭ جەزبىي تەججەللىياتى (قايمىسى بىلەن پىشانىسىنى قىزىدۇرغاندا) ئەرۋاھى قىزىدۇرۇشنى كۆرسىتىپ، ئىنسى-جىنلارنىڭ سىرى ئەسرايىنى بىلدۈرۈپ، پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالار ھۇزۇرىدىن-ئۆتكۈزۈپ بېشىنى ئەرشتە ئەھلى سارافىچە تاماشا قىلدۇرۇپ (بېشى ئاسماننىڭ يەتتىنچى قەۋىتىگە، ئايىغى يەرنىڭ تەكتىگە يەتكىچە سايىلەت، تاماشا قىلدۇرۇپ، دېمەكچى—ئا) خۇداۋەندىنىڭ تاپچىچىلىك نۇرى بىلەن مۇنەۋۋەر قىلىدىكەن …

✻ ھەزرىتى ئۇلۇغ پىرىمىز مۇنداق دېگەن: ئەۋلىيالىق ئۈچۈن شاراب بولۇش لازىم. شاراب ئىچكەندىن كېيىن مەست بولۇش كېرەك. مەست بولغاندىن كېيىن سەكرەش كېرەك. جەرە-سۆھبەت قىلغاندىن كېيىن، تەلەپ قىلىش كېرەك. تەلەپ قىلغان ئادەم ئەلۋەتتە تاپىدۇ. خۇدانى تاپقان ئادەم بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدا نېمە پەرق بولىدۇ؟

✻ ھەزرىتى ئۇلۇغ پىرىمىز مۇنداق دېگەن: مېنىڭ مۇرىتلىرىمنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ھەممە ئۆلۈكنى تىرىل دېسەم ھازىر تىرىلىدۇ. ئەمما خۇدانىڭ ئادىتىگە ئۇللا (خۇدانىڭ كاراھەت ئادىتىگە—ئا) سىغا توغرا كەلمەيدۇ…

✻ پىرىمىز مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئادەم نەغمە-ناۋا، تويۇن-كۈلكە بىلەن بولسا، ئۇ ئادەملەرنىڭ دىلىدا خۇدانىڭ ئىشقى توختايدۇ. كۆيۈۋاتقان ئوتقا سۇ چاچسا ئۆچۈپ قالغاندەك. ھەر قانداق ئادەم ئۆمرىنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزسە ئاخىرەتنىڭ راھىتىدىن بىنېسىپ بولىدۇ… ئۆمرىدىكى مۇشەققەتنىڭ كېمىسى بىلەنكى-شۇبھىسىز، بىر ھەق ئاچ-ئاجىزلىق دەرياسىدا غەرق قىلىۋەتمىسەك خۇداغا يېتەلمەيمىز دېگەننىڭ بىكار. ھەر قانداق كىشى ئۆيىدىن، بالا-چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ يۈرىدىكەنى كاۋاپ قىلمىي ئۆتسە، ئاخىرەتتە راھەت-پاراغەتتە بولىدۇ…

✻ پاسىبان پىرىمىز مۇنداق دېگەن: سامسا قىلىۋاتقان چاغدا خۇدا بەندىلىرىنى چاقىرىدۇ. يەنى: ئەي بەندىلىرىم سىلەرنىڭ قىلغان ھەرىكەتلىرىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا قوبۇل بولمايدىغان ئۆتتى. سىلەر ھايات تۇرۇپ ئۆلدۈڭلار، يەنى ئۆلۈمنى ياد ئەتتىڭلار، دەيدۇ. ھەزرىتى خوجا بۇزرۇك④ مۇنداق دېگەن: «ھەر مۇرىتكى پۈتمىنى بايەزىتنىڭ بېشىغا قىلسا، ھەن ئۇنداق مۇرىتتىن بىزارمەن.» مۇرىتلار سورىدى: ئۇ نېمە دېگەن گەپ؟ بايەزىت دېگەن ئەقشۇۋەن سۈلۈكىدىكى ئادەم. بىزگە مۇرىت بولغان كىشىلەر بىزنىڭ يولىمىزدا مېڭىشى كېرەك. ئەقشۇۋەندى سۈلۈكىدىكى ئادەملەر جەزبىيات قىلىدۇ. جەزبىيات بىزنىڭ ئۇسۇلىمىز، ھەقتىن كەلگەن ئۇسۇلدۇر. بىر ئادەم سوئال قىپتۇ: بايەزىت ئۇلۇغمۇ ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلۇغمۇ؟ پىرىمىز: بايەزىت ھەر قانچە ئۇلۇغ بولسىمۇ خۇدادىن ئىزنىسىز جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەي پەرۋەردىگارىم بىز ساڭا ئىبادەت قىلمىساق، سەن بىزنى تونۇمايسەن. سېنىڭ بەندىلىرىڭنى تونۇشۇڭ بەندىلىرىڭ ساڭا ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدۇ.»

✻ ھەزرىتى ئۇلۇغ ھىدايىتۇللا زات مۇنداق دەپ ئېيتقان:… ھەر قانداق ئادەم جەڭ قىلسا، ئاۋۋال ئۆز نەپسى بىلەن جەڭ قىلسۇن. بۇ نېمە دېگەن گەپ؟ بىر ئادەم بىر يىلغىچە سوغۇق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يېسە، پىشقان ئاش، قايناتقان سۇ تەلەپ قىلمىسا، ئۇ ئادەم ھەقنى ئىزدەيمەن دېيدىكەن، مۇشۇنداق رىيازەتكە سەۋر قىلالمىسا ھەقتىن بۇنى ئالالمايدۇ. قۇرۇق ھەممىتىگىنى ئاللاھنىڭ، ئەرشنىڭ كونگۇرىسىغا (ئەۋىيىگە—ئا) قاراپ چىقىدىغان شوتا ئىزدەشكە قاراتما. شەيخ جۇنەيد باغدادى⑤ دېگەن كىشى قىرىق يىللىق ئۆمرىدە سوغۇق سۇ بىلەن ئارپا-تېرىقنىڭ نېنىنى يەپ، قورسىقى تويۇپ كەتكىچە باشقا بىر نەرسە يېمەي ئۆتكەنىكەن. جۇنەيد باغدادى شۇنداق دەپتۇ: «ھەر قانداق بەندە جىنىنى قىيىنسا روھى بېرىپ ئاللاھقا نالە قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇ بەندىنىڭ تەلىپىنى بېرىدۇ. سوپىلىقنىڭ ئۇسۇلى شۇ. ئەشۇ ئىشنى قىلمىسا، ئۇ كىشى سوپى بولالمايدۇ. زىنھار مۇشۇ يولنى تەرك ئېتىپ قەلەندەرچىلىك يولىنى تاشلىما…»

✻ پىرىمىز ئۆتمۈشتىن سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: خالايىقلار ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ نەپسىنى سەمرىتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھتائالا موغۇللارنى خۇدانىڭ بەندىلىرىنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت قىلدى. ھەلاكۇخان دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە مۇسەللەت بولۇپ ئازغىنە 12 يىل خالايىقلارنى ئۆلتۈرۈپ خانىۋەيران

---

① پىرىدىن ئەتتار، ② سۇلتان بايەزىت، ③ پەخرىددىن ئىراقى، ④ خوجا بۇزرۇك، ⑤ جۇنەيد باغدادى—تارىختا ئۆتكەن سوپىزم روھانىلىرى تەركىبىدىكى مەشھۇر شەخسلەر.

قىلىپ كۆرگەن راھەتلىرىنى بۇزۇۋېلىشىدىن بېخەتەر بولغان نەچچە يىلدىن كۆپرا دېگەننىڭ زامانىسىدا (لىيەن
ھەددىن كۆپرا ھازىرقى تۈركمەنىستاننىڭ تۈركمەنباشى شەھىرىدە ئۆتكەن بىر چوڭ سىياسىي نامايىشتا)
ھىلاكۇخان ئەسكەر باشلاپ كېلىپ نەچچە يىلدىن كۆپرا ياشىغان يەتمىش مىڭ كىشىنى قەتلى قىلغۇچى،
مەۋجۇت ئىمەس؟ بۇلار ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىپ، تېپىپ بېرىۋالغانلىقتىن بولغان ئاقىۋەتتۇر. قەدىمكى زا-
مانلارنىڭ بىرىدە ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى سەرگەردانلىق (بۇيان تاۋلىق، سەۋەبلىك ئىدى)
قىلىشىپ چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، بېھۇدە بولغانلىقىدىن خۇدا ئۇلارنى سۇغا باستۇرۇۋەتتى ئەمەسمۇ؟
پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ساھابىلىرىم نۇھ پەيغەمبەرنىڭ كېمە-
سىگە ئوخشايدۇ، ھەر قانداق كىشى مېنىڭ ساھابىلىرىمگە ئەگەشسە ئامان قالىدۇ. ھەر كىم مېنىڭ
ساھابىلىرىمگە قارشى تۇرسا ئۇنداقلار ھالاك بولىدۇ...»

※ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ زامانىم دۇنيادىكى زامانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى. دۇنيادىكى بارلىق ئەسھابىلەردىن مېنىڭ ئەسھابىلىرىم ياخشى. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەسھابىلىرىگە شۇنداق دېگەن: «مېنىڭ ئەسھابىلىرىم يۇلتۇزغا ئوخشايدۇ، يۇلتۇزغا ئەگىشىپ قالغان ئادەمگە يول كۆرسىتىدۇ...» مېنىڭ مۇرىتلىرىم مېنى ئەگەشكۈچىلەر، خۇدا تەرەپتىن يول تاپقۇچىلار. ماڭا ئىنكار قىلغۇچىلار، ماڭا ئەگەشمىگەنلەر مۇنكىر مۇناپىقلاردۇر...

* * *

ئەمدى بۇ «ئەۋلىيا» زات توغرىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بەزىبىر سىرلىق، قاباھەت يازما ئەپسانىلەرنى ئەسلەپ، بىلىپ باقايلى:

**ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ نەسلى-نەسەبلىرىنىڭ ئاتالمىش «دىنىي كارامەت» لىرى ھەققىدە تارقىلىپ يۈرگەن بەزىبىر قاباھەت يازما ئەپسانىلەردىن ئۈزۈندىلەر.**

(تۆۋەندىكى قاباھەت يازما ئەپسانىلەردىن ئۈزۈندىلەرنى قەلەمگە ئېلىشتا پاك مۇسۇلمانچىلىق ۋۇجۇدىمىز، تىلىمىز، دىلىمىز بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ تەلىمىنى يەنى... «گەپىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى تۆت سۆزدۇر: سۇبھان ئاللاھ (ئاللاھنى ئۇلۇغلايمەن)، ئەل ھەمدۇلىللا (جىمى مەدھىيە ئاللاھقا مەنسۇپ)، لائىلاھە ئىللەللاھۇ (بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد يوق)، ئاللاھۇ ئەكبەر (ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر)» («سەھىھۇل بۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەللانىي شەرھى» 331-بەتتىن) دېگەن تەلىمىنى نۆۋەتلىشىپ چۈشەنچە مەنبەسى قىلىپ تۇرۇپ ھەم «قۇرئان كەرىم» نىڭ «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن (ئەپلەتتە، ئازغۇنلۇقتا، ئاپەتلىكتا قېلىشتىن-ئا)، قاراڭغۇلۇقى بىلەن كىرگەن كېچىنىڭ شەررىدىن، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغدىكى شەررىدىن سۇبھانىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن دېگىن» («قۇرئان كەرىم» 5-ئايەت سۈرە «خەلەق» تىن) دېگەن تەلىمىنى نەزەردە تۇتۇپ قەلەم تەۋرىتىمىز.

**يازما ئەپسانىلەردىن ئۈزۈندىلەر**

ئاپپاق خوجا، ياراتقان ئاللاھقا سىغىنماي ناپەسەنتلىك بىلەن مۇنداق دېگەن:

※ «مېنىڭ مۇرىتلىرىمنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ھەممە ئۆلۈكنى تىرىل دېسەم ھازىر تىرىلىدۇ. ئەمما خۇدانىڭ ئادىتۇللا (خۇدانىڭ كارامەت-ئادىتىگە قارىتا) سەۋەب تۈپەيلى كەلمەيدۇ... ھەر قانداق ئادەم ئۆيىدىن، بالا-چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن دىلىنى ئۈزۈپ، يىغلاپ يۈرەكنى پارە قىلسا خۇدانى تاپىدۇ. خۇدانى تاپقان ئادەم بىلەن خۇدانىڭ ئارىلىقىدا نېمە پەرق بولىدۇ؟... مېنىڭ مۇرىتلىرىم-ماڭا ئەگەشكۈچىلەر-خۇدا تەرەپتىن يول تاپقۇچىلاردۇر. ماڭا ئەگەشمىگەنلەر مۇنكىر (بىھەق) مۇناپىقلاردۇر (كاپىردۇر، دېمەكچى-ئا). ماڭا قىلىۋاتقان چاغدا خۇدا بەندىلىرىنى چاقىرىدۇ»

يەنى ئەي بەندىلىرىم سىلەر ئىلاھ قىلغان ھەر دىگەنلىرىڭلار بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا قوبۇل بولىدىغانغا
يەتتى... سىلەر ھايات تۇرۇپ ئۆلدۈڭلار، ئۆلۈمنى ياد ئەتتىڭلار...» («ئاپپاق خوجىنىڭ تەزكىرەي-ھەزرەت-
لەردىن كەلىمەلەر» دىن).

ئاپپاق خوجىنىڭ «ئۇلۇغ كارامەتكار» لىقى ھەققىدە بەزىبىر ئاپپاق خوجاپەرەس سوپى-
دەرۋىش مۇئەللىپلەر مۇنداق يازىدۇ:

* «ماھەزرەت① ھىدايىتۇللاغا بىر جۈپ كۆمۈش لىگەن ۋە باشقا قىممەت سوۋغىلارنى تەقدىم
قىلىپ... دۇئا تەلەپ قىلغاندا، ھىدايىتۇللا ئۇنىڭغا ئۆيلۈك-ئوچاقلىق، بالىلىق بولۇشقا دۇئا بەرگەن.
دەرۋەقە ما ھەزرەت ئۆيلەنگەن، بالىلىق بولغان. بالىغا «ئەيدۇلھەلىم» دەپ ئات قويغان. بۇنىڭ مە-
نىسى، دۇئادىن تۇرۇلگەن بالا، دىگەنلىكتۇر...»

—(«خۇاس»— «خاس» مەزھىپىنىڭ تەزكىرىسى» دىن)

* ... «مەشھۇر ئالىم ئۆزبەھەبىس كىبىرنىڭ ئوغلى جالالىددىن بەلخلىق شاگىرتى شەيخ شاھابىددىن
دىن بىلىم ئۆگىنىپ يوشۇرۇپ قەشقەرنىڭ ئەسلىمىتىنى قىلىپ ئاقسۇت كىتتەك شەھىرىگە (كىتتەك—
تەكلىماكاندىكى قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ بىرى—نا) كېتىشنى كۆپرەك ياقتۇرىدۇ. ئۇ يەرگە كەلدى...
بىر كۈنى مۇلاھىزە قىلىپ كىتتەكتىكى ئادەملەرنىڭ قايسى دىن، قايسى مەزھەب، قايسى مىللەت ئى-
كەنلىكىنى بىلمەكچى بولدى. بۇلارنى مۇسۇلمانلىغان دىسە، ناماز ئوقۇمايدۇ، روزا تۇتمايدۇ، خەيرى-
ئېھسان قىلمايدۇ، كاپىر (مۇسۇلمان ئەمەس) ھەم دىسە ئىمان ئېيتىدۇ، مۇسۇلمانچە كىيىنىدۇ...
ئۇلار سورىدى: سىلەر قايسى مەزھەب، قايسى دىن، قايسى مىللەت؟ كىتتەك شاھى زۇنۇر شاھ: ئاتىمى-
زىرنىڭ يوق، مەزھەب، مىللەت دىگەننى بىلمەيمىز دىدى. جالالىددىننىڭ ئەۋلىيالىرى... بۇلارنى
مۇسۇلمانچىلىق قائىدە-يوسۇنلىرىغا دالالەت قىلىشى لايىقتۇر، بىزمۇ بۇ يەردە جايىدار،
ۋەتەندار بولۇپ تۇرايلى ... دەپ ئويلاشتى. پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باردى. پادىشاھ ئور-
دىسىدا ئەڭ زور بىسىتلىك گەبرىلەر تۇراتتى. بۇ گەبرىلەرنى (گەۋدە دىمەكچى—نا) كۆرۈپ بۇ
زاتلار ئەندىشە قىلىپ ئايەت ۋە دۇئالارنى ئوقۇپ ئۆزلىرىگە دەم سېلىشتى. شۇئان بىر شىر پەيدا
بولدى. شىرنىڭ ئۇچىسىغا بىر يوغان يىلان ئارتىقلىق ئىدى. خۇدانىڭ تەقدىرى—ئەمرى بىلەن شىر
خوجا جالالىددىننىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. جالالىددىن شىرغا مىندى، يىلاننى قولىغا ئالدى، پادى-
شاھقا سالام قىلدى ۋە مىنىڭ سالىمىم؛ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام... نىڭ يولىنى ئۇتقان «نەقشىۋەندى»
تەرىقىتىگە كىرگەن كىشىلەرگە بولسۇن دىدى. پادىشاھ: «نېمىشقا كەلدىڭىز؟» دىدى. جالالىددىن: «دى-
دىن ئازغانلار بولسا، توغرا يولغا سالغايمىز» دىدى. ھەم— ئەي پادىشاھ بۇ ئىشقا جاۋابىڭىز نېمە؟
دەپ سورىدى. پادىشاھ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن: ئاتا-بابامنىڭ يولىدىن قايتماي بولمىسا مۆجىزەت-
ئادرۇيىڭىزدىن ئاجرايسەن دىگەن گەپ بار... سىلەردىن ئىلگىرىمۇ بىرمۇنچە مۇتەپەررلار كېلىپ كەتتى.
ئۇلارمۇ دىنىمىزگە قەست قىلمىدى... مەقسىتىڭلار پۇل بولسا، ئوپلاپ ئەكىلسىلەر، قاچىلاپ ئالىڭلار
بېرەيلى، كېتىڭلار دىدى، جالالىددىن قوبۇل قىلمىدى، ھەم، مۇسۇلمان بولۇڭلار دىدى. پادىشاھ غە-
زەپلەندى؛ بۇلارنى ئالدىمدىن يىراق قىلىڭلار دەپ بۇيرۇق قىلدى. لېكىن بىرەر كىشىمۇ جالالىددىن-
نى يىراق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پادىشاھ گېپىدىن يانمىدى. گەبرىلەر ئۇلۇشتى، مەسخىرە قى-
لىپ... ئۇلار ئىلماسىزغا ئورغالدا نېمىدىغا توپا چاچتى. نەتىجە ئاخىرى ئەقسەرەت كېتىپ، توپا چاچقان
قوللىرى قۇرۇپ كەتتى، كۆزلىرى كور بولدى. جالالىددىن ئۇلارغا: ئەگەر سىلەر دەۋىتىمىزگە كىر-
سەڭلار دۇئا قىلايلى، قوللىرىڭلار، كۆزلىرىڭلار ئېچىلسۇن، قولۇڭلار قوزغالسۇن دىدى. گە-
بىرلەر: بىز دىگەنلىنى دىمەيمىز... دىدى. جالالىددىننى ئوتتۇرۇپ باغلاشقا باشلىدى. جالالىددىن خۇداغا
دۇئا قىلدى. قاتتىق بىر ئاۋاز كەلدى... ھېلىقى شىر پەيدا بولدى. گەبرىلەرنى پارە-پارە قىلىپ
يىرتىپ تاشلىدى، غايىپ بولدى. جالالىددىن: مەن دۇئا قىلاي بۇ بەدبەختلەر ھاكاللىرى ھالاك بولسۇن

① خوجىلار تارىخىدىكى ئاپپاق خوجا پەيدا قىلغان «خۇاس» مەزھىپىنىڭ داھىسى ھاشىمنىڭ دىي-
گەن كىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ—نا.

دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئاسماندىن قۇم يېغىشقا باشلىدى... چوڭقۇر يەرلەر تۈزلىنىپ تۈر-كىستان يۇرتلىرىنىڭ بېشى كۆمۈلۈپ قالدى... ئەرۋاھلاردىن بېشارەت ئېلىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، چاھار يارە سەئىدبۇرھانىددىن قىلىچ، ئەبۇھەپس بۇخارى كەبى قاتارلىق يەتتە كىشى پەيدا بولدى.

پەيغەمبىرىم بۇلارغا ئەيدىي بالىلىرىم سىلەرگە رەھمەت. ئەگەر سىلەر كېلىپ بۇ گەپ-لەرگە زەربە بەرمىسەڭلەر، ئۇلار قەشقەر بىلەن ماۋرەئۇننەھرىنى بېسىۋېلىپ ئۆز مەزھەپلىرىگە كىرگۈزۈشنى قەست قىلىشقانىدى...» دېدىلەر.

-(«جالالىددىن بۇخارى، تۇغلۇق تۆمۈرخان، خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىر ۋە ئابدۇرەشىتخانلار تونى-ۋىسىدا تارىخىي قىسسە» دىن مەزمۇنەن قىسقارتىپ ئېلىندى)

«شاھ تالىپنىڭ كېلىپ ھەيپە مۇھەممەدان ھازىرىنى ئاشكارە قىلغىنىنى مىرزا ئابابەكرى ئاڭلىدى. كىشى ئەۋەتىپ شاھ تالىپنى سىماپ ئۆزرەكچى بولدى. بىر مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈپ تاماق قىلىپ شاھ تالىپنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى... شاھ تالىپ كارامەت كۆرۈپ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قالدى... بىر دۇئا قى-لىپ مۈشۈكنى تىرىلدۈردى. شاھ تالىپ بۇ يەردىن ناز قىلىپ كېتىپ قالدى. يۇرت «شاھناز» (شاھ تالىپ ناز قىلىپ كەتكەن يەر — ئا) دەپ ئاتىلىدىغان بولدى...» (شاھناز يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يەكەن تەرەپتىكى يېزىلىرىدىن بىرى — ئا).

—(«زىيائۇللۇپ چىلەنىڭ تەزكىرىسى ۋە مىرزا ئابابەكرى قىسسىسى» دىن ئېلىندى)

* * *

«... ھەزرىتى پىرى ئاپپاقۋەلىيۇللانىڭ قەدەملىرى يەتكەن يەردىن تاڭلا مەھشەر كۈنىچە بەرىكەت كەتمەيدۇ-تىلەر. باسقان قەدەملىرىدىن بۇيلۇق ئانۇش (ئىرىق سالىدىغان ئارچا دەرىخى) ئۈنۈپ چىقاتتى. مىنگەن ئاتى-لىرى 100 ياشتىن ھالقىيتتى. ئۇتتۇپ قويغان ياغىچى چىنار بولۇپ كۆكلەيتتى. قولىنى شىلتىغان تەرەپ-تە . يورۇقلۇق پەيدا بولاتتى. غەزەپ قىلغاندا يەر-زېمىن تەۋرەپ كېتەتتى. خوجام (ئاپپاق خوجا — ئا) دۇئايى بەد قىلىۋەتكەنلەر «تەلۋە» (1)، «كاسكى» (2) بولۇپ كېتەتتى... قاۋىغان ئىتلار بولسا گاچا، قوتۇر بولۇپ قالاتتى... بىر دۇئا قىلىپ «ئىسماقىيە» مۇرتەدلىرىنى گاچا، كاس، گال(3)، ئىت(4)، قاچىر هايۋان (5) قىلىۋېتەتتى...»

«خوجام دەرگاھىغا كېلىپ مۇرىت بولغۇچىلارنىڭ ھەر قانچە ئېغىر گۇناھلىرى بولسىمۇ، گۇناھى-دىن ساقىت بولىدۇ. ئىنسان سۆلۈككە كىرسە نۇرى بارغانسېرى ئاشىدۇ، ئاللاھنىڭ زاتىغا ئۇلىشىدۇ، ئەبەدىيلىشىدۇ. مۇشۇ يول بىلەنلا خۇداغا يېقىنلىشىش مۇمكىن. خوجام (ھىدايىتۇللا خوجا — ئا) ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىنلەرگە پىر-ئۇستاز بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئەۋلىيادۇر... پەيغەمبەر بىلەن ئوخشاش-تۇر ...»

«...قاچانكى بەندىلەر ناپەرمانلىك، غاپىللىق قىلىشىپ ئۇلۇغ ئەۋلىيا — ئەنبىيالارنى ئۇنتۇپ، بىخارامان، بەدمەزھەپ بولۇپ كېتىشىدىكەن، ئاللاھ ۋە ئەۋلىيالارنىڭ جازاسى (دۇئايى قارغىشلىرى) غا دۇچار بو-لىدۇ. يەر-زېمىن تەۋرەش(6)، ئوت ئۆچۈش، بوران قوزغىلىش، قاغجىراش، گىياھ كۆكلىمەسلىك، يەر يېرىلى-دىن بەرىكەت ، ئىنسانلاردىن شەپقەت... كۆتۈرۈلۈپ كېتىش... يۈز بېرىدۇ. نەچچە قېرىنەلىك زېمىن، يەر تەۋرەش ئەنە شۇنداق غەزەپناك-بەدنىيەت، غاپىللارنىڭ پىرلەرنى تاشلىغانلىقلىرىدىن بولغاندۇر...»

-(«ئۇلۇغلارنىڭ نەپەس مۇبارەكلىرى»، «تەزكىرە پىر-ياران»، «بۇرقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قوليازمى-لاردىن)

---

(1)«تەلۋە»، (2)«كاسكى»، (3)«گال»، (4)«ئىت»، (5)«قاچىر هايۋان» ئاتالغۇلىرىنى سوپى مۇ-ئەللىپ شاھ نەزەر خاراباتى دېگەن كىشى ئاپپاق خوجىنىڭ قارغىش «دۇئاسى» نى ئالغانلارغا ئاللاھ يەتكۈزگەن ئۇقسان سۈپىتىدە شەرھىيلەيدۇ: «خوجام بىر قارغاپلا: بەكەن سوپىلىرىنى «تەلۋە» (سارالڭ — ئا)، «كاسكى» (ئادەم بولۇپ قالغان ئىت-دېمەكچى — ئا)، «گال» (پوقاق)، «ئىت» (ئىت بولۇپ كەتكەن ئادەم قىلىۋەتكەنمىش، دېمەكچى — ئا)، خوتەن سوپىلىرىنى بولسا «قاچىر هايۋان» (خېچىر) قىلىۋېتىپتىمىش»

(6) بۇ يەردە سوپى مۇئەللىپ ئاپپاق خوجام بىلەن ئۇنىڭ نەسلى ئەجدادلىرى ئەجدادلىرىمىزنى قارغىۋەتكەندە نەچچە قېرىنە ياكى نەچچە زامان يەر-زېمىن تەۋرەپ، ھەر خىل ئاپەتلەر كۆپىيىپ تۇر-غانلىقىنى «ئون قېتىم زېمىن سىلكىنگەن» لىكى بىلەن «دەلىل» لەيدۇ: ئۇنىڭچە، مىلادى 1716-يىلى يەتتە بال يەر تەۋرىگەن ئەلى رايونى، 1812-يىلى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى سەككىز بال يەر تەۋرىگەن ئىلاقا تەۋەلىرى، 1902-يىلى 8-ئاينىڭ 22-كۈنى سەككىز بال يەر تەۋرىگەن ھازىرقى ئاتۇش تەۋەلىرى، 1906-يىلى 12-ئاينىڭ 23-كۈنى سەككىز بال يەر تەۋرىگەن گۇما... تەۋەلىرىدىكى «غاپىل»، «پىرنى ئۇنتۇ-غان» ئادەملەر خوجىلارنىڭ قارغىشلىرى بىلەن تۇگىشىپ كەتكەنمىش — ئا.

## 2. ئاپپاق خوجىنىڭ قىسقىچە تارىخى توغرىسىدا

ئىشەنچلىك تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، ئاپپاق خوجىنىڭ ئەسلى ئىسمى ھىدايىتۇللا خوجا بولۇپ، مىلادى 1626-يىلى قۇمۇلدا ئەسلى يۇرتى — ھىراتلىق خوجا ئەھمەد (مەخدۇم ئەزەم) نىڭ نەۋرىسى خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشاندىن تۇغۇلغان. ئانىسى قەشقەرلىك مىرسەئىد جېلىل قەشقەرى دېگەن كىشىنىڭ قىزى — زۇلەيخان ئىسىملىك خاتۇندۇر. ئاپپاق خوجا قەشقەردە يېگىمەدىن دادىسىنىڭ ئىزىدىنى بېسىپ ئۆزىنى «ئىشقىيە» سۇلۇكىنىڭ «داھىي»سى دەپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇ مەزلۇمەمۇ ئۆز ئىسمى — شېرىپىنى «زۇلەيخابىگىم» دەپ قوللانغان. مىلادى 1664-يىلى قەشقەردە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ ئىشان بولسا مىلادى 1644 — 1645-يىللىرى ئەتراپىدا قەشقەردە ئۆزىنىڭ نەۋرە ئەۋلادى خوجا ئابدۇللا ئىشان تەرىپىدىن ھوقۇق ئاداۋىتى تۈپەيلى قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. جەسىتى قەشقەر نەۋرباغ يەنى ياغىدۇ (ھازىرقى ھەزرەت ئاپپاق) مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

ئاپپاق خوجا مىلادى 1640-يىلدىن 1670-يىللارغىچە قەشقەر، سېرىقتول، يەكەنلەردە مەدرىسە، خانىقا بىلىملىرى ئۆگىنىش، مۇتالىئە قىلىش ۋە تىل بىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، خۇددى «تەزكىرە ھىدايەت» تە تەكىتلىگەندەك: «تاجىك، پارس، تۈرك تىللىرىدا يازىدىغان، تەلىم بېرەلەيدىغان مەرتىۋىلىك بىلىم ئىگىسى...» بولۇپ يېتىشكەن. قۇمۇل، تۇرپان، قارا شەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، بۇخارا، سەمەرقەنت، ئەنجان، پەرغانە، نەمەنگان، قوقان، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، قاغىلىق، يېڭىسار، سېرىقتول، ئىلى قاتارلىق جايلارنى كېزىپ بەزى جايلاردا «ئىشقىيە» سۇلۇك تورلىرىنى شەكىللەندۈرگەن ياكى «تەزكىرە ھىدايەت» تە تەكىتلەنگەندەك: «30 مىڭدىن 100 مىڭچە ...» مۇرىت — ياران قوبۇل قىلغان. يۇقىرىقى جايلارنىڭ بەزىلىرىدە «ئىشقىيە» پىرلىرى خانىقالىرىنى چۆرىدىگەن، خالايىققا مازارلارنى تاۋاپ قىلىشنى تەرغىب ۋە ئىشارە قىلغان. مىلادى 1671-يىلى 8-ئايلاردا سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شۇ چاغلاردىكى خانى ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن بۆلگۈنچىلىك، خۇنخورلۇق جىنايەتلىرى ئاشكارىلىنىپ، قەشقەرىيەدىن بىر قېتىم (4 — 5 شېرىككى بىلەن ھەيدەپ چىقىرىلغان. 1676-يىلغىچە بەدەخشان، خۇراسان، كەشمىر، راجىدان، ۋاخان، پەرغانە، كاسان، ھىرات، تىبەت، ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق جايلاردا سەرگەردان «خۇدايى مۇساپىر زات» بولۇپ يۈرۈپ، «ئىشقىيە تەرىقىتى» تارقىتىش، كېڭەيتىش، «خۇدايى ئىسلامنى جانلاندۇرۇش»، مۇرىت ئېلىش، كۆپەيتىش، يېتەكلەش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئاپپاق خوجىنىڭ گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق جايلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ «دىن» تارقاتقانلىقى توغرىسىدا تارىخچى خۇيزۇ ئەدىب ماتۇڭ ئەپەندى تەرىپىدىن 1982-يىلى يېزىلغان «مۇپتى مەزھىپى ۋە ھىدايىتۇللا» دېگەن ئەسەردە مۇنداق يېزىلىدۇ: «كاڭشىنىڭ 11-يىلى (مىلادى 1672-يىلى) مۇھەممەدنىڭ 25-ئەۋلادى خوجا ھىدايىتۇللا ئىسىملىك دىن تارقاتقۇچى ئۇستاز ئوتتۇرا ئاسىيادىن چىقىپ شىنجاڭ ئارقىلىق چىڭخەينىڭ خۇاڭجۇڭ، فېڭخۇاڭشەن دېگەن يېرىگە كېلىپ دىن تارقاتقان ... مۇھەممەدنىڭ 25-ئەۋلاد نەۋرىسى — ھىدايىتۇللا چىڭخەينىڭ

شىنىڭ دېگەن يېرىدە ئىسلام دىنىنىڭ سوپىلىق تەلىماتىنى تارقىتىپ، شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى.... ماشۇجىن شەنشىنىڭ شىكالادېگەن يېرىدىن گەنسۇنىڭ خېجۇ دېگەن يېرىگە چاي سېتىش ئۈچۈن بارغاندا يول ئۈستىدە مۇھەممەدنىڭ 25 - ئەۋلاد نەۋرىسى ھەزرىتى ھىدايەت خوجىنىڭ خېخۋالڭ رايونىغا دىن تارقىتىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقان... ھىدايەت چىڭخەيدە دىن تارقىتىۋاتقان چاغدا ماشۇجىن خۋاڭجۇڭغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن...»①

«قادىرىيە چوڭ گۇمبەزنىڭ تەزكىرىسى» دە يەنە مۇنداق يېزىلغان: «كاڭشىنىڭ 11 - يىلى مۇھەممەدنىڭ 25 - ئەۋلاد نەۋرىسى ھىدايىتۇللا ئاسىيانىڭ بۇخارا شەھىرىدىن شىزاڭ ئارقىلىق چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىگە كېلىپ دىن تارقاتقان.... سالا شەھىرىدە (سالا شەھىرى – چىڭخەينىڭ شۈنخۇا رايونىدىكى سالا خەلقى تارىختا توپلىشىپ ئولتۇرغان كونا شەھەر – ئا) ئالتە ئاي تۇرغان. خانىقا سالدۇرۇپ مەخسۇس دەرس ئۆتۈپ دىن تارقاتقان. سالالىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ بەيئەت قىلغان. بىر نەچچە كىشى مەسىتېتزىم يولى (دىنىي تەسەۋۋۇرت تويغۇسى – ئا) ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىپ يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەردىن بولۇپ قالغان. بەزىلىرى بەگ بولغان. ئالتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن ئۇ (ھىدايىتۇللا – ئا) بىر كىشىنى ئۆز ئورنىدا خەلىپە بولۇشقا تەيىنلىگەن. ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى ‹ۋېكايىتۇللا›، ئاخۇن بولۇپ لەقىمى ئالتۇنباش ئاخۇنۇم. . . ئىدى. . .». «خۇفىيە مەزھىبىنىڭ تەزكىرىسى» دىمۇ: «. . . شاڭ ئېرچى مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى تاي بابا، خۇاس مەسچىتىدىكى مالەيچىنىڭ ئاتىسى ماشۇن، چېنەرتەي، چوڭ گۇمبەزدىكى چىجىڭيې ۋە ليۇ ھەزرەت قاتارلىق كىشىلەر. . . ھىدايىتۇللادىن ‹شەرىئەت› ۋە ‹تەرىقەت›، توغرىسىدىكى تەلىمىنى قوبۇل قىلغان. . . قايتىپ بارغاندىن كېيىن چېپىدىر تىكىپ دەرس ئۆتۈپ ‹خۇفىيە› مەزھىبىنىڭ كۆز قارىشىنى تارقاتقان. . .»

ئاپپاق خوجا مىلادى 1677 - يىلى سىياسىي مەقسەتلەر بىلەن تىبەتنىڭ ھازىرقى لخاسا (لاسا – ئا) شەھىرىگە بېرىپ «بۇددا لاگۇڭ» ئىبادەتخانىسىدا دالاي لاما 5 بىلەن باش ئۇرۇپ كۆرۈشۈپ سەئىدىيلەر خانلىرىدىن ئۇيغۇر ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ياردەم سوراپ، ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن. مىلادى 1677 - يىلىنىڭ ئاخىرى 1679 - يىلىنىڭ بېشىدا، شۇ ئىلتىپاتنىڭ تەسىرى بىلەن جۇڭغارلار (غالدان قونتەيجى)نىڭ ھەربىي كۈچلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئىسمائىلخان، مۇھەممەد ئىمىن خانلار ھاكىمىيەتلىرىنى تەلتۆكۈس يوقاتقان ھەم جۇڭغارلارغا بېقىنىدىغان قەشقەرىيە ئاپپاق خوجا «خان»لىقىنى قۇرغان. مىلادى 1694 - يىلىغىچە 15 يىل «خان»لىق قىلىپ، شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۆزىنىڭ 3 - ئەجداد تاغىسى خوجا ئىسھاقى ۋەلى تەرەپدارلىرى – «ئىسھاقىيە» كۈچلىرى تەرىپىدىن يەكەندىكى «ئوردا» سىدا 68 يېشىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئاپپاق خوجا ئۆلۈمىدىن كېيىن خوتۇن - بالىلىرى ھوقۇق تالىشىپ (ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىپ) 1697 - يىلىغا كەلگەندە ئاپپاق خوجا ۋە ئاپپاق خوجا ۋارىسلىرى نامىدىكى «ئىشقىيە»چىلەر «ئىسلام ھاكىمىيىتى» تەلتۆكۈس گۇمران بولغان.

① بۇ ۋەقەت ھەر خىل ماتېرىياللاردا ھەر خىل يېزىلىۋاتىدۇ. داۋاملىق ئىزدىنىپ ئېنىقلاش، بىرلىككە كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ – ئا.

ئاپپاق خوجىنىڭ تارىختىكى نام - ئىسىم سۈپەتلىرىدىن بىز ھازىرغىچىلىك ھەر يەردە ھەر خىل ئاتاقلار بىلەن ئۇچرىتىپ كەلمەكتىمىز. بۇنىمۇ ئاپپاق خوجىنىڭ تارىخىدىن تۆكۈلۈپ كەلگەن غەلىتە نىقاب، غەلىتە پەردازلار دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئاپپاق خوجا ھازىرقى گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا قاتارلىق جايلارغا ھىجرەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ «ئىشقىيە» دىنىي تەرىقىتىنى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تارقاتماقچى، يايماقچى بولۇپ ھەرىكەتلەنگەندە ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 25 - ئەۋلادى، «قۇتبىل ئەقتاب ۋەلىيۇللا» دەپ ئېلان قىلغان. ئۆزىگە ئىخلاس قىلغان بىر قىسىم خۇيزۇ مۇرىتلارنى ئۆزىنى «ھەزرەت ھىدايىتۇللا خوجا مەسئۇل» دەپ ئاتاشنى ئادەتلىنىشكە دەۋەت قىلغان ھەم ئۇلار ئارىسىدا ئۆزىنىڭ «مۇفتى» سۈلۈكىنى پەيدا قىلغان.

بۇ يەردىكى «ھەزرەت»، «ھىدايەت»، «ئۇللاھ»، «خوجا»، «مەسئۇل» دېگەن بەش دىنىي سۈپەت ئاتالغۇسى — ئاساسەن تارىختا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوللانغان ياكى شۇ زات شەرىپىگە باشقا ساھابىلار ئىشلەتكەن خاس ئاتالغۇلاردۇر. ئاپپاق خوجا بۇ ئاتالغۇنى ئۆزىنىڭ «مەزھەب ئۇستازىمەن»، «ئەۋلىيا مەن» دېگەن قارىشىنى باشقىلارغا بىشارەت قىلىش نىيىتىدە گەۋدىلەندۇرۇپ چىققان.

ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ھازىرقى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسى، شىنجاڭ، ئافغانىستان، كەشمىر . . . لەردە قوللانغان ناملىرى: «ئەۋلىيا خوجام»، «سەئىد خوجام» (پەيغەمبەر ئەۋلادى خوجام — ئا)، «ئاپپاق خوجام»، «ھىدايىتۇللا خوجام» (ئاللاھ كۆرسەتكەن توغرا يولدىكى خوجام)، «ئىشان نۇرئاللاھ» (ئاللاھ نۇر ئاتا قىلغان خوجام — ئا)، «ئىشان ئەلەيھى» (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا خاس سۈپەت — ئا)، «ئاللاھ خوجام»، «پېشۋاھى ھەزرەت»، «ھىدايىتۇللا بۇرھانەھۇ» (بۇرھان — لاما دىنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دىنىي ئۇنۋان نامى —ئا) دېگەندەك ناملارنى قوللانغان، قوبۇل قىلغان. تاڭغۇت، موڭغۇللار ئارىسىدا «ئاباخ خوجا»، «تورلوگ ئاباخ»، «قۇن ئاباخ» («قۇن» — موڭغۇلچە ئەڭ يۇقىرى دىنىي - سىياسىي ئەمەل نامى — ئا) دېگەندەك ئاتاقلار بىلەن شەرەپلەنگەن. ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا بولسا، ئادەتتە بىردەك «ئاپپاق خوجا» (ئالەمنىڭ خوجىسى مەنىسىدە — ئا) دېيىلىپ كەلگەن.

ئاپپاق خوجا 1660 - يىلى 34 يېشىدا يەكەندە ئوبۇل ھادى بەگ دېگەن كىشىنىڭ قىزى × × × گە، 1679 - يىلى مۇھەممەد ئىمىن خاننىڭ سىڭلىسى مۇھتەرەم خېنىمغا ئۆيلەنگەن (بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە ئالتە ئۆيلەنگەنلىكى كۆرسىتىلگەن — ئا). «تەزكىرە ھىدايەت»تە: «ھەزرىتى ئىشاننىڭ خوتۇنلىرى بولسا مۇغۇل قەبىلىسىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ قىزلىرى ئىدى. ھېچ كىشى كۆز تىكىپ قارىيالمايتتى. قاراپ قالسا كۆزلىرى ئېقىپ كېتەر ئىدى... تۆت ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆرگەن ئىدى . . .» دەپ يېزىلغان. بىلىشىمىزچە، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھەزرىتى مۇھەييىددىن خوجا يەھيا خوجىدۇر. «تەزكىرە ھىدايەت»نىڭ مۇئەللىپى ئۇ كىشى توغرىسىدا: «ئۆز زامانىسىدىكى 18 شەھەرنىڭ ئەركەك شىرى ئىدى. ئىشانلىقى يەتتە ئىقلىمغا تونۇلغانىدى. پەلەكنىڭ نەزەر ئاپتىگە ئۇچراپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ قولىدا شېھىد بولدى . . .» دېيىلگەن. ئىككىنچى ئوغلى ھەزرىتى خوجا ھەسەن خوجا (مەھدى خوجا دەپمۇ ئاتىلىدۇ)دۇر. «تەزكىرە ھىدايەت»تە كۆرسىتىلىشىچە، ئاپپاق خوجا قازاغا ئۇچراپ ئۆلۈشتىن ئازراق ئىلگىرى

15 ياشلىق بۇ ئوغلىغا: «... پادىشاھلار ئولتۇرغان تەختتە پادىشاھلاردىن كېيىن شاھزادىلەر ئولتۇرىدۇ. بۇ تەختتە سەن ئولتۇرۇپ دەۋران سۈرگىن...» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىمىش. بۇ ئوغۇل ئانىسى مۇھتەرەم خېنىم (جالالات خېنىم، خانىم پادىشاھ... دېگەن ناملىرىمۇ بار — ئا) بىلەن بىرەر يىلدەك «پادىشاھ»لىق قىلغاندىن كېيىن، ئۆز رەقىبلىرى تەرىپىدىن ئەمەن تاپالماي قەشقەردىيەدىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. بەزى خاتىرىلەردە شىئە روھانىيلىرىنىڭ قېشىدا پاناھلىنىپ، ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىمۇ قەيت قىلىنىدۇ. ئاپپاق خوجىنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئىمىنايىتۇللا خوجىدۇر. بەزى تارىخلاردا «بۇغراخان خوجام» دامى بىلەنمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. تۆتىنچى ئوغلى خوجا كىرامىتۇللا (قىلىچ بۇرھانىددىن خوجا دېيىمۇ ئاتىلىدۇ — ئا) خوجىدۇر. «تەزكىرە ھىدايەت»تە: «بۇ كىشى ئۈچ ياش چاغدا شاراب ئىچىمىدىغان شارابخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتىكەن. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شاراب ئىچكىنىنى كۆرۈپ، بىر دۇئا بىلەنلا ئۇلارنى ھىدايەت يولىغا باشلىغۇەتكەن...» دېيىلىدۇ. بۇ كىشى دادىسىدىن قېلىپ گەنسۇ، چىڭخەي، سەمەرقەنت، تاشكەنتلەردە خۇدايىئىشان بولۇپ يۈرۈپ، 10مىڭلىغان مۇرىت تەگەشتۈرگەن. مىلادى 1730-يىللىرى ئەتراپىدا خۇراسانىنىڭ ھىندىۋان دېگەن يېرىدە ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئاپپاق خوجىنىڭ ئىككى قىزى — بۇۋى ياتىمە، بۇۋى ئائىشەلەر ئاپپاق خوجا پەرزەنتلىرىنىڭ بىرىنچى، ئۈچىنچىلىرى بولۇپ، ياتلىق بولۇپ ھەر ئىككىلىسى ئائىلە قاياشلىرى بىلەن كېيىنكى چاغلاردا «ئىسھاقىيە»چىلەر تەرىپىدىن قەشقەردىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىۋېتىلگەن.

**3. ئاپپاق خوجىنىڭ تارىختىكى «دىنىي تۆھپە» لىرى ھەم مۇسۇلمانچىلىق مەۋقەلىرى توغرىسىدا**

ئاپپاق خوجا توغرىسىدا ئۆز ۋاقتىدا يېزىلىپ ھەم تارىختىن بۇيان ئاپپاق خوجا سوپىلىرىنىڭ «دىنىي دەستۇرى»، «دىنىي ئەڭگۈشتىرى» بولۇپ كەلگەن بۇ ئىككى يازمىنى يەنى «تەزكىرە ھىدايەت» بىلەن «ئاپپاق خوجىنىڭ ئەمرى - مەرۇپلىرىدىن كەلىمەلەر» نى ئوقۇپ كۆرگىنىمىزدە، تەبىئىيكى بىز بۇ يازمىلارنى «قۇرئان كەرىم» مەنبە قىلىنغان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دىنىي ئىدىيىۋىلىكىدىكى پاك مۇسۇلمانچىلىق چۈشەنچىمىزنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، تەۋۋەندىكى پرىنسىپال سوئاللارنى چۆرىدىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشقا يۈزلىنىمىز، ئەلۋەتتە.

بۇ يازمىلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئاتالمىش «دىنىي يول»، «دىنىي تەلىم» ۋە «دىنىي مەجبۇرىيەت» لەر راستىنلا «قۇرئان كەرىم» ئىدىيىسى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانمۇ؟ ئۇ يازمىلارنى «ئىسلام تەلىمى»، «ئىسلام رىسالىسى»، «ئىسلام ئۆلچىمى» قىلىشقا بولامدۇ؟ ئاپپاق خوجا قۇرغان «دىنىي مەھكىمە»، «ھاكىمىيەت»، «سەلتەنەت»، «قۇتبىل ئەقتاب» ئورۇنلىرى راستىنلا ئىسلامغا خىزمەت قىلغانمۇ؟ مۇسۇلمانلارغا ئاسايىشلىق، بەخت ئاتا قىلغانمۇ؟ ئاپپاق خوجىغا، ئۇنىڭ «ئۇلۇغ» ئەۋلاد، يارانلىرىغا تارىختا قول بەرگەن، يولىنى تۇتقان، ئەگەشكەن مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي، مۇسۇلمانچىلىق تەقدىرلىرى قانداق بولغان؟ ئەزەلدىن «قۇرئان كەرىم» گە، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا، سۆزلىگەن سۆزلىرىگە ئاساسەن مۇسۇلمانچىلىق قىلىپ كەلگەن مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنى ئاپپاق خوجا ۋە ئاپپاق خوجىچىلار يەنە نېمە ئۈچۈن ئىككىنچى بىر خىل «سوپى مۇسۇلمان» قىلماقچى بولۇشقان؟ ئاپپاق خوجىغا ھەم ئاپپاق خوجا يولىغا ئەگەشمىگەن، كىرمىگەن ئەھلى مۇسۇلمانلار

مۇسۇلمان ھېسابلىنامدۇ؟ ھېسابلانمامدۇ؟ دېگەندەك ئورۇنلۇق سوئاللارنى چۆرىدەپ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىزگە مەلۇمكى، مىلادى 16-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىمىز (ئاساسلىقى — تارىم ۋادىسىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسى)دا «مەخدۇمئەزەم دىنىي يولى» ياكى «دىنىي ئەقىدە»سى تارقىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئەزەلدىن بۇيان «قۇرئان كەرىم»نى تۈپ مەنبە قىلغان، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىدىن زادىلا چەتنىماسلىقنى قەتئىي شەرت قىلغان، ئىمام ئەزەم ئوبۇھەنىپەنىڭ ئەنئەنىچىلەر («شەرىئەت» چىلەر) مەزھىپىدە مۇسۇلمانچىلىق قىلىشىپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا دىنىي چۈشەنچە جەھەتتە مۇجمەللىشىش، ئىككىلىنىش، قايمۇقۇش، چۈشەنچە مۇقىمسىزلىقى يۈز بېرىشكە باشلىغان. يەنى، مەسىلەن، ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئۇقتۇرۇلغان، بىجا كەلتۈرۈلگەن ۋە بىرەر ئېتىقاد تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پۈتۈن ھەرىكەتلەرنى قىلىش، ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش ھەم مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەيدانىنى قوبۇل قىلىپ، ھەرىكەتلىرىنى ئۈزلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قانداقتۇر غەيرىي ئەقىدە — مەخدۇم ئەزەم «نەقشىۋەندىيە ئەقىدىسى» يەنى: «... ھەر قانداق مۇسۇلمان ئاللاھقا يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئىشان بولغۇچى كىشىگە قول بېرىپ، سوپى بولۇپ، شۇ مەزھەبنىڭ تەلىماتلىرىنى ئېيىدە چىلە ساقلاپ، چەكسىز ساداقەتمەن بولغاندىلا ئىشان بولغۇچى ئۇستازنىڭ ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىشى ئارقىسىدىلا ئاندىن ئاللاھقا يېقىنلاشقىلى يەنى مۇتلەق ھەقىقەتكە يەتكىلى بولىدۇ...» دېيىدىغان يېڭى «دىنىي ئەقىدە» پەيدا قىلىنىپ، جەمئىيەتتە بۇ خىل مۇقىمسىز دىنىي چۈشەنچىلەر مالىمانچىلىقى بىلەن دىنىي ئۇقۇم تۇراقسىزلىقى بارغانسېرى ئىسلامغا زىت، پاسسىپ ئاقمۇتلەر ھېسابىغا كېڭەيتىلىشكە باشلىغان. بۇ ھال — ئاقمۇت — نەتىجىدە مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئەزەلدىن مۇقىم ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن بىر خىل دىنىي يول — «ئىمام ئەزەم يولى» ئىككىنچى بىر خىل «دىنىي يول» — «مەخدۇم ئەزەم يولى» بىلەن يەنە باشقا بەزىبىر «دىنىي مەزھەب» — «يول»لارنىڭ ئارىلىشىش، گىرەلىشىش ئاقمۇتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق ئەبجەش ئاقمۇتنىڭ تەرەققىيات يەكۈنى تارىم مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تەدرىجىي ھالدا ئاپەت خاراكتېرلىك دىنىي ئېتىقاد كىرىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ھەم تۈرلۈك «دىنىي» گۇرۇھلار، «دىنىي يول»لار كۈرەشلىرىنى پەيدا قىلغان. نەتىجىدە، بىر - بىرىگە زىت «دىنىي كۈچ»لار كۈرەشلىرى كۈچىيىپ كېتىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرىگە ھالاكەت خاراكتېرلىك مىللىي ئىجتىمائىي زەخمىلەرنى كەلتۈرۈشكە باشلىغان. ئاپپاق خوجا دەۋرىگە كەلگەندە بولسا، بۇ خىل يامان سۈپەتلىك ۋەزىيەت «دىنىي»، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئومۇمىي جەھەتلەردىن تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، ئۇلغىيىپ، بىر پۈتۈن جەمئىيەت خاراكتېرلىك تەركىدۇنيالىق، سوپىزم ئىستىبداتلىقى ۋەزىيىتىگە ئۆرلەپ يۇقىرىلىغان. بۇ خىل يامان ۋەزىيەتنىڭ سەۋەب نەتىجىلىرىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئىخچاملاش مۇمكىن:

**دىنىي ئىدىيە جەھەتتە:**

ئاپپاق خوجا ئۆزىنى «پىر»، «ئەۋلىيا» ئېلان قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا شېرىكلىك،

تەكىلىك بىشارەتچىلىكىدىكى «قۇتبىل ئەقتاب»لىقى بىلەن: «پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاش، مۇرىت پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە ئوخشاش، پەيغەمبەرگە ئاللاھتىن قانداق ۋەھيي كەلگەن بولسا، ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھيي كېلىدۇ... ماڭا ئىنكار قىلغۇچىلار، ماڭا ئەگەشمىگەنلەر مۇنكىر مۇناپىقلاردۇر...» دېگەن باياننى بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى مۇسۇلمانچىلىق قىلىشتا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىگىمۇ ئىخلاس قىلىشقا ئۈندىگەن بولسا، ئۇنىڭ ياندىماچ شىرىكلىرى: «پەيغەمبىرىمىز مىراجدا خۇدا بىلەن گەپلەشكەن چاغدا بىزنىڭ پىرىمىزنىڭ روھىمۇ پەيغەمبىرىم بىلەن بىللە ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئىشىتكەن... پەيغەمبەرلەرنىڭ مەرتىۋىلىرى ئەۋلىيالارنىڭ مەرتىۋىلىرى بىلەن بىر» («تەزكىرە ھىدايەت»تىن) دېگەن بايانلىرى بىلەن ئاپپاق خوجىنى «ئۇلۇغ»لۇقتا ھەرگىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن قىلچىمۇ تۆۋەن تۇرمايدىغان، تەڭ تۇرىدىغان «قۇتبىل ئەقتاب ئەۋلىيا» قاتارىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئاتالمىش «يول»، «ئەقىدە»لىرى (سوپىلىق ھەرىكەتلىرى) نى مۇسۇلمانلارنىڭ «دىنىي مەشغۇلات»ى قىلىشقا يۈزلەنگەن.

دىنىي مەرتىۋە، قۇرۇلمىلار جەھەتتە:

ھەمشىيتىمىزدە ئىشانلىقنىڭ تۆت تەبىقىلىق تەشكىلىي مەرتىۋە، قۇرۇلمىلىرىنى يېڭىدىن بەرپا قىلىشقان، يەنى، ① «قۇتبىل ئەقتاب» تەبىقىسى؛ ② «غەۋس» تەبىقىسى؛ ③ ئىشان، مۇرشىد، ئارىپ تەبىقىسى؛ ④ خەلىپىلەر تەبىقىسى قاتارلىق تەشكىلىي قاتلاملىرىنى تەشكىل قىلىپ ھەم ئۇنى «قۇرئان كەرىم» ۋە «قۇرئان كەرىم» ھەدىسىنى تولۇپ ئاساس قىلغان ئىسلام شەرىئەت ئورۇنلىرىنىڭ، دىنىي سورۇنلارنىڭ، مەدرىس-مەكتەپلەرنىڭ، ئىمام، خاتىپ، مەزىندىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبلىك دىنىي مۇلازىمەتچىلىك قاتلاملىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشىپ، ئىسلامنى سوپىلاشتۇرۇشنىڭ بىر يۈرۈش تەشكىلىي سىستېمىلىرىنى پەيدا قىلىشقان.

ئىبادەت پرىنسىپلىرى جەھەتتە:

ئەنئەنىۋى ئىسلام شەرىئىتى پرىنسىپلىرى ئۇلار تەرىپىدىن «تەرىقەت تەلىماتى» نامىدىكى «ئېتىقاد»، «ئەدەب»، «ئىبادەت»، «مۇئامىلات»، «ئۇقۇبەت» ياكى جازا قاتارلىق «بەش قانۇن» بىلەن بىرىكتۈرۈلۈپ «شەرىئەت»، «تەرىقەت»، «ھەقىقەت» ئۇقۇملىرىنىڭ ھەممىسى سىڭدۈرۈلگەن «ئىشان مۇسۇلمانچىلىقى پرىنسىپلىرى» مەيدانىغا چىقىرىلغان. بۇ خىل «پرىنسىپ» تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا، خۇددى مۇھتەرەم مۇئەللىپ ئا. سايىت تەكىتلىگەنىدەك: «1- باسقۇچ-

---

① «قۇتبىل ئەقتاب» تەبىقىسى: سوپىلىق ئېتىقادىدا بۇ ئەڭ يۇقىرى تەبىقە ھېسابلىنىدۇ، سوپىلار ئادەتتە «قۇتبىل ئەقتاب» بولغۇچىلارنى «ئاللاھنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاسىتىچىلىرى، بۇنداق زاتلار دۇنيادا ھەر يىلدا بىر كېلىدۇ» دەپ قارىشىدۇ. ② «غەۋس» تەبىقىسى: سوپىلىق ئېتىقادىدا بۇ تەبىقە «مۇسۇلمانلارنىڭ دادى- پەريادى، ئاھۇ- زارىغا يەتكۈچى ئاللاھنىڭ ۋاسىتىچىلىرى، بۇنداقلار ھەر يۈز يىلدا بىر قېتىم دۇنياغا كېلىدۇ» دەپ قارىلىدۇ. ③ ئىشان، مۇرشىد، ئارىپ تەبىقىسى: سوپىلىق قائىدىسىدە بۇ تەبىقە — خەلىپە تەربىيىلەپ، ئىرشاتنامە تارقىتىپ، جايلارغا خەلىپە تەيىنلەپ ئىشان مەزھىبىنىڭ (بىزدىكى ئىشان مەزھىبىنىڭ تۈرلىرى تارىختا 30 خىلدىن ئاشقان — ئا) پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ④ خەلىپىلەر تەبىقىسى: سوپىلىق يولىدا بۇ تەبىقە: ئىشانلارنىڭ ھەر قايسى جايلاردىكى ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردا ئىشانلارنىڭ تەلىمى بويىچە ئىشلەپ، مۇرىت قوبۇل قىلىپ، سوپى تەربىيىلەپ تۇرىدىغان تەبىقىدۇر — ئا.

شەرىئەت، تەرىقەت قانۇنلىرىدا... شەرتسىز بويسۇنۇش؛ 2 - باسقۇچ — سوپى بولغۇچى كىشى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ ئۆز ئىختىيارىنى پۈتۈنلەي ئاللاھقا بېغىشلاش، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ زاھىدلىقتا ئۆزىنى چېنىقتۇرۇپ يېتىلدۈرۈش؛ 3 - باسقۇچ — سوپى بولغۇچى كىشىنىڭ قەلبىدە ئاللاھتىن باشقا ھېچنەرسە بولمايدىغان، كۆڭلىدە ئاللاھتىن باشقا ھېچنەرسە بولمايدىغان بولۇش؛ 4 - باسقۇچ... (ھەقىقەت باسقۇچى دېيىلىدۇ) — سوپى بولغۇچى ئۆزىنى ئاللاھقا يېقىنلاشقاندەك ھېس قىلىدۇ. بۇنداق قىيامىغا يەتكەن سوپىنى «ئارىپ بىللا» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى خۇدانى تونۇغۇچى، ھەقىقەتنى چۈشەنگۈچى دېگەنلىكتۇر...» دېگەندەك پۈتۈنلەي تەركىدۇنياچىلىق پرىنسىپلىرىنى چىقىش قىلغان مۇسۇلمانچىلىق «پرىنسىپلىرى» بەرپا قىلىنغان.

### ئىبادەت ئۇسۇلى جەھەتتە

«بەش پەرز»نى مەركەز قىلىپ مۇسۇلمانچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا «ئىشقىيە» مۇسۇلمانچىلىقى يەنى جاھان كېزىپ، يۇرتمۇ - يۇرت يۈرۈپ، ئۆي - جاي تۇتماي، خوتۇن، بالا - چاقىلىق بولماي، مازايى - ماشايىقلارنى تاۋاپ قىلىپ، چاچلىرىنى چۈشۈرمەي، جەندە، كۆلا كىيىپ، كونىدا تاپقاننى كونىدا يەپ، ئاچلىقتا زارلانماي، خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى بېغىشلاشنى بىردىنبىر ئىبادەت ئۇسۇلى قىلغان ھەم بۇنداق قىلىشنى خۇداغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋە ئەۋلىيالىقتا يېتىشىشنىڭ يولى دەپ قارايدىغان، ئۆزلىرىنى «ئاشىق» يەنى خۇداغا ئاشىق بولۇپ ياشايدىغانلار دەيدىغان غەيرىي بىر خىل «مۇسۇلمان»چىلىق ئۇسۇلى كېڭەيتىلگەن.

### دىنىي تۇرمۇش ۋە دىنىي مۇلازىمەت مەنبەلىرى جەھەتتە

مۇسۇلمانچىلىققا مۇناسىپ دىنىي پائالىيەتلەر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تارىختا بىزگە ئادەت شەكلى بولۇپ سىڭىپ كىرىپ، ئومۇملىشىپ تۇرغان دىنىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق ماددىي، مەنىۋى ئىرىدم، قىلمىقلىرىنى قىلىش ۋە دىنىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق مۇئامىلات، مۇلازىمەت قۇرۇلما، ئەسلىھە، مۈلۈك، بىساتلىرى...نى تەييارلاش، ئىشلىتىش، پايدىلىنىش، ئاسراش — مۇقەددەس دىنىي ئەخلاق ۋە دىنىي ۋاجىباتلار جۈملىسىگە كىرىدىغانلىقى بەرھەقتۇر. بۇ خىل ھاسىلاتنىڭ تولۇپ نىشان ۋە تولۇپ ئۇقۇم مەنبەسى ئەلۋەتتە مۇنۇ دىنىي پرىنسىپنى چىقىش قىلىش توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم» روھىدا مۇنداق قەيت قىلىنغان: «مۇسۇلمانلار ئىبادەت تۇرمۇشىدا جەمئىكى ئىبادەتنىڭ ماددىي — مەنىۋى سەرپىياتلىرىنى — قىلمىقلىرىنى، ئورۇنلىرىنى، بىسات، مۈلۈكلىرىنى قوبۇل قىلىش (قوللىنىش، ئىختىرا قىلىش، پايدىلىنىش) تا ئومۇمەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىلغان قىلىق، ئورۇنلىغان ئىش، سۆزلىگەن سۆز، قويغان تەلەپ ۋە لەۋزە بېشارەتلەر دائىرىسىدىلا ئەجرىدىلىنىشى، قوبۇل قىلىنىشى... لازىم ۋە زۆرۈردۇرتتۇر...» («تارىختىكى ئىسلامىيەت»تىن). لېكىن، ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ سوپىلىرى يۇقىرىدىقى پرىنسىپ، چۈشەنچىلەرنى تەرك ئېتىپ، چەتنەپ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئاپپاق خوجىنىڭ سوپىلىق ئىدىيىسى — «ئىشقىيە تەرىقىتى»نى مەنبە قىلغان يېڭى «دىنىي» كەشپىيات، «دىنىي يول»لارنى «ئىختىرا» قىلىشقان ھەم ئۇنى ئەنئەنىۋى دىنىي قىلمىشلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، جەمئىيەتتە قانات يايدۇرۇشقان. ئۇلارنىڭ يېڭى «دىنىي ئىختىرا»لىرى ئىچىدە «بەش لىباس»، «بەش تەۋرۈك»،

«بەش پاكلىق»، «بەش شەرت»، «بەش ئىددىق جاي»، «بەش ئىرادەت» دېگەندەك ئاتالمە بەشلىك مۇسۇلمانچىلىق تەلەپلىرى تولىمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئاپپاق خوجا «دىنىي ئالىم»-لىرى «بەش لىباس» دېگەندە: كۆلا، جەندە، سەپەچ (ئىشان سەللىسى — ئا)، سەندەل (قوغالتاق كەش)، سۇف كېپەن (ئاق خامدىن كېپەنگە ئوخشاش تەييارلانغان ياقىسىز ئۇزۇن خالتا كۆكلەك، قوراق مەللەتۇن...لار—ئا)لەرنى كۆزدە تۇتقان.

«بەش تەۋەررۇك» دېگەندە: تاق ھالقىلىق جۈپ چەمبەرلىك تۆمۈر ساپايە، يۆتىلاق سوتا، تاق سوپىلىق تەسبىھ، تىكىشسىز داخىل كولىبا ياكى يەنجى ۋە بەل كارمان (بەلگە ئېسىپ ئالىدىغان تېرە يانچۇق، پۇل قاپچۇقى، پۇل قاپىقى... قاتارلىقلار — ئا) لەرنى كۆزدە تۇتقان.

«بەش پاكلىق» دېگەندە: ئىمتىيازدىن، مەرتىۋىدىن، بايلىقتىن، مۈلۈكتىن، نەپسى ھەۋەستىن (نەپسى ھەۋەس دېيىلگەندە — خوتۇن ئالمايدىغان، پەرزەنت مېھرى بولمايدىغان، رىزقى ئىسرىدىنىشلەر قىلمايدىغان، خۇداغىلا ئاشىق، بەندىگىلا ماشايىق، بىر تەن، بىر جان خۇدايى ئۆششۇقلۇق كۆزدە نەزەردە تۇتۇلغان — ئا) خالىي بولۇشنى كۆزدە تۇتقان.

«بەش شەرت» دېگەندە: ھەممىدە پىردىن ئايرىلماسلىق، ھەممىنى پىردىن ئايىماسلىق، ھەممىنى پىردىن يوشۇرماسلىق، ھەممىنى پىرگە تەڭ قىلماسلىق ۋە ھەممىنى پىردىن تۆۋەن بىلىش، دېگەنلەرنى كۆزدە تۇتقان.

«بەش ئىددىق جاي» (بەش مۇقەددەس ئىبادەت ئورنى — ئا) دېگەندە: قۇتبىخانا ياكى «قۇتبىل ئەقتاب» (ئۇلۇغ ئەۋلىيا پىرلار مۇلازىمەت قىلىدىغان خاس خانىلار، مەھكىمە، ئورۇنلار — ئا)، خانىقا، مازار، قەدەم جاي (ئەۋلىيالار كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان «پاك قەدەم جاي»لار — ئا)، تۈنەكخانىلارنى كۆزدە تۇتقان.

«بەش ئىرادەت» دېگەندە: رىزقىنى، سەپەر (ئۆلۈمنىمۇ ھەم)نى، نىكاھىنى، تەقدىرىنى، گۇناھ — ساۋابىنى غايىبتىن، خۇدا ئىرادىسىدىن كۆرۈشنى كۆزدە تۇتقان.

دېمەك، ئاپپاق خوجا ۋە ئاپپاق خوجا «مۇسۇلمان»چىلىق «يولى»نى پەيدا قىلىشقان «تەرىقەت» كۈچلىرى ئاساسەن 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىبارەن يۇقىرىقىدەك قىلمىشلىرى بىلەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانچىلىقىنى خوجا - ئىشانلار ئىلكىدىكى مۇسۇلمانچىلىققا ئۆزگەرتىپ ۋە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى بىزنىڭ يۇرت - ماكانلىرىمىزدا خوجا — ئىشانلار فېئودال تەبەقىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، خوجا — ئىشانلار ئومۇمىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىش بوسۇغىسى ۋە تەڭداشسىز قورالىغا ئايلاندۇرۇپ كېتىشكەن. شۇڭا بىز «قۇرئان كەرىم» ئەقىدىسۈلىكىدىكى ئىسلام چۈشەنچىمىزنى چەقمش قىلىپ تۇرۇپ ئۇ زامانلار مۇسۇلمانچىلىقىنى خوجا - ئىشانلار ئىلكىدىكى «مۇسۇلمانچىلىق»، خوجا — ئىشانلار ئىلكىدىكى «مۇسۇلمان»، خوجا — ئىشانلار ئىلكىدىكى «ئىسلام» ۋە خوجا — ئىشانلار ئىلكىدىكى «دىنىي زامان» ياكى «دىن» دەپ قارايمىز. بۇ خىل «دىن»نىڭ ئەسلى ئىسلام دىنىدىن تۈپ پەرقى شۇ يەردە ئىدىكى، ئۇ «دىن» بىزنىڭ مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ تاجاۋۇزچىلىققا، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش مەدىتى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمران سىنىپلار بىلەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ خەلقىنىڭ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى باستۇرىدىغان، يۇرتىمىز ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرىنى نابۇت قىلىۋېتىدىغان مەنىۋى قورال بولۇپ بەرگەن. ئۇ «دىن»نىڭ ۋەزىيىتى بولسا: «دىنىي» ئىزاھلار كۆچەيگەن، «ئېتىقاد»

چىلىرى بىر - بىرىنى رەت قىلىدىغان، بىر - بىرىنى قىرىدىغان، «دىنىي» مەزھەبلەر كۆرەشلىرى ئىنتايىن كەسكىنلەشكەن، «دىنىي ئۇرۇش»لار توختىمايدىغان، پەۋقۇلئاددە جاھالەتلىك «ئىسلام» ۋەزىيىتىدىن ئىبارەت بولغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا ناماز قائىدىلىرىنى ئادا قىلمايدىغان، ئۇنىڭ ئورنىغا زىكرى - ساماغا چۈشۈپ «پىرىم»نى دىللىرىدا تەكرارلاش دەسلەنلا سەكرەپ، چۆرگىلەپ ھالاكەتچىلىك قىلىشىدىغان بىر خىل مۇسۇلمانلار تۈركۈملىرى «مۇسۇلمان»لارنىڭ ئۆرنىكى قىلىنىپ تۇرغان.

«ئىلاھ»لىق، «ئەۋلىيا»لىق، «دىن»دارلىق، ھاكىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەت ۋۇجۇدىدا «جەم»لەنگەن، دۇنيادا بىرلا «ئۇلۇغ زات» ئاپپاق خوجا «دىنىي»، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ھالاكەت تەقدىرىگە زامىنلىق ئەھمىيىتى بىلەن رول ئويناشقا باشلىغان. بۇ خىل «دىنىي» قىلمىش ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «...توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ئورتاق بولغان ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى...» («قۇرئان كەرىم» سۈرە ئال ئىمران 64- ئايەتتىن)، «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىراۋغا بولغان مۇھەببىتى ياكى نەپرىتى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى لازىم...» («مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 334 - بەتتىن)، «ئىسلام دېگەن نېمە؟ پەيغەمبىرىم جاۋاب بېرىپ: ئىسلام دېگەن ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، پەرز نامازلارنى ئوقۇش، پەرز زاكاتنى بېرىش، رامزان روزىسىنى تۇتۇش دېگەن»، پەيغەمبىرىم مۇنداق دېگەن: «دىنىنىڭ ئاساسى ئاللاھقا سادىق بولۇش، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە سادىق بولۇش... مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا سادىق بولۇش... » («قۇرئان كەرىم» سۈرە تەۋبە 9- ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن تەلىم - پىرىنسىپلىرى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ - قارشىدۇر. شۇڭا بىز ئاپپاق خوجىنى ھەقلىق ھالدا ئىسلامنىڭ خوجىسى، ئىشانى، پىرى، ھەقىقىي مۇسۇلمان دەپ قارىيالمايمىز. ئۇنداق دېگەندىن كۆرە ئۇنى تاغۇت - جۇڭغار لامالىرىنىڭ تارىختىكى خىزمەتچىسى، ئىسلام ئاسىيسى، مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ دۈشمىنى، جاھالەت پىرلىرىنىڭ پىرى، مىللىتىمىزنىڭ تارىختىكى كەچۈرگىسىز جىنايەتچىلىرى دەپ قاراش تارىخىي پاكىتلارغا تامامەن ئۇيغۇندۇر.

### 4. ئاپپاق خوجىنىڭ سىياسىي تارىخى توغرىسىدا

بىز ئاپپاق خوجىنىڭ سىياسىي تارىخى دېگىنىمىزدە، ئۇنىڭ مىلادى 1660-يىلدىن 1694-يىلىغىچە بولغان 34 يىللىق دىنىي، سىياسىي تارىخىنى كۆزدە تۇتىمىز. بۇنى ئىككى مۇھىم جەريان: 1) 1660- يىلدىن 1679 - يىلغىچە بولغان 19 يىللىق «دىنىي»- ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر جەريانى، 2) 1679 - يىلدىن 1694 - يىلغىچە بولغان «خان»لىق پائالىيەتلەر جەريانى بويىچە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

#### «دىنىي» — ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر جەريانلىرى:

تارىخىي خاتىرىلەردىن ئايان بولۇشىچە، ئاپپاق خوجىنىڭ رەسمىي جەمئىيەت خاراكتېرلىك سالاھىيەت تارىخىنى 1655 - يىلى قەشقەردە ئۇنىڭ «ئىرشادنامە»سى بىلەن «نەسەبنامە»سى «نەقشبەندىيە»چى «ئاق تاغلىق» سوپىلار تەرىپىدىن «ئىشان»نامى بىلەن ئاشكارا جاكارلانغان چاغدىن ھېسابلاپ تەتقىق قىلىش لازىمدۇر.

29 ياشلىق ھىدايىتۇللا — ئاپپاق خوجىنىڭ «ئاق تاغلىق»لارنىڭ «ئىشانى» بولۇپ كۆتۈرۈلگەن چاغلاردىكى قەشقەرىيەنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ئىنتايىن ئۆتكۈر زىددىيەتلىك، يامان ۋەزىيەتتىن ئىبارەت بولغان. بۇ خىل ۋەزىيەتنى — خوجا مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغۇللىرى خوجا ئىسھاقى ۋەلى بىلەن خوجا مۇھەممەد ئىمىن — ئىمامى كالانلار ئوتتۇرىسىدا دادىسىنىڭ دىنىي ھوقۇق، ئىمتىيازىنى تالىشىشنى چۆرىدەپ شەكىللىنىپ، تەدرىجىي ھالدا ئۆلغىيىپ، ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرى — ئابدۇللا خوجا بىلەن مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىلارنىڭ «ئىشان»لىق چاغلىرىدا كەلگەندە قەشقەرىيەنىڭ «دىنىي ھوقۇقى»نى كىم ئىگىلەش مەسىلىسىگە يەنى مادارچىلىق ئىمكانىيىتى قالمىغان، مۇرەسسەسىز ھوقۇق كۈرىشى مەسىلىسىگە ئۆرلەپ تۇرغان كەسكىن، يامان زىددىيەت دېيىشكە بولاتتى. ئاپپاق خوجا بۇ خىل ئوسال ۋەزىيەت ئىچىدە ئالدى بىلەن بىر مەزگىل ئۆزىنىڭ ئورنىنى تىكلەش، مۇداپىئە خاراكتېرىدىكى ئۈستۈنلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، «ئىسھاقىيە»چى «قارا تاغلىق»لارغا قارشى كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاخىرى بېرىپ پۈتۈن قەشقەرىيەنىڭ «دىنىي» — سىياسىي ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش چارىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشكەن.

تۇنجى قېتىم قەشقەردە ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 27 - ئەۋلاد ئەۋرىلىرىدىن «سەئىد» ئېلان قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ تەبىئىي «يېتەكچى»سى — «سەئىد»لىق ئولپازى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشكەن، تەدرىجىي ھالدا ئىلگىرىلەپ ئاخىرى سەئىددىيەلەر خانى يولۋاسخاندىن ئۆزىنىڭ «سەئىد»لىكىنى قەدىرلەشنى، قەشقەرىيەنىڭ بارلىق دىنىي ھوقۇقىنى تۇتۇشقا ئىمتىياز بېرىشىنى ئىلتىجا قىلغان. تارىخچى ئۇستاز موللا مۇسا سايرامى تەرىپىدىن 1885 - يىلى يېزىپ قالدۇرۇلغان «تەزكىرەئى خوجا ئاپاق» دېگەن قوليازمىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ «سەئىد»لىكىنى يولۋاسخانغا مۇنۇ بىر خىل «نەسەب» قۇرۇلمىسى بىلەن «ئاساس»لاپ بەرگەنمىش، يەنى ئۇ: «مۇھەممەد پەيغەمبەردىن كېيىن بىرىنچى يۈزدە تۆت چاھارىيار، ئىككىنچى يۈزدە داۋۇدە تائىي، ئۈچىنچى يۈزدە زۇننۇن مىسرى، تۆتىنچى يۈزدە ئوبۇل ھەسەن خەرقانى، بەشىنچى يۈزدە ئابدۇقادىر جىلانى، ئالتىنچى يۈزدە مەۋلانە جالالىددىن رۇمى، يەتتىنچى يۈزدە خوجا باھاۋىددىن نەقشىۋەندى، سەككىزىنچى يۈزدە مەۋلانە ياقۇپ چەرخى، توققۇزىنچى يۈزدە خوجا ئەبەيدۇللا ئەھرار، مىڭدە ھەزرىتى ئىمامى رەببانى، بىر مىڭ بىر يۈزدە مەخدۇم ئەزەم، بىر مىڭ ئىككى يۈزدە ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا — ئا) لارغا ئىسلامغا ئىگە - مۇئەككىل بولۇش نېسىپ بولغان ۋە نېسىپتۇر ...» دەپ قارىغانمىش (بۇ يەردە شۇنىمۇ ئىزاھلاپ كېتىش لازىمكى، بىز ھازىرغىچىلىك ئاپپاق خوجا ۋە ئاپپاق خوجىنىڭ سوپى مۇئەللىپلىرى تەرىپىدىن تارىختا تۈزۈلگەن بۇ خىل «نەسەب» تىزىملىكىدىن 20 نەچچە خىلىنى ئوخشىمىغان تىزىملىكلەر بويىچە ئۇچرىتىپ تۇرغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ خىل «نەسەب» تىزىملىكى مەنبە قىلىنغان «سەئىد»لىك دەۋاسىنىڭ نەقەدەر ئاساسسىزلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز — ئا).

ئاپپاق خوجا ئۆزىنى ئۇلۇغ «سەئىد» ئېلان قىلغاندىن كېيىن، قەشقەردە ئۆزىنىڭ ئاتالمىش «ئاق تاغلىق» سوپى يېقىنلىرى ئارقىلىق ئەتراپىغا ئادەم يىغىش، ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن كۈچ توپلاش، ئىناۋەت ئۈستۈرۈشكە كىرىشكەن. ئەتراپىغا ئادەم يىغىش جەھەتتە

بىر قىسىم ھەمراھلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ «ئۇلۇغ سەئىد»لىق «خاسىيەت»لىرىنى
كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات قىلدۇرغان. ھەر خىل شەكىللەر بىلەن ئۆزىگە كۆيلىگەن «مۇرىت»لارنى
قوبۇل قىلىشقا كىرىشكەن (مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1987- يىلى 4- سانىدا بۇ ھەقتە قىسمەن توخ-
تالغانىدۇق، تەكرارلىمايمىز — ئا). ئۇنىڭ ئۆزىگە «مۇرىت» قوبۇل قىلىش (ئەترابىغا ئادەم
توپلاش — ئا)، خەلقنى ئۆزىگە تارتىشتا قوللانغان ھەر خىل تەدبىرلىرىدىن بىرى «خاس
مۇرىت» چەمبىرىكى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. «ئاپپاق خوجا ھەققىدە رىۋايەتلەر»
دېگەن بىر قولىيازما توپلام (بۇ توپلام 1956- يىلى قارىقاشنىڭ زاۋا بازىرىدا تېپىلغان — ئا)
دىن بىلىشىمىزچە، ئاپپاق خوجا مىلادى 1655- يىلىدىن مىلادى 1661- يىلىغىچە بولغان ئالتە
يىللىق ۋاقىت ئىچىدە ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى شەھەر،
بازارلارنى ئايلىنىپ، ئەل - خالايىققا كۆرۈنۈپ مازار - ماشايىقلارغا «تاۋاب» قىلىپ، كىشى-
لەرنىڭ «مۇشكۇل»لىرىگە «ئاسايىش»لىق تىلەپ، باشلىرىنى سىلاپ سايىۋەن بولۇپ، «دۇئا»
بېرىپ، «دۇئا» ئېلىپ تۇرۇشتەك «سەئىد»نىڭ خاسىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ چىققان.
41 مازار، 180 چوڭ خانىقانىڭ «پەخرى شەيخ»، «بەخرى ئىشان»لىق ئىمتىيازلىرىنى قولغا
كەلتۈرگەن. بىر نەچچە مىڭ كىشىنى ئۆز «مۇرىت»لىقىغا ۋاستىلىق ھەم بىۋاستە قوبۇل
قىلىپ، پۈتۈن قەشقەرىيىدە بىر خىل سۈيىقەست تۇسىگە مەنسۇپ ئۆكتەم سوپىلار سېپىنى
شەكىللەندۈرگەن. سەئىدىيە خانلىقلىرىدىن سۇلتان ئىسمائىلخان بىنىنى ئابدۇرەھىم خان
ھاكىمىيىتىنىڭ «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق»لار ماللىمانچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن ئىچكى چۇۋۇق-
چىلىقى ئېغىرلىشىپ تۇرغان چاغلارغا كەلگەندە ئاپپاق خوجا ئىسمائىلخانغا: «... ئەي خان
ئاتا - بابالىرىدىن تارتىپ بىزنىڭ ئاتا - بابالىرىمىزغا مۇرىت، مۇخلىس بولۇپ كەل-
گەنىكەنلا ...» («تارىخىي ھەممىدى» 129- بەتتىن) دەپ ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ «ئىشان»لىق
مەرتىكىلىرىنى قوللاشنى، ئۆزىگە مۇرىت بولۇشنى ھەم ئۆزىنىڭ بارلىق ۋاستىلىق ھەم بىۋاس-
تىلىق «مۇرىت»لىرىغا ئالاھىدە ئىمتىياز، ئېتىبار بىلەن مۇئامىلىدە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.
بەزى تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، شۇ چاغلاردا ئاپپاق خوجىنىڭ ئىسمائىلخانغا ئۆز
«مۇرىت»لىرىغا ئىمتىياز، ئېتىبار بېرىش توغرىسىدا قويغان تەلەپلىرىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى:
«مۇرىت»لاردىن ئالۋان - سېلىق ئالماسلىق، يۇرتدارچىلىق مەجبۇرىيەتلىرىگە قىستىماسلىق،
ھاشار، ئەسكەر، مەدىكار، كارۋان تۇتماسلىق، ئىچكى چەكلىمىلەردىن خالاس قىلىۋېتىش،
ئاپپاق خوجىچە «ئىشقىيە» ئىشانلىق پائالىيەتلىرىگە دەخلى - تەرۇز بولمىغان بارلىق قىل-
مىشلارنى خانلىق ئەمرى بىلەن تەرك ئېتىپ تۇرۇش ... لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئىسمائىلخان بۇ خىل تەلەپلەرنىڭ بىر قىسمىنى خانلىق مەۋقەئى بىلەن ھەقلىق رەت
قىلىپ تاشلىغان بولسىمۇ، لېكىن خانلىقنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى ياخشىلاش، «دىشمى» كۈچلەرنىڭ
ئىچكى كۈرەشلىرىنى مادارا يولى بىلەن ھەل قىلىش، ئىشان گۇرۇھلىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ،
خانلىقنىڭ قۇدرىتىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە بۇ تەلەپلەرنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل
قىلىشقا كۆنگەن. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قولىيازمىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىسما-
ئىلخان ئاپپاق خوجا بىلەن بىر نەچچە قېتىم مۇرەسسە - مادارا خاراكتېرلىك سۆھبەتلەرنى
ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن خانلىقنىڭ سىياسىي، ھاكىمىيەت، مالىيە، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت،

خارجى، ئەمنىيەت... قاتارلىق ئورۇنلىرىدا، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى دائىرىلىرىدىكە، ئەلنىڭ ئامانلىق ۋە ئومۇمىي مەنپەئەتىگە زىيانلىق تەسىر پەيدا قىلماسلىق شەرتى بىلەن «خۇدايى ئىشان»لىق قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، ئاپپاق خوجىنى ئۇلۇغ سەئىدلەر تەركىبىدە ئۆزلىرىگە پىر تۇتقان، ئۇنىڭ ئىشانلىق يولىغا ئەگەشكەن (مۇرىتلىق ئادىتىنى ئۆتىگەن، بەلگە - نىشان ياكى خاس ئىرشاتنامە ئالغان) بىر قىسىم رىياكار مۇرىتلاردىن زامان تىنىچ، ئەل ئامان، خانلىق باياشاد، يۇقىرا باراۋان، كەيپىيات شاد - خۇرام، دىن ئەھلى ساپ بولغان ئەۋزەل مۇھىت ئىچىدىلا خانلىق ئەمرى بىلەن ئېلىنىدىغان بىر قىسىم ئادەتتىكى ئالۋان - ياساقنى خۇدا يولىدا كەچۈرۈم قىلىش ھەم ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ۋاقتىنى خانلىق ئۈچۈن كېتىدىغان ھاشار، مەدىكار سېلىقى بەدىلىگە ئۆزارتىپ بېرىش يەنى ھاشار، مەدىكارغا تۇتماسلىق، ئاپپاق خوجىدىن بىۋاسىتە ئىرشاتنامە ئالغان مەھەللىۋى ئىشان، سەئىدلەرنىڭ دەرىجە ئورۇنلىرىنى دىنىي ئىشلار دائىرىسىدىلا ئېتىراپ قىلىش ۋە ئېتىبار بېرىش توغرىسىدا ئاغزاكى ۋەدىلەرنى بەرگەن. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قوليازمىدا بۇ توغرىلىق مۇنداق يېزىلغان: «... ئۇلۇغ سەردار - ھەزرىتى ئىسمائىلخان بىنىي ئابدۇرەھىم خان سەئىد خوجا مۇھەممەد يۈسۈپ خوجامغا بولغان ئىخلاسىنىڭ زىيادىلىكىدىن (ئىسمائىلخان مۇھەممەد يۈسۈپ خوجىغا مۇرىت بولغان—ئا) ھىدايىتۇللا ھەزرەتكە خېلى بىر مەھەل ھۆرمەت بەيئىتىدە مۇئامىلە تۇتۇپ كەلگەندۇر... خاسىيەتلىك ئۇلۇغزاتلاردىن ھەزرىتى ھۇسەيىن بىنىي شاھابىددىن (ئىسمائىلخاننىڭ قېيىن ئاتىسى— ئا) ئالەمدىن ئۆتكەندە ئاپپاق خوجا ئىسمائىلخاندىن ئۇ زاتنىڭ ئاخىرەتلىكى بەدىلىگە مىڭ قوچاق ئاقلىق (ئاق چوتا، ئاق خەسە، ئاق خام، ئاق چەكمەن، ئاق جايناماز ...— ئا) تەييار قىلماقنى ئۆتۈندىلەر، ئىسمائىلخان بىجا كەلتۈردىلەر. ئاپپاق خوجا ناماز چۈشۈرۈپ دۇئا ياندۇرۇپ بولغاندىن سوڭ، مەزكۇر ئاقلىقلارنى ئۆز مۇرىتلىرىغا ‹مۇت كېپەن› قىلىپ بۆلۈپ بەردىلەر... شۇ مۇ سەۋەبەت مەۋسۇمىدىن ئېتىبارەن خوجام مۇرىتلىرىنىڭ ھەر ئىككىلا ئالەملىك تەۋەررۈك بەلگە - نىشانلىرى: خەيرىلىك ئاقلىقلار (ئاق خېرىت، رەختلەر، كىگىز، جاينامازلار... كۆزدە تۇتۇلغان — ئا)دىن لىپاس (كىيىم)لەر، گەز كۆلاھلار، داخىل كولىبالەر، بەلباغلار، تاناپ ۋە باغلاقلار، ئاق ئاش (خاس ئۇن، سۇ، تۇزدىن تەركىب تاپقان ئاق ئاتالا، ئاق تالقان، ئاق نان ۋە ئاق كۆمەچ، قوماچلار...)، ئاق ساپلىق ساپايىلەر ھەم ئاق تۇغ، شەددىلەر...گە تەئىن تاپىدىغان قائىدىلەر رەسىم بولدىلەر... شۇنداق قىلىپ خان مۇلازىملىرى ئاق سەپەچ كۆلالىق، ئاق پەرەنجىلىك، ئاق يەنجىلىك، ئاق ئۇلاقلىق خوجام ‹مۇرىت›لىرى — ‹دىۋانە خان›لار ياكى ‹ساھىل ئاشىق›لارغا يول بېرىدىغان رىئايە قىلىقلار ئادەتكە قائىدە بولدىلەر... » دېمەك ئاپپاق خوجا قەشقەرىيىنىڭ ئەينى چاغلاردىكى ئىچكى - تاشقى سىياسىي ۋەزىيىتىدىكى سەلبىي بوشلۇقتىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، «سەئىد»لىك، «دىن»دارلىق نامى بىلەن ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىدىن مەلۇم دائىرىلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىمتىياز ئۇلجىلىرىنى بۆلۈپ ئالغاندى. بۇنى ئاپپاق خوجا ۋە ئاپپاق خوجا كۈچلىرىنىڭ تارىخىمىزدا باش كۆتۈرۈشكە يارىتىپ بېرىلگەن ھالاكەتلىك تۆرەلمە - پۇرسەت، ئېچىنىشلىق سەۋەنلىكنىڭ باشلىنىش قەدىمى دېيىشكە بولاتتى.

بۇ خىل غالىب پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئاپپاق خوجا مىلادى 1667- ۋە 1668- يىللىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىشەنچىلىك شېرىكلىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ، خوتەندىن قومۇلغىچە بولغان ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا ئۆزىگە مۇرىت ئېلىش، سەپ كېڭەيتىش، «ئىشقىيە» يولىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتىنى جانلاندۇرۇپ، ئاتالمىش «مۇرىدىل ھىدايەت»لەرنى 20 مىڭ ئەتراپىغا ئاۋۇتقان. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل «مۇرىدىل ھىدايەت» چىلەرنىڭ تەركىبىدە ئىسمائىلخان جەمئىيىتىنىڭ پۇقرادارچىلىق مەجبۇرىيىتىدىن قاچىدىغان ۋەتەنسىزلەر، «دىنىي» بەدنىيەتلەر، ئەل بەختىنىڭ كۈشەندىلىكىنى كەسىپ قىلغان دىنىي، سىياسىي زىيانكەشلەر، ئىرىكتاپ كۆكەمىلەر، ئۆكتەم، ئۆششۈق ۋە ناتوغرا جاھانكەشتىلىك يولىنى تۇتقۇچى ئىجىمەل سەرگەردانلار، بەڭگى، ئوغرى، قاتىل، ئىغۋاگەرلىكى بىلەن جەمئىيەت جازاسىغا، شەرىئەت ھۆكمىنىڭ تەنبىھسىگە دۇچار بولۇپ تۇرغان ھازازۇل زىيانداشلار... يوقىرى سالماقنى تەشكىل قىلغان. 19- ئەسىردە ياشىغان بۈگۈر يېڭىسارلىق تارىخچى موللا غۇلامىدىن ئۆزىنىڭ «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قوليازمىسىدا ئاپپاق خوجىنىڭ ئۇ خىل «مۇرىت»لىرى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغان: «مۇسۇلمانچىلىق دىيانەتلىرى سۇس، نام - نەسەب شەرىپىدىن مەھرۇم، خانلىق غەزىپىگە مەھكۇم، ھارامغا خۇمارى كۈچلۈك، ئەل بەختىگە زامىن ھەم زىيانداش بولۇشتىن نومۇسلانمايدىغان خۇمسا شەخسلەر، جىنايەت ۋە گۇناھتىن تۆۋىسى قوبۇل بولمايدىغانلار ... خانلىق ھوزۇرىدىكى پۇقرادارچىلىق يولىدىن چىقىپ، ئاپپاق ھەزرەت يولىغا كىرىپ ئاق پۆپۈكلۈك كۇلاھ، ئاق گىرۋەكلىك جەندە، ئاق ساپلىق ساپايە، ئاق يەنجە... لەرنى بەلگە - ئىشارە قىلىپ «ئىشقىيە» بەندىچىلىكىدە بولغانلىقى سەۋەبلىك خانلىق غەزىپىدىن پاناھ تاپقان ئىدىلەر...»

ئاپپاق خوجا قەشقەردىيىدە ئۆزىنى ئەنە شۇ خىل «مۇرىت» كۈچلىرىنىڭ ئومۇمىي يېتەكچىسى، «قۇتبىل ئەقتابى» (ئاللاھنىڭ دۇنياغا مىڭ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان شۈبھىسىز ۋاستىچىسى — ئا) ئېلان قىلىپ باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز «مۇرىت»لىرىنى تۆۋەندىكى مۇتلەق شەرتلىك «ئالتە ۋەزىپە»نى تەركىسىز، تولۇق، ئۈزۈل - كېسىل ئورۇنداشقا چاقىرغان، ئۇيۇشتۇرغان. بۇ «ئالتە ۋەزىپە» مەزمۇنەن مۇنداق بولغان: 1) بارلىق ئىنسانچىلىقتا ئاپپاق خوجىنى مەركەز قىلىش، «خوجام رازى - خۇدا رازى» دېگەن چۈشەنچە ۋە ئەمەلىيەتكىلا ئاساسلىنىش؛ 2) خوجام يولىغا مەڭگۈ سادىق بولۇش، ئۇنىڭ بۇيرۇق، تەلەپلىرىنى قەتئىي، شەرتسىز ئورۇنداش، ھېچ نەرسە يوشۇرماسلىق، ئايىماسلىق؛ 3) خوجام باشلىغان ھەرقانداق غازات (يا ئۆلۈش، يا ئۆلتۈرۈشنى كۆزلىگەن خاس دىنىي ئۇرۇش — ئا)، ھەرىكەتلەردىن يانماسلىق، قورال - جابدۇق، يېگىش ۋاستىلىرىنى پىششىق مەشىق قىلىش، بىلىش؛ 4) «ئىسھاقىيە»چى «قاراتاغلىق» لارنى ئەدەبلەش، يوق قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن مۇسۇلمانىنى «ئىشقىيە» يولى بىلەن مۇسۇلمانچىلىق قىلىشقا يېتەكلەش؛ 5) جەدىد، غاپىل، مۇرتەد، سەراسەر، پاسىق بولۇپ كەتكەن (يېڭىلىققا، دۇنياۋى ئىرىكچىلىككە، ئىجتىمائىي مۇسۇلمانچىلىققا، دۇنيا مەئىشىتىگە، مەدەنىيەتكە، زامانىۋى ئىلىم - بىلىم يولىغا قەدەم باسقۇچىلارغا دېمەكچى — ئا) مۇسۇلمان بەندە، ئورۇن، ماددىي، مەنىۋى ۋاستە، ھەرىكەت، ئۇرۇنۇش...لارنىڭ ھەرقاندىقىنى خۇدا يولىدا پاك زېمىندىن يوق قىلىپ، «دىن» ساپلىقىنى، «تەرىقەت» يولىنىڭ پاك، راۋانلىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش؛ 6) «ئىشقىيە» قۇدرىتىنى جانلاندۇرىدىغان ھەر خىل خاسىيەتلىك

تەدبىر - كارامەتلىرىنى خۇدا يولىدا «ئىختىيار» قىلىش، تېپىش، جانلاندۇرۇش.

بۇ خىل شەرتلىك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ئىگىزلىك مەقسەت — «مۇرىت» بولغۇچىلارنى بۇ دۇنيانىڭ بارلىق تىرىكچىلىكىدىن، ئىجتىمائىي ئىنسانىيەتچىلىكتىن ۋە پۈتۈن ئىسلام ئەھكاملىرىدىن بەزدۈرۈپ، خاس ئاپپاق خوجا يولىنىڭ بەندىچىلىكى بىلەنلا بەنت بولىدىغان، شۇ يولدا ئۆلۈپ، شۇ يولدا تىرىلىشكە كۆنگەن تىرىك مۇردىلارغا ئايلاندۇرۇش ئىدى. شۇڭا ئاپپاق خوجا ۋە ئاپپاق خوجا «ئىشقىيە» يولىنى جارى قىلغۇچى خوجا — ئىشانلارغا ئەگەشكەن ھەر خىل، ھەر شەكىلدىكى «خۇدايى مۇرىت»لارنى دىنىي رىياكارلار ياكى خۇدا يولىدا مۇسۇلمانچىلىق قىلىدىغانلار دېگەندىن كۆرە، ئاپپاق خوجا گۇرۇھىنىڭ دىنىي - سىياسىي ئارمىيىسى، جاھالەت ئىستىبداتچىلىقىنىڭ ئۇل - سېپى، ئىسلامىيەتنىڭ رەزگى دۈشمەنلىرى ۋە ئىسمائىلخان خانلىقىدىكى مىللىي جەمئىيەتنىڭ ئەڭ خەۋپلىك ئىچكى كۈشەندىلىرى، بەدنىيەت - نادان سۇيىقەستچىلەر دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى.

* * * «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن * * *

... دۈشمەننىڭ يوشۇرۇن ھىيلە - مىكىرلىرىگە بىپەرۋالىق قىلما. چۈنكى، دۈشمەن 100 تۈرلۈك ھىيلە بىلەن ساڭا دۈشمەنلىك قىلىش غەرىزىدە بولىدۇ. دۈشمەننىڭ ھىيلە - مىكرىدىن ئەمىن بولما. دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى، ھىيلىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ تۇر. تاكى دۈشمەننىڭ ھىيلە - مىكىرلىرىنىڭ ئاپىتىگە گىرىپتار بولمىغايسەن. ۋاقتى كەلمىگىچە دۈشمەنگە ئۆزۈڭنىڭ دۈشمەنلىكىڭنى بىلدۈرمە. دۈشمەن كۆزىگە ئۆزۈڭنى قانچە چوڭ كۆرسەتسەڭ بولسا، شۇنچە چوڭ، ئۇلۇغ كۆرسەتكىن. ھەر قانچە ئاجىز بولساڭمۇ ئۆزۈڭنى ئاجىز كۆرسەتمە. دۈشمەننىڭ ئۇچۇق چىراي كۆرسىتىپ تاتلىق سۆزلىگىنىگە ئالدىنىپ كۆڭۈل بەرمە. دۈشمەن ساڭا بال ۋە شېكەر بەرسە، ئۇنى زەھەر دەپ بىل. ئەمما دۈشمەننىڭ ھەرقانچە ئاجىز، كىچىك بولۇشىمۇ ئۇنى تۆۋەن چاغلىما... دۈشمەندىن ئېھتىيات قىل. دۈشمەننىڭ چىرايلىق سۆزى بىلەن ئالدىنىپ، ئۇنىڭ ھىيلە - مىكىر تانىپىغا باغلىنىپ قۇدۇققا چۈشمىگەيسەن. دۈشمەننىڭ مەسلىھەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپقوي، ئەمما قوبۇل قىلما.

دۈشمىنىڭدىن يەتسە بۇلبۇلدەك ناۋا،
ئاڭلىغىل ئۇنى زەھەر داك ئوق - يارا.

— («قابۇسنامە»دىن)

ھەر تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئۆز ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان ئاپپاق خوجا مىلادى 1668 - ۋە 1669 - يىللىرى ئەتراپىدا ئۆزىنىڭ بىر قىسىم «مۇرىت»لىرىنى ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى (ئىلگىرى ئاساسەن «ئىسھاقىيە» سوپىلىرى دىنىي پائالىيەت قىلىپ كەلگەن جايلاردىكى — ئا) بەزىبىر چوڭ مازار، دىنىي ئورۇن، جايلارنىڭ ھەم ھەر خىل مازار ۋەخپىلىرىنىڭ ئىگىلىك ئىمتىيازلىرىنى «ئىشقىيە» كۈچلىرى ھېسابىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش، بۇنىڭغا كاشىلا تۇغدۇرغۇچى «ئىسھاقىيە»چى «قاراتاغلىق»لارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا «ئىشقىيە» قۇدرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇشقا قوزغاتقان ۋە ئۇيۇشتۇرغان. بۇنىڭدىن مەقسەت: بىرىنچىدىن، ئۆزىگە پايدىلىق جامائەت پىكىرىنى يەنىمۇ كۆپرەك تەييارلاش، ئىككىنچىدىن، رەقىبلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن، مۇقىم بازا جەھەتتىن، ئەنئەنىۋى مازار جەھەتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا كۆتۈرۈش ۋە ماددىي ئاساس مەنبەلىرىنى كېڭەيتىش ئىدى. بۇنى تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، قەشقەردىمۇ ئاپپاق خوجا زوراۋانلىقىنىڭ باشلىنىش قەدىمى دېيىشكە تامامەن بولاتتى.

مىلادى 1660 - يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە ئاپپاق خوجا سوپىلىرى قەشقەر، يېڭىسار، ئاقسۇ، مارالبېشى، مەكىت، پەيزاۋات، قاغىلىق، كورلا، كۇچا قاتارلىق 20 نەچچە جايدا ئۆزلىرىنىڭ رەسمىي دىنىي - ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلىرى ئورنىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان خاس «دەۋەتى ئىشقىيە» ئورۇنلىرىنى پەيدا قىلىشقان ھەم بۇ خىل ئورۇنلارنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن ئاپپاق خوجىنىڭ بارلىق سوپى - مۇرىتلىرىنىڭ ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىگە تۆلەيدىغان يۇقىرادارچىلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ تامامەن كېرەكسىز قىلىنغانلىقى ئىشارە قىلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپپاق خوجىچىلار «دەۋەتى ئىشقىيە» — «ئاشىق»لىرىنىڭ «خۇدايى غازات» گۇرۇپپىلىرىنى قۇراشتۇرۇپ، يۇقىرىدىقى جايلار بويىچە بىرەر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە، بىر نەچچە قېتىمدا 100 دىن ئارتۇق «ئىسھاقىيىچى» — «قارا تاغلىق»نى «كۇپرانە مۇرتەد»لىك ئەيىبى بىلەن قارىلاپ، ھەر خىل يوللار بىلەن مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن، قول - پۇتىنى كېسىپ كارىدىن چىقارغان، يىچىۋەتكەن، ئۆيلىرىنى، مال - مۈلۈكلىرىنى ئۆرتەپ تاشلىغان، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىغان. ئاتالمىش «ئىسھاقىيە ئوردىلىرى» يەنى «ئاقباش مازار»، «چىلگۇمبەز» (بۇ مازارلارنىڭ ھازىرقى ئورنى ئاقتۇ تەۋەسىدە)، «قارا چاپان»، «خىزىر جاي»، «ئاقيول»، «تومشۇق» (بۇ مازارلارنىڭ ھازىرقى ئورنى مارالبېشىدا)، «ئۈچ بورقۇم»، «مۇڭگۇز جاي» (بۇ مازارلارنىڭ ئورنى ھازىرقى يوپۇرغا تەۋەسىدە)، «شەھىد دۆڭ»، «سۇتبۇلاق»، «چىراغلىق ئەۋلىيا»، «ئەۋلىيا خېنىم» (بۇ مازارلارنىڭ ئورنى مەكىت تەۋەسىدە — ئا) قاتارلىق 40نەچچە مازارنى چۇۋۇپ - بۇزۇپ، ئىگىلىك مەبلەغلىرىنى بۇلاپ - تالاپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. بىر قىسىم جايلاردا «قارا تاغلىق»لارنىڭ 60 نەچچە خانىقا، تونەكخانىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان.

ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەسەبىي كۈچلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل رەزىل قىلمىشلىرىنى ئاپپاق خوجىنىڭ ئاتىسى — مۇھەممەد يۇسۇپ خوجىنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتكەن «يەكەن ئىسھاقىيىچىلىرى» ھەم ئۇلارنىڭ كۈچلىرىدىن ئېلىنغان «ھەقلىق ئىنتىقام»، «قەرزى ھېساب كىتاب» دەپ بىلىشەتتى.

ئاپپاق خوجا كۈچلىرىنىڭ بۇ خىل چېكىدىن ئاشقان مەخپىي قىرغىنچىلىق، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن «ئىسھاقىيە» كۈچلىرى بولۇپمۇ «يەكەن ئىسھاقىيىچى»لىرىمۇ چېكىدىن ئاشۇرۇۋېراق ئۈچ ئېلىش جاۋابلىرىنى ياندۇرۇشۇپ تۇرۇشماقتا ئىدى. نەتىجىدە مىلادى 1671 - يىلىنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە بۇ خىل توقۇنۇشلار (ئەمەلىيەتتە ئىچكى «دىنىي» ئۇرۇشلار — ئا) تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ئىسمائىلخان خانلىقىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرىگە خەۋپ شەكىللەندۈرگەن، ھالاكەتلىك چوڭ ھادىسىگە كۆتۈرۈلگەن. مىلادى 1671 - يىلىنىڭ ياز پەسلىگە كەلگەندە ئاپپاق خوجا سوپىلىرى ئىسمائىلخان ھۆكۈمىتىنىڭ توسۇش - چەكلەش ھەققىدىكى بۇيرۇق، پەرمانلىرىغا پىسەنت قىلماي، يەكەنگە 6 - قېتىم قول سېلىپ، بىر قىسىم «قارا تاغلىق»، «مۇرتەد مۇتەۋەللە»لەرنى كالتەكلەشكە باشلىغان. بۇنى ئەمەلىيەتتە ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىگە قىلىنغان زور كۆلەملىك جىسمانىي خىرىس - شەكلى ئۆزگەرگەن ھەربىي، سىياسىي ھۇجۇم دېيىشكە بولاتتى.

دېمەك، تارىختىكى ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى ئەنە شۇ خىل «مۇسۇلمان ئىششان» (قارابېسىش سۈيىقەستچى)نىڭ تۇنجى قېتىملىق ئاغدۇرۇۋېتىش خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى، بۇنى بىر

مىللىي ھاكىمىيەتكە ئىشلىتىلگەن «دىنىي» تېررورلۇق، «دىنىي» خانىلىق دېيىشكە بولاتتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا بارلىق مۇرەسسە، مادارا، ئېھتىيار، سۈكۈت، دۇئا، يان بېرىشلەرنىڭ ھەر قانداقى ئاقمىغان، بەۋقۇلئاددە يامان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئىسمائىلخان ھۆكۈمىتى ئاپپاق خوجىغا زورلۇق كۈچ تەدبىرىنى قوللىنىپ بىر نەچچە شېرىكى بىلەن ئۇنى خانلىق تەۋەلىكىدىن چەتئەلگە (خۇراسانغا — ئا) ھەيدەپ چىقارغان. ئۇنىڭ باش كېسەر شېرىكلىرىدىن تېگىشلىكلىرىنى جازالاپ، خانلىقنىڭ ۋەزىيىتىنى ئوڭشىۋالغان.

ئاپپاق خوجا ئىسمائىلخان تەۋەلىكىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن بىر نەچچە شېرىكى بىلەن قوغلاندىلىق سەپىرىنى باشلاپ، مىلادى 1671 - يىلى 9 - ئايدىن 1678 - يىلى 6 - ئايغىچە يەتتە يىلدىن جىقراق ۋاقىت ئىچىدە ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ بەدەخشان شەھىرىنى ھەرىكەت مەركىزى قىلىپ، راجىسدان (كەشمىر)، ۋاخان، پەرغانە، كاسان، ئىلى، تىبەت، ھىرات، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا سوپى- ئىشانلىق قىلىپ يۈرۈپ، ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئورنىغا چىقىپ «خان»لىق تىكلەش، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ «دىنىي» يولىنى تۇرغۇزۇش («تۈركىستان پىرى» بولۇپ، مەڭگۈ دەۋران سۈرۈش) ھەرىكىتىگە تەييارلىق كۆرۈش بىلەن مەشغۇل بولغان (ئاپپاق خوجىنىڭ 1671- يىلىدىن 1678 - يىلىغىچە بولغان قوغلاندىلىقتا داۋام ئەتكۈزگەن جىنايى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا مەزكۇر چوڭ ماۋزۇيىمىزنىڭ «نوقانچى ھازازۇللار» قىسمىدا تەپسىلىي توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە ھازىرچە توختالمىدۇق. بۇ ھەرگىزمۇ ئارىلىق ئۆزۈكچىلىكى ئەمەس، قەلەمكەشلىك ھۈنىرىمىزنىڭ تېماتىك رېتىم — پەلەمپەي ئارىلىقىدۇر، غەيرىدىلىك سېزىلمىگەي. مۇئەللىپ).

ئاپپاق خوجا قوغلاندىلىق سەپىرىدە نۇرغۇن چەتئەل ۋە چەت يۇرتلارنى ئارىلاپ، ئىسمائىلخان ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرىنى ئىزدىگەندىن كېيىن، ئاخىرى دالاي لاما 5 نىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولۇپ، غالدان قۇنتەيجى باشچىلىقىدىكى جۇڭغار ھەربىي كۈچلىرىنىڭ كۈچى بىلەن مىلادى 1679 - يىلى كۈزدە سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى- ئىسمائىلخان، مۇھەممەد ئىمىن خانلار ھاكىمىيەتلىرىنى ئەلتۈكۈس ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭغار ئىلكىدىكى قەشقەرىيە ئاپپاق خوجا «خان» لىقىنى تەشكىل قىلغان. بۇ «خان» لىقنىڭ تەشكىللىنىش جەريانى ۋە خاراكتېرى توغرىسىدا ئۇيغۇر تارىخچىسى مولla مۇسا بىننىي خوجا ئەيسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» دېگەن كىتابىنىڭ 130-،131 - بەتلىرىدە مۇنداق يازغان: «... ئاپپاق خوجا قۇنتەيجىگە ئۆزىنى تاشلاپ: «ماڭا چېرىك بەرسىڭىز، ئالتە شەھەرنى سىزگە تەۋە قىلىپ ئىلكىڭىزگە ئۆتكۈزسەم» دېگەن مەزمۇندا ئەرز قىلدى. قۇنتەيجى ناھايىتى خۇشال بولۇپ.... چېرىك قوشتى. ئاپپاق خوجا قالماق قۇنتەيجى مۇشرىك (خۇداغا شېرىكلىك قىلغۇچى — ت) نىڭ مۇددىئا ۋە ياردىمى ئارقىسىدا يەتتە شەھەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئىسمائىلخاننى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ئىلىغا كۆچۈرۈۋەتتى. ئاپپاق خوجا بۇ يەتتە شەھەرگە ئىگە بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى... قالماقلاردىن غالدان سىرىن... يەنە بىر قانچە قالماق ياردەم بېرىپ، بۇ يەتتە شەھەر ئىشلىرىدىن خەۋەر ئالىدىغان بولدى... بېرىدىغان سېلىق، تۆلەملەرنىڭ مىقدارى يىلدىن-يىلغا كۆپەيدى...» ئەيئەزىز ياراندار ئۇ زاماننىڭ سەئىد، پېشۋالىرى ۋە باشلامچىلىرى ئۆز

ھۆكۈمرانلىقى ئۈچۈن دىنسىز - مۇشرىكلەرنىڭ خىزمىتىنى لازىم تۇتۇپ، ئىسلام پادىشاھلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە كاپىرلارنى ئولتۇرغۇزغاندىن باشقا، يەنە زۇلۇم، قەبىھ ئىشلارنى بەيدا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل ۋە مال - دۇنياسىنى كاپىرلارغا ئېلىپ بېرىپ، بەش كۈنلۈك دۇنياغا مەغرۇر بولۇپ ئۆتۈپتۇ...»

خائىن پادىشاھ بولسا پادىشاھلارنىڭ خائىنى بولغاي،
پادىشاھ خائىن بولسا خائىنلارنىڭ پادىشاھى بولغاي.
— ئۇيغۇر خەلق نەقىللىرىدىن

### 5. ئاپپاق خوجا «ھاكىمىيىتى»نىڭ بەزىبىر جىنايى پاجىئەلىرى توغرىسىدا

ئاپپاق خوجا قەشقەردىيىنىڭ «خان»لىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن، قەشقەردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدە ئاپپاق خوجا ۋە ئاپپاق خوجا كۈچلىرىنىڭ تۆرتكىسى ۋە بېسىمى بىلەن: 1) ئاپپاق خوجىنىڭ مۇتلەق «ئىلاھ»لىق ئورنىنى ھەممىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى ھەممە ساھەلەرگىچە سىڭدۈرۈش؛ 2) بارلىق ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى «ئىشقىيە تەرىقىتى» - (جاھالەت)گە يۈزلىنىپ بۇرۇلۇش (كونىلىقنى تىرىلدۈرۈشنى كۈچەپ يولغا قويۇش)؛ 3) «ئاق تاغلىق»لارنى «قارا تاغلىق»لارنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشقا، قىرىشقا سېلىش، ئۇيۇشتۇرۇش، «ئىسھاقىيە» يولىنى چەكلەش، تۈگىتىش؛ 4) «دىن» (ئەمەلىيەتتە ئاپپاق خوجا-«ئىشقىيە» يولىغا - ئا)غا راۋاج بېرىش؛ 5) بۇ ئالەم ۋەسۋەسىسى بىلەن بەنت بولغۇچى دەھرى مۇسۇلمانلار (ئىجتىمائىي تەرەققىيات يولىنى، ئىنسان ئازادلىقىنى، مۇھەببەت، نەپرەت، پەن، بىلىم، مەدەنىيەت... ساھەلىرىنىڭ ھەر قانداق تەسىرلىرىنى قوبۇل تۇتقۇچىلارنى - ئا)نى پەيلى - ئەپئاللىرىدىن توسۇپ يانىدۇرۇپ، خۇدالىق ئالەم - «ئاخىرەت»لىك «ئىستىقامەت» شەردىپىگە پاك يۈزلەندۈرۈش... ھەرىكەتلىرى جانلاندۇرۇۋېتىلگەن. زورلۇق كۈچ ۋە «دىنىي» جاھالەت ۋاستىلىرى بىلەن قانات يايدۇرۇلغان يۇقىرىقى ھەرىكەتلەرنىڭ ئازكەم 20 يىللىق (مىلادى 1678- يىلىدىن 1697 يىلىغىچە ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ باللىرى «خان»لىق قىلغان يىللار - ئا) يامان نەتىجىلىرىدىن تۆۋەندىكى جىنايى پاجىئەلەرنى خاتىرىلەپ، ئەسلەپ ئۆتۈش - ئاپپاق خوجىنىڭ، ئاپپاق خوجا ئىشانلىق تۈزۈمىنى چۈشىنىش - تەتقىق قىلىشتا تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.

#### 1. ئاپپاق خوجا - «ئىلاھ» لاشتۇرۇلغان ئىسلام رەھبىرىدۇر

«... ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپپاق خوجا) ئۆزىنى ئۆزىنىڭلا پىكىرىدىنى ئاساس قىلغۇچى، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى مەسىلىنى تارىخنىڭ ھۆكۈمىگە تاپشۇرۇشنى رەت قىلغۇچى، پاپاغا ئوخشاش مەڭگۈ گۇناھ قىلمايدىغان، سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى دانا - ئۇلۇغ زات ھېسابلايتتى» («يولسىز ئەقىدە»دىن).

ئاپپاق خوجا جۇڭغارلارنىڭ ھامىيلىقىدا قەشقەردىيىنىڭ «تەخت - سەلتەنەت»ىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، قەشقەردىكى مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئالدى بىلەن ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى، پەيغەمبەر ئىلمىنىڭ ۋارىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ شەك - شۈبھىسىز «ئىلاھىي خاقانى» - پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ «خەلىپىسى» دەپ قارىغان. ئاپپاق خوجا مۇنداق دېگەن: «... پىر دېگەن پەيغەمبەرگە ئوخشاش، مۇرت پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىگە ئوخشاش، پەيغەمبەرگە قانداق ۋەھىي كەلگەن بولسا، پىر - ئەۋلىياغىمۇ شۇنداق ۋەھىي كېلىدۇ... پەيغەمبەرنىڭ

مەرتىۋىسى ئەۋلىيانىڭ مەرتىۋىسى بىلەن بىر... مېنىڭ مۇرىتلىرىمنىڭ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ھەممە ئۆلۈكنى تىرىلدۈر دېسەم، ھازىر تىرىلىدۇ...» («تەزكىرە ھىدايەت»تىن). ئاپپاق خوجا ئۆزىنىڭ «ئىلاھىي خاقان»لىق «دەۋىتى» يولىنىمۇ ئاۋۋالىدىلا قانداقتۇر؛ «ئاشىق»لىق يولى، «خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى پىدا قىلىش يولى»، «خۇداغا يېقىنلىشىش يولى»، «پاكلىق بۇرادەرلىك يولى»، «ئىلاھىي ھەقىقەت يولى» دەپ شەرھىيلىگەن ھەم ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك «يول»لىرى بىلەن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا ئۆزىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن مۇتلەق زات ئىكەنلىكىنى، خۇداغا پەقەت ئۆزى ئارقىلىقلا ئىبادەت قىلىشنىڭ مۇقىم شەرت ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ «يولى»غا كىرمىگەن، ئەگەشمىگەنلەرنىڭ مۇسۇلمان ھېسابلانمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئىرادىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى ئىشارە ۋە بېشارەت قىلغان. دېمەك، قەشقەردىكى مۇسۇلمانلىرىنىڭ بارلىق مۇسۇلمانچىلىق ھەم پۇقرادارچىلىق ئۆلچىمى پەقەت ئاپپاق خوجا «يولى»، ئاپپاق خوجا «مۇسۇلمان»چىلىقى بىلەنلا ئۆلچىنىدىغان چەكلىك ھالەت شەكىللەندۈرۈلگەن. شۇڭا بىز ئۇ جەمئىيەتنى ئېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ھەقىقىي مۇسۇلمان، ھەقىقىي سەئىد يېتەكچىلىكىدىكى خاس خۇدالىق جەمئىيەت، ئىسلام راۋاجلانغان جەمئىيەت، مۇسۇلمانلار خۇدا يولىدا خاتىرجەم ئىبادەت قىلغان جەمئىيەت ئىدى، دەپ قارىيالمايمىز، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ئاپپاق خوجىنىڭ پاسسىپ قۇللۇق ئىدىيىسى، غەيرىي ئىدراك، غەيرىي «تۇغما تالانت»ى ھەممە كونا ئىشانلىق (تەرىقەت)، شەكىلچىلىك، سوخەنچىلىك، خۇنخورلۇق، زالىملىق، ئىنكارچىلىق، ئۆزىنى مەركەز قىلىش مەۋقەلىرى، ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەشكە، مەدەنىيەتكە، پەنگە... قارشى ئاق ئىدىيىۋى ھۆكۈمرانلىقىدا ئۆتكەن، بەۋقۇلئاددە زۇلمەتلىك قاراڭغۇ جەمئىيەت — جاھالەتلىك جەمئىيەت دەپ تونۇيمىز. ئاپپاق خوجىنىڭ «ئىلاھىي خاقان»لىق غالىبلىقى بىلەن مۇسۇلمان ئەھلى ئالدىدا ئىسلامغا زىت سادىر قىلغان بەزىبىر جىنايى قىلمىشلىرىدىن تۆۋەندىكى مىساللار بۇ قارىشىمىزنىڭ دەلىلىدۇر:

ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ «ئاق تاغلىق» كۈچلىرى مىلادى 1679 - يىلىدىن 1683 - يىلغىچە بولغان تۆت-بەش يىل ئىچىدە قەشقەردىكى تەۋەسىدىكى ئاساسلىق شەھەر، بازار ۋە كوچۇم ئاھالىلەر مەركەزلىرى بويىچە «قارا مۇسۇلمان ئازما»لىرى («قارا تاغلىق»لارنىڭ دىنىي ئىبادەت، مۇراسىم ئورۇنلىرىدىنى - خانىقا، مەدرىسە-مەكتەپ، تۈنەكخانا، مازار ۋە باشقا تاۋابىخانىلار-ئا)نى «دىنىي ئىسلام» كۈچى ۋە ھۆكمى بىلەن ئەمەلىدىن قالدۇرۇپ (بۇزۇپ - چېقىپ)، ئورنىغا «قۇتبىل ئەقتاب»، «غەۋس»، «مۇرشىد»، «خەلىپە»لىك زۇرۇردىيە تېچەلىكىدىكى «پاك ئىمان» كۈلىبىلىرىنى بەرپا قىلىش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرغان. «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت»تە كۆرسىتىلىشىچە، ئاپپاق خوجا «ئىشقىيە» كۈچلىرىنىڭ يۇقىرىقى يىللار ئىچىدە خاسلا شۇ چاغلاردىكى يەكەن، خوتەن تەۋەلىرىدىلا چېقىپ تاشلىغان «قارا مۇسۇلمان ئازما»لىرىنىڭ سانى 400دىن ئېشىپ، «قارا تاغلىق»لارنىڭ ئاساسلىق — چوڭراق دىنىي ئىبادەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈگىتىۋېتىلگەن. «بورقۇم ئەۋلىيا»نىڭ مۇئەللىپى — مىلادى 1929 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن قاغىلىق ئازغانساللىق مەرھۇم ئۇستاز سۇلتانباي ھاجىم بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازغان: «پىردىيانە ياركىنىد، شەھدانە خوتەن تۇپراقىدا كۆمۈلگەن ئۇلۇغ ۋەلى ئەزىزانلەر — ‹قىرقى ۋەلىمۇللا›، ‹دەھىمى شاھان›، ‹ھەشتان سەنەم›، ‹ئالتۇنلىرىم›،

«بەردەخشان»، «يۇسۇپ قەدىرخان»، «كۆچەتلىك ئاۋا مۇسلىم»، «ئىمامىلىرىم»، «قارا چاچ ۋە لىتۇللا»، «قۇتبى ئابدۇللا خان»، «قاراسار»، «شاھاب»، «چىلتەن»، «زەردەشت ۋەلىتۇللا»، «چىراغلىق»، «ئىمام جەئفەر تەيران»، «قۇمات»، «مۇھەممەد ھەنەپ ئەسكىرى»... (17 ـ ئەسىردىكى بۇ دىنىي ئىبادەت ئورۇنلىرىنىڭ ھازىر بەكەن، قاغىلىق، پوسكام، ئۇما، قاراقاش، چىرىيە... ناھىيىلىرىدە قالمىش خارابىلىرى ـ «مازار» خارابىلىرى شەكلى بىلەن ساقلىنىپ كەلمەكتە ـ ئا) لەر ھەزرىتى ھىدايىتۇللاخان پادىشاھ زامانىدا قايتىدىن مەنسۇخ مەقبەرە ۋە ئورتەنمە ـ كۆكۈم بولۇنمان ئىرىدلەر... كۆيدۈرگەن، مەنسۇخ قىلغان ئۇلۇغلارغا ۋە ياكى كۆيدۈرۈلگەن، مەنسۇخ قىلىنغان ئەرىزىلارنىڭ روھىياتلىرىغا ئىلاھىي قۇدرەت، كارامەتنى بىشارەت چۈمىلىسىدىن دۇئا قىلماق، سېغىنماق ئۇ چاغلاردىن بۇيان شەك بولۇپ ئۆتۈپتۇرلەر...»

دېمەك، ئۆزىنى «مۇسۇلمان ئەۋلىيا»، «ئىلاھىي خاقان» ۋە «خۇدانىڭ يەككە يېگانە ئاشىقى» دەپ ئاتىغان ھىدايىتۇللاخان پادىشاھ قەشتەرىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ زەربە ھۇجۇمىنى ئالدى بىلەن تارىختىن بۇيان ئىسلام نەمۇنىسى، «يەككە خۇدالىق جاي» بولۇپ كەلگەن يۇقىرىقى تاۋابخانىلارنى يەنى ئاساسەن مازار، مەدرىسە ـ مەكتەپ، خانىقا، مەسچىت، دىنىي ئاسارە ـ ئەتىقە ئورۇنلىرىنى ئاتالمىش «قارا مۇسۇلمان ئازمالىرى «ئەيىبى» بىلەن كۆيدۈرۈپ، بۇزۇپ تاشلاشقا قاراتقان ياكى «خۇدايى ئىشقىيە» ماكانلىرىغا ئايلاندۇرۇپ كەتكەن.

«تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قوليازمىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاپپاق خوجىنىڭ ئاز كەم 20 يىللىق ھۆكۈمرانلىقى زامانىدا ئىسمائىلخان خانلىقى زامانىدا قەشقەرىيەدە ساقلىنىپ كەلگەن 1690 ئورۇندىكى مەكتەپخانا، 573 مەدرىسە، 438 ھامام كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، «ئىشقىيە» چىلەر ئىلكىدىكى «ئاق خانىقا» دائىرىسىگە قوشۇۋېتىلگەن، چېقىۋېتىلگەن («ئاق خانىقا» ئاپپاق خوجا يولى بويىچە يۇرۇشتۇرۇلگەن «ئاق خانىقا»لار ئەلۋەتتە ـ ئا). ئەسلىدە ساقلىنىپ كەلگەن 948 ھەر خىل خانىقا «ئاق خانىقا»لارغا ئۆزگەرتىلگەندىن باشقا، يېڭىدىن 5800 «ئاق خانىقا» بەرپا قىلىنىپ، پۈتۈن دىنىي ۋەخپە، دىنىي مۈلۈكلەر شۇ خانىقالارنىڭ ئىگىلىك ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېتىلگەن. ئەزەلدىن ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن دىنىي مالىيە، دىنىي خىراجەت ۋە تاپاۋەتلەرنىڭ، خەيرى ـ ئېھسان بېرىش، ئېلىش، دىنىي قۇتقۇزۇش ھەم دىنىي قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈن مۇلازىمەت تەقدىرى تەلتۆكۈس «ئاق تاغلىق» ـ «خەلپە» ـ سوپىلارنىڭ ئىگىلىك ئىلكىگە تاپشۇرۇۋېتىلگەن. «تەرىقەتى ئىشقىيە» گۈلەخ، ئەمىدان، «ئىشقى كۈلبە»لىرى قەشقەرىيەدىكى 3784 يېزا ـ كەنت بويىچە ئومۇميۈزلۈك بەرپا قىلىنغان، نەشە چېكىپ «ئاشىق»لىق قىلىش ـ قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق خىسلەت ئۆلچىمى قىلىنىشىدىغان «خۇدايى ئادەت» ئومۇملاشتۇرۇلغان. چاڭگا چاچ، سىركە ساقال، جۇل چاپان، چۆلە مەست، قاسماق تەن، ماكانسىز، قوڭالتاق ... بەڭگى دىۋانە، كۆكەمە ئاشىق، رەزگى چاتاقچى «ئىشقىيە» سوپىلىرى (ساراڭلارچە ھاياتقا قەدەم قويغان «ئاشىق»لار) 300 مىڭ ئەتراپىغا كۆپىيىپ، قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ «ئەڭ ئىمانى كامىل» ۋەكىللىرىدىن بولۇپ تۇرغان.

ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ كۈچلىرى ئۆزلىرى (ئاپپاق خوجا ـ ئا)نى ھەددىدىن ئارتۇق مەدھىيىلەپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى كۆككە كۆتۈرگەن «پىر»، «ۋەلىي»، «ئۇستاز»لىرىنىڭ قەبرە ـ زىيارەتگاھلىرىنى «مازار» تىكلەپ، خۇددى «بور قۇم ئەۋلىيا»دا كۆرسىتىلگەندەك: «مەدىنە مۇنەۋۋەرىدىكە ئەمەس «مۇقەددەس چوڭ مازار»، «مۇقەددەس جاي»لارغا بارماق پەرز دېيىلگەن...».

دېمەك، ئاپپاق خوجا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ئەھكاملىرى، قۇرئان يولى ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمان ئۈچۈن رىئايە قىلىش قەتئىي شەرت بولغان ئىسلام ئۇقۇمىنى، ئىسلام تۇرمۇشىنى، ئىسلام ئەنئەنىسىنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇددىئاسى ھېسابىغا توغرىلاپ بۇزۇپ پايدىلانغان ئىسلام زىيانكەشى ۋە ئىسلام رەقىبىدۇر.

## 2. ئاپپاق خوجا — خۇنخور، قاتىل زاتتۇر

ئاپپاق خوجا مىلادى 1678- يىلى 6- ئايدا غالدان قۇنتەيجى قوشۇپ بەرگەن، غالداننىڭ ئوغلى سىرىن رابدان قوماندانلىق قىلىدىغان تاللانغان 12 مىڭ كىشىلىك جۇڭغار قوشۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر تەۋەسىگە بېسىپ كىرىپ، ئىچكى جەھەتتە بىر قىسىم «ئاق تاغلىق» خوجىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، قاتتىق جەڭلەر ئارقىلىق قەشقەر شەھىرىنى تۇنجى قېتىم بېسىپ ئالغاندا، ئۇرۇشتا تىرىك قولغا چۈشكەن ئىسمائىلخان ياساۋۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك جۇڭغار چېرىكلىرىنىڭ چېپىپ تاشلىشىغا ئەمىرى ئىلتىماس قىلغان، ئاپپاق خوجىنىڭ «ئۇلۇغ سەئىد»لىك، «دىنىي شاپائەت»چىلىك تەرىپىنى غايىبانە ئاڭلاپ، خۇدا يولىدىكى سۇلھى - سالاھ ۋە مۇسۇلمانچىلىق مادارا ئارزۇسى بىلەن قارشىلىق ئۇرۇشىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا كىرگەن ئىسمائىلخاننىڭ ئوغلى (قەشقەر ھۆكۈمرانى) باباق سۇلتان ئاپپاق خوجا تۇرالغۇسىنىڭ قوبۇل ئەيۋانىدا 31 ھەمراھى بىلەن دۇئا قول ھالەتتە ئۈن - تىنسىز بىر باشتىن چېپىپ تاشلانغان. ئاپپاق خوجىنىڭ غالىب شېرىكلىرى بىلەن يەرلىك «مۇرىت» — «يارانلىرى»مۇ (ئەمەلىيەتتە «ئاق تاغلىق» سوپىلار — ئا) بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قەشقەر شەھىرى تەۋەسىدىكى «قارا تاغلىق» — «ئىسھاقىيە»چىلەردىن قولغا چۈشكەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىگە ئەن سېلىپ (پىچىپ تاشلاپ، قۇلاق-كۆزلىرىنى ئويۇۋېلىپ، قول - پۇتلىرىنى چېقىپ ياكى تىلسىز قىلىۋېتىپ ...) تۆۋە قىلدۇرغان.

ئاپپاق خوجا ھەم ئۇنىڭ كۈچلىرى 1678- يىلى 9- ئايدا يەكەن شەھىرىنى بېسىپ ئالغاندا. يەكەن چوڭلىرىدىن قولغا چۈشكەن 81 ئەربابنى باغلىتىپ، يۈرىكىنى تىلىپ- چىقىرىپ ئۆلتۈرگۈزگەن. يەكەن شەھىرىنىڭ ئاساسلىق كوچا، ئۆي- ئىمارەتلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن، جۇڭغار ئەسكەرلىرىگە بۇلاڭ- تالاڭ قىلدۇرغان ھەم جۇڭغار ئەسكەرلىرىنى بۇيرۇپ يەكەن ئالتۇن مەدرىستە جۈمە نامىزىغا تىزىلغان مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلماننى قىرغىن قىلدۇرغان. مەدرىسىنىڭ 360 ئېغىزلىق ھۇجرىسى بىلەن مەدرىس بىناسىنى كۆيدۈرگۈزۈۋەتكەن. 10-ئايدا يېڭىسار، مەكىت، يەكەن، قاغىلىق، قەشقەر، گۇما قاتارلىق 19 ناھىيە، شەھەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ غەلىبە تەنتەنىسىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن يۇقىرىقى جايلار بويىچە 120 ئورۇندا «قارا تاغلىق»لار يېتەكچىلىرىدىن 400 دىن ئارتۇق «قارا مۇسۇلمان»غا ئۆلۈم جازاسى بەرگەن. 1300 دىن ئارتۇق «قارا تاغلىق»نىڭ ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، «جىن سۈرگۈن» (ئەل كۆزىدىن غايىب چۆل- جەزىرىلەرگە كېتىپ، جىن- ئالۋاستىلارغا قوشۇلۇپ كېتىش- ئادەملىكتىن جىن- شاياتۇنلارغا ئايلىنىپ كۈن ئېلىش جازاسى— ئا) قىلىۋەتكەن. يەر- زېمىن، مال- مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ «خان»لىق ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان.

«... ھەزرىتى ئەزىزان ئاپپاق خان پادىشاھى ئالىيلىرى (خۇدا نۇرلۇق قىلسۇن ئۇنىڭ تەۋەررۈك قەبرىسىنى) زامانلىرى 16 يىل 10 ئاي، سەككىز مىڭ تۈن، ئىككى يۈز تۆت تولۇنئاي ۋاقىت ھېسابى بىرلە قارار تاپقان ئىكەنلەر... ئۇ زاتنىڭ ۋاقىئاتلىرىگە شاھىد ۋە ۋۇزەر كاتىبلىق (ۋەزىر كاتىبلىق— ئا) قىلغانلار ئول ۋاقىت— زامانىمىدا 11 غازات، 18 لەك (18 تۈمەن — ئا) قەتلە ناماز (جەڭدە ئۆلگەن، ئۆلتۈرۈلگەنلەر نامىزى— ئا)،

ئىككى يۈز ۋاقىئات بولغان دەپ يازىدۇلەر ...» («بۇزرۇقۇم تەۋلىيا»دىن). دېمەك، بۇ خاتىرىدىن بىز ئاپپاق خوجىنىڭ قەشقەرىيىگە «خان»لىق قىلغان چاغلىرىدا 11 قېتىم چوڭ قىرغىن فاجىئەسى قىلىپ (غازات — ئۇرۇشقا كىرىشكىلى بولمىدىغان، چېكىنىشكە زادىلا بولمايدىغان، قېرى- ياش، چوڭ- كىچىك ئايرىماي قارىمۇ-قارشى تەرەپلەر بىر- بىرىنى تەلتۆكۈس قىرغىن قىلىشىدىغان ئىسلام ئىچكى ئۇرۇشى — ئا)، 18 تۈمەن يەنى 180 مىڭ تەندۇرۇس، يارامىلىق ئەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى، ئاپپاق خوجا زۇلمىغا قارشى 200 قېتىمدىن جىقراق ۋەقە چىققانلىقىنى ھېس قىلىمىز. بەزىبىر تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، ئاپپاق خوجا كۈچلىرى مىلادى 1680- يىللارنىڭ باشلىرىدا «قارا تاغلىق بەدنىيەتلەر»نىڭ پەيلى يامان «سوبەك»لىرىگە قارشى «مەھەللىۋى غازات»ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇدۇللۇق قولغا چۈشكەنلەردىن 3000 دىن ئارتۇق كىشىنى ئىلگىرى- كېيىن «بالاقۇم»، «قۇم قوسار»، «ئاقتالا»، «يۇزقۇم»، «چىقىرما»، «تەلۋىلەر»، «لالىلار»، «پەيدۈك»، «قىزىل»، «كورۋات» قاتارلىق جايلارغا يۆتكەپ، 11 قېتىمدا تاش بوران قىلىپ (چالما- كېسەك قىلىپ — ئا) قىرغىن قىلىۋەتكەن. بۇ قۇربانلار قىرىلغان جايلارنى يەكەن، مەكىت، قاغىلىق، پوسكام خەلقى تارىخىنى بويان «شەھىدلىك» نامى بىلەن ئەسلەپ كەلمەكتە.

### 3. ئاپپاق خوجا — ۋەدە، قەسەم خائىنىدۇر

«... يەكەن خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان ھىدايىتۇللا ئىشان ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشى بىلەنلا ‹قارا تاغلىق›لارنى دەھشەتلىك باستۇرغانلىقتىن... خوجا شۇئەيىپ باشچىلىقىدىكى ‹قارا تاغلىق›لار (يېتەكچىلىرى) كەشمىرگە قېچىپ كەتكەن. خوجا ھىدايىتۇللا بىر مەزگىل ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ئالغاندىن كېيىن ‹قارا تاغلىق›لارنى تۈپ ئاساسىدىن يوقىتىش مەقسىتىدە خوجا شۇئەيىپكە: ‹ئەلۋەتتە كەلگەيلەر. ھەر نېمە رىسە بىساتىمىزدا باردۇر. دەرمايان كۆرگەيمىز... ئاۋۋالقىدىن خوپراق تۇرغايلا...› دەپ خەت يازغان. بۇنىڭغا ئىشەنگەن خوجا شۇئەيىپ بالا- چاقىلىرىنى ئېلىپ، بىر قىسىم ھەمراھلىرى بىلەن كەشمىردىن يەكەن تۇپرىقىغا قەدەم قويغان دولىمۇ... تىزناپ دەرياسى (قاغىلىق دەرياسى — ئا) بويىغا كەلگەندە ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن ئالدىن مۆكتۈرۈپ قويۇلغان 400 نەپەر دىۋانە سوپىلار يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىدىن سەكرەپ چىقىشىپ، خوجا شۇئەيىپنى ۋە بىللە كەلگەن مۇرت- مۇخلىسلىرىنى تۇتۇپ، تاغارلارغا سولاپ دەرياغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋېتىشكەن...»(قەشقەر: «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» 1985- يىل 1- سان نەشرى 8- بەت).

ئاپپاق خوجا باشلاپ كەلگەن جۇڭغار قوشۇنلىرى ئاپپاق خوجا كۈچلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن 1678- يىلى 10- ئايدا قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ «ئاپپاق خوجا خانلىقى» قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىغان بولسىمۇ، لېكىن قەشقەرىيە خەلقى بۇنىڭغا قەتئىي تەن بەرمىگەن. 1679- يىلى ئەتىيازدا ئىسمائىلخاننىڭ ئىنىسى — ئۇچتۇرپان ھاكىمى مۇھەممەد ئىمىن خان (ئىمىنخان) باشچىلىقىدا ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى تاجاۋۇزچى كۈچلەرگە قارشى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنى قەشقەرىيە زېمىنىدىن قوغلاپ چىقارغان: 30 مىڭىنى تۇتۇۋېلىپ، تۆۋە قىلدۇرۇپ ئەل قىلغان. يېڭىلىپ رەسۋاسى چىقىپ قېچىپ كەتكەن ئاپپاق خوجا ئاخىر 2- قېتىم يەنە جۇڭغار كۈچلىرىنى باشلاپ كېلىپ، يەنىلا كۈچى يەتمەسلىكىنى پەملەپ، مۇھەممەد ئىمىن خانغا: «... سەئىدلەرگە ئىتائەت مۇلازىمىتىدە بولماق، دۇئاسىنى ئالماق، نەزەر ئېتىبارلىرىدىن ئۆتمەك — ئاللاھ رازىلىقىدۇر... ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ پېشىمنى تۇتقان

ھەممە ئەھلى ئۇممەت بېھىش ساۋابى كۆرگەي، ھەر ئىككىلا ئالەملىك دەرد- ئەلەم، زەخمەت- نادامەت، ھەسرەت- خۇسۇمەتلەردىن پاك، خالىي، بەد گۇمان بولغاي...» دەپ خەت يازىدۇ، جاۋاب كەلمىگەندە ئۆزى كېلىپ كۆرۈشۈپ: «... ئالىي خانىمىز ئۆزلىرى بولغايلەر. قان تۆكمەك مۇتلەق جايىز ئەمەستۇر... ئۆزلىرىگە خۇدايى ھەمراھ بولماق ماڭا نېسىپ بولدى...» دەپ قەسەم ۋەدىسى قىلىپ، ئۇ زاتقا كۆيئوغۇل بولۇش تاماشىسىنى بايان قىلىدۇ، مۇھەممەد ئىمىن خان خۇدالىق قەسەم شاراپىتى بىلەن خوجامغا قول بېرىپ، قېيىن ئاتىلىق ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ. ۋەزىيەت «خۇدالىق ئالەم يۇمشاقلىقى» بىلەن يۇمشاپ، ئاخىرى «شەھەرنى بىرگە سوراش جۇمە كېلىشىمى» تۈزۈلىدۇ. ئاپپاق خوجا كۈچلىرى (جۇڭغار كۈچلىرى بىلەن بىرلەشكەن يەرلىك يالانىما كۈچلەر — ئا) بۇ «كېلىشىم» بويىچە ئۈچتۇرپانغا «تىنچ» كىرىپ، ۋەزىيەت ئاپپاق خوجا پايدىسىغا يۈزلىنىدۇ. ئۆزىنى ئوڭشىۋالغان ئاپپاق خوجا «كېلىشىم»نىڭ 20 جۇمەلىك ۋاقتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن 21- جۇمە كۈنى كېچىدە ئۆزىنىڭ تاللانغان پىچاقچى مۇرىتلىرىنى بۇيرۇپ، مۇھەممەد ئىمىنخاننى 19 مۇلازىم شېرىكى، ئۈچ پەرزەنتى، ئىككى مېھمىنى بىلەن قوشۇپ جەمئىي 24 كىشىنى ھېچقانداق شەپە- ھىد بۇسىنى چىقارماي پىچاقلىتىپ (بوغۇزلىتىپ، پىچاق سالدۇرۇپ— ئا) ئۆلتۈرۈپ «ئوت كەتكەن كېچە» قىلىپ كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىۋېتىدۇ (يۇقىرىدىقى سانلار بىلەن خاتىرىنىڭ مەزمۇنى «بورقۇم ئەۋلىيا»دىن ئۆزلەشتۈرۈلدى— ئا).

### 4. ئاپپاق خوجا-مەرىپەت ۋە ئەھلى مەرىپەتچىلەر كۈشەندىسىدۇر

يېتەرلىك تارىخىي ئاساسلاردىن بىلىشىمىزچە، ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ «ھاكىمىيەت»كۈچلىرى زامانلىرىدا قەشقەرىيىدە قەتئىي، مۇقىم، دائىم، تەركىسىز تۈردە قاتتىق مەنئىي ئېتىلگەن ئىجتىمائىي ئىنسانچىلىق پائالىيەتلىرىدىن بىرى-مەۋجۇتلانغان ۋە مەۋجۇتلىنىدىغان ئىجتىمائىي پۈتۈكچىلىك، قەلەمىي ئىجادىيەت، ئىجتىمائىي قەلەمكەشلىك، تۇرمۇش خەتچەكلىچىلىكى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم ۋە ئورۇنلارنى چەكلەش، يوق قىلىش، دىۋان، كىتاب، رىسالە، ئۇلام خەت (ئېلان)، ئىلمىي شەكىل (خەرىتە، چېرتيوژ.... ئا)، نەزم، قوشاق، دەپتەر، مۇئامىلات، ھادىسە، چەك، پاچىنە، ئاقمۇت... لەر ھەققىدە «كۇفرانىلىقى ئايان» — «جەدىد بايان» لىرىنى يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈۋېتىش، «خۇدايى ئىلمىي غايىب»، «خۇدايى رىسالە»، «خۇدايى نەپەس مۇبارەك» لەرگە راۋاج بېرىش بويىچە «تاغدەك ئۇلۇغ» ئىشلارنى جانلاندۇرغان.

بۇ ھەقتە قولىمىزدىكى خاتىرىلەردىن بەزى مىساللارنى مۇنداق خاتىرىلەيمىز:

«ھەزرىتى ئاپپاق ‹خان› لىق زامانىدا خانلىق مەدرىسلەر، مەھكىمە شەرئىيلەر، خانلىق، بەگلىك ئوردىلار، مەرتىپەتخانىلاردا، ئەللامە، ئۆلىما، قازى كالانلار ھويلا ئارامىلىرىدا، بۇت-ھەيكەل، ساز- مۇزىكا، رەسىم- نەققاش، باسما، ئويما، ... قاتارلىق مۈلكىي ھاراملىقلارنى پەيدا قىلغۇچى، تارقاتقۇچى ... جاي، ئورۇن ۋە كىشىلەر ئېلىكىلىرىدە تۇرغان «نوسخەندە»، «سىنەنامىسى» لەر، دېھرىلەرداممىدىكى كىتاب، رىسالە، شەكىل، يازما، سىزما ‹قەلەم قوسما› لىرىنى پاك زېمىندىن تازىلىماق، ئەھلى مۇسۇلمانلارنى ئۇ خىل ئازغۇن قەلەمىي لەنەت كۆپارلار دامىدىن ساقلاپ قالماق-خۇدا رازىلىقى ئۈچۈن ‹ۋاجىپ› قىلىنغان ئىدى...» (« بورقۇم ئەۋلىيا»دىن).

«... ئاپپاق خوجا بىرىنچى بولۇپ قۇرئان، ھەپتىيەكتىن باشقا پۈتۈن كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان... مەشھۇر ئالىملارنى، مەرىپەتپەۋەر كىشىلەرنى، ئەدىب، تەرجىمانلارنى دارغا ئاسقان... بەزىلىرىنى سۈرگۈن قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ

يىللىق تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرى كۆلگە ئايلىنىدۇ. كىشىلەر چۈش كۆرۈشكە ئىمكانى بولمىغان، قولغا ئۆگىتىش ئالدىدىكى قارچۇغىغا ئوخشاش يامان شارائىتتا قالغان» («يەكەن تارىخى» دىن).

(ئاپپاق خوجا زامانىنىڭ ھەر ساھەدىكى جىنايى تارىخى توغرىسىدا! مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 1987-يىل 4-سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئاپپاق خوجا توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ كۆرۈش كۇپايىدۇر-ئا)

ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى قەشقەرىيىنى ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن «قارا تاغلىق» «گۇناھكار»لارنى قاتتىق باستۇرغاندىن ئۆلەك، سەئىدىيىلەر زامانلىرىدا ئەنئەنە بولۇپ، خەلق ئادىتىگە سىڭىپ تۇرغان ئون خىل زاتقا ھۆرمەت ئېتىۋاردا بولۇشنى تەرك ئەتكەن. بۇ ئون خىل زات: ئاتا-ئانا، ئۇستاز، ئالىم، تېۋىپ، ئەدلە سىپاھ، پاسىبان (خەلق قەھرىمانى، خەلق ھامىيسى، خەلققە شەپقەت ياغدۇرغۇچى... ئا). ھۈنەرۋەن، دىل ئاۋاكەش (شائىر، يازغۇچى، سازچى، غەزەلچى، ئويۇنچىلار-ئا)، نەققاش، مېمار كار (ئويمىكار، ھەيكەلتاراش ... لار-ئا) لاردىن ئىبارەت ئەلنىڭ ئەقلىي يېتەكچىلىرىدىن ئىبارەت خاسىيەتلىك زاتلار توركۈملىرىدىن ئىبارەتتۇر. ئاپپاق خوجا كۈچلىرى بۇ خىل ھۆرمەتلىك خاسىيەتكارلاردىن كۆپ قىسمىنى «كۇپىر» لىق، «دەھرى» لىك «گۇناھ» لىرى ئارتىپ دارغا ئېسىۋەتكەن، پىچىۋېتىپ تۆۋە قىلدۇرغان، ئىلىغا-جۇڭغارلار ئىلتىپاتىغا سۈرگۈن-قۇللاندى قىلىۋەتكەن. بۇ خىل قىلمىشلارغا تەۋە سانسىزلىغان يامان مىساللارنىڭ بىرى-شائىر بابا رەھىم مەشرەپ ئۆلۈمىدۇر.

. بابارەھىم مەشرەپ (شاھ مەشرەپ) 20 نەچچە يېشىدىن ئېتىۋارەن سوپىلىقنى قوبۇل قىلىپ، ئاپپاق خوجىغا چاكار بولغان. شۇ جەرياندا ئاپپاق خوجا سوپىلىرىنىڭ ئاچكۆزلۈكى، زالىملىقى، خۇنخورلىقى، ئالدامچىلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قارشى پاش قىلىش خاراكتېرىدە جەڭگىۋار ئەسەرلەرنى يازغان، ئاپپاق خوجا سوپىلىقىدىن بەزگەن. شۇڭا ئاپپاق خوجا ئۇنى «خوجا - ئىشانلىرىمىزنى ھاقارەتلەيدىغان بېيىت، غەزەللەرنى توقىدى» دەپ قاردلاپ قەشقەرىيە تەۋەسىدىن كېتىش شەرتى بىلەن سۈرگۈن قىلىپ قوغلىۋەتكەن. شۇندىن كېيىن شائىر ھازىرقى ئىلى، خوجەنت، تاشكەنت، سەمەرقەنت، بۇخارا، بەلخ، ھىندىستان (ھازىرقى پاكىستان-ئا)، ئافغانىستان يۇرتلىرىنى پىيادە كېزىپ قەلەندەرچىلىكتە كۈن ئالغان. خوجا-ئىشانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى يېزىشنى توختاتمىغان. شۇڭا، ئاپپاق خوجا «ئۇلىما» لىرىنىڭ پەتىۋاسى بىلەن بەلخ ھاكىمى مەھمۇد شاھنىڭ قولىدا 54 يېشىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## 5. ئاپپاق خوجىنىڭ «ھەپسە» پاجىئەلىرى توغرىسىدا

ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ھاكىمى شېرىكلىرىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىدىن ئەڭ مۇھىم بىر تۈرى «ھەپسە» (تۈرمە، زىندان) قاباھەتچىلىكىدۇر. «بورقۇم نەۋلىيا» نىڭ بۇ ھەقتىكى تەپسىلىي بايان قىسمىنى ھازىرقى زامان چۈشەنچىسىگە مۇنداق ئىخچاملاش مۇمكىن:

مىلادى 1680-يىلىدىن 1684-يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئاپپاق خوجا ئوردىسىنىڭ ئوخرانىكىسى (تۇتقۇن قىلىش، جازالاش، قاماپ تۇرۇش... ئورۇنلىرى-ئا) مەھكىمىلىرى تەرىپىدىن «قارا تاغلىق ئاسىي»... «ئىسيانچى»، «جەدىد»، «پىرئاناسىي»... «گۇناھ»لىرى بىلەن تۇتقۇن قىلىنىپ، 140 جايدىكى «ھەپسە تېگى» (زىندان تېگى) دە يېغىلىپ ياتقان مۇسۇلمان «گۇناھكار»نىڭ تىرىك سانى بىر تۈمەندىن ئېشىپ كەتكەن. مىلادى 1685-يىلى 6-ئايدا ئاپپاق خوجا ئوردىسىنىڭ

سىپاھسالارلىرى (مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلىرى) خۇددى «تەزكىرەيى پىر - ياران»دا تەكىتلەنگەندەك:
«... قۇنتەيجى كاپىر شاھنىڭ لەۋزى بىشارەتلىرى، ئىلاھىي ئىرادەت ھەم ھالا ئاپپاق خاننىڭ
‹خۇدايى ئەپۇ ئومۇمىيە›، ئىلتىپاتى ۋە ئەمرى بىرلە... بۇ ‹گۇناھكار› لارنى ‹خۇدالىق تۆت
يول ئەجرى› گە ھەيدەپ ۋە سىلىپ، تۆھپە، خاسىيەتلىرى تۆۋبە، پۇشايمان نىسابىغا يەتكەندە
‹خۇدايى ئازاد› قىلىپ ‹يۇقىرا› قەۋمىگە قوشۇلۇپ كېتىش پەرمانىنى جاكار قىلىشقان.» بۇ
يەردە كۆزدە تۇتۇلغان «خۇدالىق تۆت يول» - قاغىلىق - ئارسالڭ - لاداق ئارىلىقىدىكى 36 ئۆتەڭ-
لىك تاغ ئارت يولى - «ئەجەل يول»، خوتەن - قومبەل ئارىلىقىدىكى 38 ئۆتەڭلىك «جىن چىقىر»
(خوتەن - ھىندىستان يولى — ئا)، ئاقسۇ - ئىلى ئارىلىقىدىكى 18 ئۆتەڭلىك مۇز داۋان
(شوتا يولى) — «قازا يول»، قەشقەر - نايىن ئارىلىقىدىكى (قەشقەردىن ھازىرقى سوۋېت ئوت-
تۇرا ئاسىياغا بارىدىغان كارۋان يولى) «كارۋان» يوللىرىدىن ئىبارەت بولغان. بۇيوللار شۇ
زامانلاردا «بارسا كەلمەس يول» دەپ ئاتىلىدىغان، ئەڭ مۇشكۇل يول لىنىيىلىرى ھېسابلىن-
ماتتى، ئەلۋەتتە. يۇقىرا سىلىقى، ھۆكۈمەت چىقىمى، ساۋاب چاقىرىقى، خان تىلىزۇمى... دې-
گەندەك شەكىل، تەدبىرلەر بىلەن بۇ يول مەنزىللىرىنى ئاسراش، ياساش... قا ئادەم ئىشلە-
تىش، كۆچ سەرپ قىلىش تەبىئىي تەس ھېسابلىناتتى، مۇمكىن بولمايتتى. سەئىدىيىلەر خانى-
لىرى بۇ مەسىلىنى ئەسىرلەر كۈچى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي يۈرۈش تەدبىرلىرى بىلەن ھەل
قىلىپ بارغانىدى. لېكىن ئاپپاق خوجا «ھاكىمىيىتى» جۇڭغار خوجايىنلىرىنىڭ يول كۆرسى-
تىشى بىلەن بۇ مەسىلىنى ئۆز «ھەپسە» لىرىدە تۇتقان 10 مىڭدىن ئارتۇق تىرىك ئەر «گۇناھ-
كار» نىڭ «گۇناھ بەدەل» «ئەجرى» لىرى بىلەن ھەل قىلىشقا تۇتۇنغان. بۇ خىل تۇتۇنۇش-
نىڭ ئەڭ پاجىئەلىك ئاقىۋەتلىرىگە مەنسۇپ ئېچىنىشلىق خاتىرىلەردىن مىساللارنىڭ بىرى
توغرىسىدا خوتەن كىرىيىلىك تارىخچى مۇئەللىپ تۇرسۇن قارى كىرىيەۋى تەرىپى-
دىن 1910-يىلى كەشمىردە يېزىپ قالدۇرۇلغان «خوتەن» دېگەن قولىيازمىدا مۇنداق دېيىلگەن:
«قازارا قەدەر ئاپپاق خان پادىشاھىم زامانى، ئۇي يىلى بىر مىڭ توقسان يەتتە ھىجرىيە
جامادىيەل ئاۋۋالدە (مىلادى 1685-يىل ئۇي يىلى 8- ئايدا - ئا) زامان زۇلمى - سەتىمى ئىل-
كىدە قالغان ھەپسە (تۈرمە - زىندان) بەقۇۋۇللىرىدىن بىر مىڭ قىرىق بىر مۇسۇلمان خوتە-
نى ھەر بىرى بەش چارەكتىن (تەخمىنەن يۈز جىڭدىن — ئا) كۆپەدان (تېرىق، بۇغداي، گۈرۈچ
بولسا كېرەك — ئا)، بىر يۇدمە بوخچا (يۈز جىڭ ئېغىرلىقتىكى بىر تاي گەزمال ياكى خام،
چەكمەن - ئا)، بىر قاپتىن كىشمىش... دۈم تېڭىق قىلىپ (بەل تاڭما قىلىپ يۈدۈپ) قاتار
كارۋان ئىسكەتى بىلەن بىراھما بۇددالا (بۇددىستلار بۇتخانىلىرى — ئا) تۇرالغۇ يۇرتلىرىغا
يۈز قالماق نازارىتى بىلەن ‹تۇتقۇن سەپەر› قىلىپ ھەيدەلدىلەر... ئادەملەر بۇ خىل سەپەرنى
‹قامچى كۆچ› دەرنېردىلەر. 19 تۈن-كۈندە ‹كاپىر بەل› (ھازىرقى «مىڭگە بىر» داۋىنى —
ئا) مەنزىلىگە ئۇلاشقاندا بۇلارنىڭ ئەجەل شەربىتىدىن ئامان ئاشقانلىرى ئاران 40 قا تەئىن
بولدىلەر...» دېمەك، ھەزرىتى ئاپپاق خوجامنىڭ دالاي لاما 5 (بۇددالاگۇڭ) ئوردىسىغا قىلغان
قۇللۇق سوۋغىلىرى ئارتىلىپ، ئېشەك-ھايۋان ئورنىدا ھەيدەپ مىڭلىغان 1041 خوتەنلىك
تەندۇرۇس ئۇيغۇر مۇسۇلمان يۈك ئېغىر، قورساق ئاچ، ئېغىزمان ئوچۇق، ئاياغ يالاڭ، بەل
مادارسىز، قارانچۇق ياۋايى، سەپەر رەھىمسىز، تەبىئەت جۇت، پەلەك تەتۈر تۇرغان مۇھىت

ئىچىدە توڭلاپ قىرىلىپ تۈگىگەن. تاغ بەللىرى- «كاپىر بەل» داۋىنىنى ئۇيغۇر خەلقى ئەنە شۇ زاماندىن بۇيان «مىڭگە بىر داۋىنى» (بىر مىڭ بىر ئادەم قىرىلغان داۋان- ئا) نامى بىلەن ياد ئېتىپ كەلمەكتە (بۇ خىل تارىخىي پاجىئەلەر توغرىسىدا ماۋزۇيىمىزنىڭ «زۇلمەت پاراتقۇچىلار» قىسمىدا قايتا توختىلىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە ئارتۇقچە توختالمىدۇق- ئا).

## 6. ئاپپاق خوجا كۈچلىرىنىڭ تەن جازالىرى توغرىسىدا

ھۆرمەتلىك مەشھۇر ۋەقەشۇناس مامۇت ئىسلام 1970 - يىلى يېزىپ تاماملىغان «ئاپپاق خوجا زامانىنىڭ ۋاقىئاتلىرى» دېگەن قوليازمىسىدا شۇ زاماندىكى تەن جازالىرى توغرىسىدا توختىلىپ: «دار، تاش بوران، ئەن بەدەن، مىش قىيناق، ئىت قىيناق، قىل قىيناق، پەي قىرقىما، ئۆرە قىيناق، كۆتەك، دەررە، تونجۇق، ئات قۇيرۇق، قاپ قىيناق، قوڭ قىيناق، بوغما قول، ئۆركەتتى، زوقۇم جان، تەلقۇم تىغ، چۆل قاق... جازالىرى كۆپ ھەم پاجىئەلىك ئىدى» دەپ يازغان. ئوچۇقراق ئېيتقاندا، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش، چالما- كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش، شاش ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىغا چېتىپ سۆرۈتۈپ ئۆلتۈرۈش، تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇپ ئۆلتۈرۈش، چىقالمايدىغان چۆللەرگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ قاق سېلىپ ئۆلتۈرۈش، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈش، زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش... تەك ئۆلۈم تۈرلىرى ئاپپاق خوجا جەمئىيىتىنىڭ ئەقەللىي ھادىسىلىرى ھېسابلانغان.

ئەن بەدەن (ئەن بەدەن — قول، پۇت، قۇلاق، بۇرنىنى كېسىۋېتىپ ياكى كۆز ئويۇپ، تىل كېسىپ، بۇرۇن يۇلۇپ، پىچىۋېتىپ، ناكا قىلىپ، تۇغۇت قۇرۇتۇپ، ئۆلمەجان قىلىپ تاشلايدىغان قىلمىشنىڭ نامى— ئا)؛ مىش قىيناق (مۈشۈك بىلەن قىيناش يەنى «گۇناھ قىلىپ تېنىۋالغان كىشىنىڭ ئىشتىنى ئىچىگە، چېتىغا مۈشۈك سولاپ، مۈشۈكنى ئۇرۇش ئارقىلىق تاتىلىتىپ، چىشلىتىپ قىيناپ «ئىقرار» قىلدۇرۇش— ئا)؛ ئىت قىيناق (ئىتقا تالىتىپ قىيناش— ئا)؛ پەي قىرقىما (پېيىنى كېسىش)؛ كۆتەك (بويىنىغا، پۇتىغا كۆتەك سېلىپ قويۇش— ئا)؛ دەررە (ئۇرۇش)؛ قىل قىيناق (ئەرلەرنىڭ زەكىرىگە قىل تىقىپ قىيناش— ئا)؛ ئۆرە قىيناق (قىشتا مۇزدا يالىڭاياغ تۇرغۇزۇپ قويۇش— ئا)؛ قاپ قىيناق (تاغار، قاپلارغا قاچىلاپ ئېگىزدىن دۆڭلەردىن پەسكە يۇمىلىتىش— ئا)؛ زوقۇم جان (زەھەر ئىچكۈزۈۋېتىش — ئا)؛ باغلاپ، ئۇرۇپ قىيناش... قاتارلىقلار ھەزرىتى سەئىد زامانىنىڭ «ئەلگە تەنبىھە»، «دەھرىگە زاۋال»، «ئىسلامغا راۋاج» نامىلىرىدىكى تۆھپىلىرىدۇر. دېمەك، ئاپپاق خوجا خۇنخور كۈچلىرىنى مۇسۇلمانلىق خىسلىتى، مۇسۇلمانلىق تۇرمۇشى ۋە ئەقەللىي ئىنسانلىق تەبىئىتى يوق، ھايۋانلارنىڭ بەلكى ئەڭ ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ قىلمىقىنى قىلىدىغان، چىشىنى خۇن پىچىقى، پەيلىنى ئىت پەيلى چىراپ ۋە ئوراپ تۇرغان، زەھەرلىك قوللىرى يىرتقۇچلارنىڭ پەنجە، چىشلىرىغا ئوخشاپ كەتكەن، كىشىلەرنى چايانىدەك چېقىپ تۇرىدىغان، نە ئەقىل، نە دىن، نە ھايا... دىن مەھرۇم، قىلغان ئىشلىرى خۇن تۆكۈش، ئەلنى خار- زار قىلىش، ۋەتەن- يۇرتنى تۇزدۇرۇش، ناپاكلىق، ئادەتلىرى— نامەردلىك، رەزىللىك، قىلمىشلىرى قەبىھ ھايات كۆشەندىلىرى دېيىش تولىمۇ ئورۇنلۇق باھادۇر.

## 7. ئاپپاق خوجا— بايلىق - دۇنيا - دەپىن ئەجدىھاسىدۇر

ئاپپاق خوجا «خان» لىق «تەخت» كە ئولتۇرغاندىن كېيىنكى ئۇنىڭ دۇنياپەرەسلىك كەيپىياتى توغرىسىدا مۆھتەرەم ئەدىب، تارىخچى

ھاجى نۇرھاجى «تەسەۋۋۇپ تونىدا نۇرۇلسۇلغان ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىك تۈرۈشلىرى» ماۋزۇسىدا توختىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «... ئاپپاق خوجىنىڭ «شەيخ»، ناملىق ئادەملىرى «خوجام ئۈچۈن خامانىنىڭ چەش بۇرنى ئايرىپ قويۇلمىسا، خاماندىن چىققان ئاش ھالال بولمايدۇ» دېگەن ساختا پەلسەپىنى سېتىپ، نۇرغۇن ئاشلىق ئۇندۇرۇۋېلىپ تۇرغان ... تەسەۋۋۇپچىلار (ئاپپاق خوجا) ھەدېسىلا مۇرىتلىرىغا ۋە باشقا ئادەملەرگە خۇدا يولىدا يەرلىرىنى ۋەخپە قىلىشنى تەرغىب قىلىپ، نۇرغۇن مېھنەتكەشلەرنى يەر - زېمىن، ئۆي - تەئەللۇقلىرىدىن ئايرىۋەتكەن...» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ناملىق (ئىچكى ژۇرنال) 1982- يىل 4- سانىدىن ئېلىندى — ئا).

تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، ئاپپاق خوجىنىڭ 8- ئەجداد بوۋىسى — مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئۇستازى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئەبەيدۇللا ئەھرار ئۆز زامانىسىدا ئۆز ئىلكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يەرلىرىنى ھەيدەپ تېرىشتا قۇللارنى قوشقا قېتىپ داڭ چىقارغان بولسا، ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ خوجا يالغۇز قەشقەردىلا 42 جايدا مېۋىلىك باغ ئىگىلەپ داڭ چىقارغان. «ئاپپاق خوجا زامانىسىنىڭ ۋاقىئاتلىرى» دا كۆرسىتىلىشىچە: ئاپپاق خوجىنىڭ پۈتۈن ئىشانلىق ۋە «خان» لىق ئۆمرىدە پەقەتلا پۈتۈن ئەۋلاد تەركىبىي بىلەن بىرەر پۇللۇقمۇ (بىرەر ياماقلىقمۇ — ئا) «دۇئا» 'دىن باشقا بىرەر مۇئامىلىسى (كىشىلەرگە بىر نەرسە بېرىش مۇئامىلىسى) قىلغان تارىخى بولۇپ باقمىغان. ئاپپاق خوجا ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن بالا - چاقىلار ئارا بولغان ماددىي، مەنىۋى مىراس غەنىمەت مۇجادىلىسى بولغاندا، ئاپپاق خوجا تەئەللۇقاتى ھېسابىدىن مەلۇم بولغان ئەڭ چوڭ، ئەڭ كۆپ مال - مۈلۈك «... 90 باغ - ئارام، 100 پاتمانلىق (بىر پاتمانلىق 400 مو - ئا) ئۈزۈك كۆزى تېرىم يەر، 25 كۆپ ئېرىغ مال (ئالتۇن - كۈمۈچ، ئۈنچە - مەرۋايىت. ياقۇت. . كۆزدە تۇتۇلغان - ئا)، 75 يۈك زىلچا (بىر يۈك ئون دانە — ئا)، 3000 ئات، مۇلازىم ئون تاناپ - خان كارۋان (100 بوغرا تۆگە سەپلەنگەن «خان كارۋان» — ئا)، 5 چوق .(قوچقار خاتىسى يەنى قوچقارنى ئۆلتۈرۈپ خالتىسىنى پوتەي ئەيلەپ ئىچىدىكى بۇراق تېشىغا چىقمايدىغان، نەم ئۆتمەيدىغان قىلىپ تەييارلىغان خاس قاپچۇق — ئا) ئىسپار، 100 جۈپ شاھزەر (يۈزىگە خەت ئويۇلغان ياپىلاق ئالتۇن ئۈزۈك - ئا)، 400 ياقا تون - سەرپاي، 5000 جايناماز، 300 دۇكان، 20 ھويلا - ئارام... لاردىن ئىبارەت بولغان ئىكەنلەر. . .» («ئاپپاق خوجا زامانىنىڭ ۋاقىئاتلىرى»دىن). ھازىرقى زامانلارغىچە ۋارىسلىق نام، ئاتاقلار ئىزى ئۆچۈرۈلمەي ساقلىنىپ، ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «ئاق باغ»، «ھەيدەر باغ»، «خان باغ»، «بۈزرۈك باغ»... دېگەندەك ئاتالغۇلارنى بەزىلەر ئەنە شۇ تارىخ ئىزىدىن ئىزاھلىشىپ كەلمەكتە. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، ئاپپاق خوجىنىڭ «خان»لىق ئۆمرىدە جوڭغار ئەمەلدارلىرىغا، ئۆزلىرىنىڭ دەھبىد، سەمەرقەنت، بۇخارا، خۇراسان... لاردىكى ئەۋلاد، يارانلىرىغا قىلغان شەخسىي سوۋغىتى ئۆلگەن ۋاقتىدىكى ئومۇمىي مۈلكىگە تەڭتۇرىدىغان نىسبەتتە بولغان. ئۆز ۋاقتىدا دادىسى بىلەن قومۇلدىن قەشقەرگە خۇددى «خوتەن» دېگەن قولىيازمىنىڭ مۇئەللىپى كېرىيىلىك تۇرسۇن قارى كېرىيەۋى تەكىتلىگەندەك: «بۇ دىيارغا دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان خۇدا ئاشىقى

تۆت خېچىرلىق ئالتە پىقىر» كەمتەرلىكىدە ئۇنۇپ، سەددىقە، يېتىم بىلەن جان بېقىشنى باشلىغان بۇ زاتنىڭ ئاخىرقى «خان»لىق ئۆمرىدىكىچە توپلىغان يۇقىرىقىدەك چەكسىز بايلىقى — ئۇ زاتنىڭ «ئىشان»لىق چاغلىرىدا بۇتۇن ئەھلى مۇسۇلمانلارغا جاكارلىغان مۇنۇ سۆزلىرى بىلەن تولىمۇ زىتتۇر: «ھەر قانداق ئادەم جەڭ قىلسا ئاۋۋال ئۆز نەپسى بىلەن جەڭ قىلسۇن... بىر ئادەم بىر يىلغىچە سوغوق سۇ بىلەن قۇرۇق نان يېسە، پىشقان ئاش، قاينىغان سۇ تەلەپ قىلمىسا، ئۇ ئادەم مەن ھەقنى ئىزدەيمەن دەيدىكەن، مۇشۇ رىيازەتكە سەۋر قىلالمىسا، ھەقتىن بۇنى ئالالمايدۇ... ھەر قانداق ئادەم ئۆمرىنى راھەت بىلەن ئۆتكۈزسە، ئاخىرەتنىڭ راھەتلىرىدىن بىنېسىپ بولىدۇ... ئۆمرىدىكى مۇشەققەتنىڭ كېيىنى بىلەنكى ئاچ، ئاچزارلىق دەرياسىدا غەرق قىلىۋەتمىسەڭ، خۇداغا يېتىشىمەن دېگىنىڭ بىكار... ھەرقانداق كىشى ئۆيىدىن، بالا - چاقىسىدىن، دۇنيانىڭ راھىتىدىن تولا يىغلاپ، يۈرىكىنى كاۋاپ قىلىپ دىلىنى ئۈزسە، ئاخىرەتتە راھەت - پاراغەتتە بولىدۇ...» («ئاپپاق خوجا كەلىمەلىرى»دىن).

دېمەك، ئىشنى يۇقىرىقىدەك «دىنىي ئىشان»لىق تەرغىباتى بىلەن باشلاپ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىپ، ئاخىرقى نۇقتىدا ئۆزىنى يېتەرلىك رۇسلىۋالغان ئاپپاق خوجا بايلىق توپلاش گېپى كەلگەندە ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك تەرغىباتلىرىدىن بىراقلا بۇرۇلۇپ، «ئىنساب»، «ھالال - ھارام»، «كىشى ھەققى»، «ئاخىرەتلىك ھېساب - كىتاب»، «گۇناھ»، «ساۋاب»... دېگەندەك ئىسلامىيەتنىڭ تەرغىبى دالالەت ۋە چۈشەنچىلىرىنى چۆرۈۋەتكەن. بۇنى ئاپپاق خوجىنىڭ: ئېسىلزادىلەر ئەقلىنى ئىشلەتسۇن، تېگى پەسلەر قارا كۈچىنى ئىشلەتسۇن، مەھكۇملار ھاكىملارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ ئۆتسۇن، ھاكىملار باشقىلارنىڭ قولىدىكىنى يېسۇن، «تەقدىر» دېگەن ئەشۇ دېگەن قارىشىدىن ھاسىل بولغان ئىجتىمائىي ئاقىۋەت ھەم چېكىدىن ئاشقان «ئىشان» بولاكچىلىقى دېيىشكە بولاتتى، ئەلۋەتتە.

* * * «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن * * *

... مازارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىدىن چىققان ھەممە ھوسۇلاتلارغا قانائەت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۈشرە - سەددىقە بېرىشىگە تەلمۈرگەن، مازارلارنىڭ ھۇجرىلىرىدا بورىنىڭ ئۇستىدە يېتىپ قوپۇپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن، كىشىلەر بەرگەن بىر جۈپ نان، بىر تاۋاق گۆلە قاقىغا خوش بولغان خوجىلار ھېممىنى يارىتقۇچى ۋە رىزقى ئاتا قىلغۇچى تەڭرىنىڭ مەرھەمەت ئىلتىپاتى بىلەن بىردەمدىلا پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ، ھۆكۈمرانلىق تاجىنى باشلىرىغا كىيدى. ئۆمرى ئىچىدە يەتتە پۈشتى، ئاتا - ئەجدادلىرى ئارىسىدا، بەلكى بۇ مۇغۇلىستاندا ھېچقانداق ئادەمزاتقا دۇنيانىڭ بۇنداق دۆلىتى مۇيەسسەر بولغانىدى. خوجىلارنىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەن ناشتىلىقىغا تۈرلۈك - تۈرلۈك ھالۋا، يېمىش، قەنت، قەندالەت، قىيما - قىيما شىرنە، شەربەت، پاقلان گۆشىدە ئەتكەن كاۋاپ، سامسا، پەرمۇدە، مەززىلىك تاماق، خىلمۇخىل ئازۇنېمەت، يېمەك - ئىچمەكلەر ئالدىلىرىغا كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى ئەھۋاللىرىنى ئۇنۇتتى... كىشىلەرگە تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلمىدى. مېھرى - شەپقەت قىلمىدى. مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق ناغرىسىنى چالدى... مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا ئاسماندىن بالا، تەڭرىدىن قازا ياغقاندەك، مۈشۈك چاشقاننى ئالغاندەك، قورغۇي قۇشقاچنى سوققاندەك... بىر چەبدەس چاققان پادىشاھ... خوجىلارنىڭ دۆلىتىنى ئۆزى بىلەن قوشۇپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى... ئاقىل ۋە دانا كىشىلەر - بۇ پانىي دۇنيانىڭ تۇرمۇشىنى، بەختى - دۆلىتىنى ۋە ئۇنىڭ زاۋال تېپىپ يەر بىلەن يەكسان بولۇشىنى كۆزىگە ئىلماي، غەم - غۇسسە، شادلىق ۋە پاراۋانلىق ئاقىۋەت يەر بىلەن يەكسان بولىدۇ، دەپ بىلىش لازىم.

— «تارىخىي ئەمنىيە»دىن

## 8 . ئاپپاق خوجا ـ نەسلى ـ نەسەب ۋاباسىدۇر

ئاپپاق خوجا بىزدىكى ئىشانلىق «ئەمىرى ـ مەرۇپ» تارىخىدا ئەجدادلىرىمىزنى ئۆزدە-نىڭ «ئىشقىيە» — «دىنىي يولى» بويىچە ئىزچىل ھالدا «جىنسىي گۇناھ»لاردىن قەتئىي ساق-لىنىشقا، «خۇدا ئىشقى»دىن باشقا ھەرقانداق ئىشقىي مۇھەببەتكە ئۇرۇنماسلىققا، «خۇدانىڭ ئىشقى»غا ئۆزلىرىنى بېغىشلاپ، «ئاشىق» بولۇپ تۇرۇشنى زادىلا تەرك ئەتمەسلىككە چاقىرىپ ۋە دالالەت قىلىپ (مەنىۋى قىستاپ — ئا) كەلگەن. ئاپپاق خوجا كۆزدە تۇتقان «جىنسىي گۇ-ناھ»، «خۇدا ئىشقى»، «ئاشىق»لىق ۋە «بېغىشلاش» دېگەنلەر زادى نېمە؟ بۇنىڭ جاۋابىنى ئاپپاق خوجا «ئىشقىيە» مەزھىبى (يولى)نىڭ «دىنىي پىرىنسىپ»لىرىدىن چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ: بۇ «دىنىي پىرىنسىپ» توغرىسىدا ھۆرمەتلىك مۇئەللىپ ئا. سايىت توختىلىپ مۇنداق شەرھلەيدۇ: «ئىشقىيە مەزھىبى... ئۇچىغا چىققان تەركىدۇنياچىلىق مەزھىبى بولۇپ، بۇ مەزھەبتىكىلەر جاھان كېزىپ، يۇرتمۇ ـ يۇرت يۈرۈپ، ئۆي ـ جاي تۇتماي، خوتۇن، بالا ـ چاقىلىق بولماي، مازار ـ ماشايىق-لارنى تاۋاپ قىلىپ، چاچلىرىنى چۈشۈرمەي، جەندە ـ كۆلا كىيىپ، كۈندە تاپقىنىنى كۈندە يەپ، ئاچلىقتا زارلانماي خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى بېغىشلاشنى بىردىنبىر ئىبادەت ئۇسۇلى قىلغان ھەم بۇنداق قىلىشنى خۇداغا يېقىنلىشىشنىڭ ۋە ئەۋلىيالىققا يېتىشىشنىڭ يولى دەپ قارىغان. بۇ مەزھەبنىڭ سوپىلىرىنى كىشىلەر ‹ئاشىق› دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى ‹سوپىلار› دەپ ئاتىماستىن ‹ئاشىق›لار يەنى خۇداغا ئاشىق بولۇپ ياشايدىغانلار دەيدۇ...» («شىنجاڭ دىن تەتقىقاتى ماتېرىياللىرى» 1987 ـ يىل 1 ـ توپلام 59 ـ بەتتىن).

شۇنىمۇ قوشۇمچە ئىزاھلاش لازىمكى، ئاپپاق خوجام ئەجدادلىرىمىزغا تاڭغان «ئىشىق»، «ئاشىق»لىق يولىمۇ شەك ـ شۈبھىسىزكى نەشىخورلۇق، مەستخۇشلۇق (چېكىمخورلۇق بىلەن كار-دىن چىقىش)، كەسپىي بەڭگىلىشىش يولى دېگەنلىكتۇر. دېمەك جانابىي ئاپپاق خوجام تارىخ-تا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا تاڭغان «جىنسىي گۇناھ»دىن ساقلىنىش، «ئاشىق»لىشىش، «خۇ-دانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى ئاتاش»... دېگەندەك «دىنىي مەجبۇرىيەت»لەر تېگى ـ تەكتىدىن ئال-غاندا تارىختا بىزگە تاڭغان مىللىي پاجىئە، مىللىي بۇزۇلۇش، مىللىي يوقىلىش ـ تۈگىشىش-نىڭ باشلىنىش قەدىمى ۋە چىقىش بوسۇغىسىدۇر. تۆۋەندىكى تارىخىي پاجىئەلەر بۇ پىكىرى-مىزنىڭ ئەڭ غۇبارسىز دەلىلى ھېسابلىنىدۇ. 1) «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قولياز-مىدىن بىلىشىمىزچە، سەئىدىيىلەر ـ ئىسمائىلخان زامانىدا تەبىئىي مىراس سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قەشقەردىيە يۇرت تۇردىقى ئاپپاق خوجا زامانىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىغا كەلگەندە، ئەسلىدىكى 3784 ئەمىر بەگلىك يۇرتتىن 2400 «ئىشان بەگ»لىك يۇرتقا، ئائىلە (ھەربىر يۇرت مىڭ ئائىلىدىن بولغاندا) 389 مىڭدىن 130 مىڭ ئەتراپىغا، نوپۇس ئەسلىدى-كى تەخمىنەن تۆت مىڭ تۈمەندىن ئىككى مىڭ بىر يۈز تۈمەنگە، ئېرىق ـ ئۆستەڭ 2143 تىن 503 كە، تېرىلغۇ زېمىن بۇرۇنقىدىن قىرىق مىڭ چارەكلىك تۆۋەنلەپ، بېجىرىم ئەر كۈچلەرنىڭ مۇساپىرلىشىشى (سەرگەردانلىشىش، «ئاشىقىلاماكان» بولۇش) نىسبىتى ھەر ئالتە ئەرنىڭ بىرىنى ھاسىل قىلغان. «ئاپپاق خوجا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا ئۇي-غۇرلارنىڭ ئاۋات ـ مۇنبەت يەرلىرىنى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتقان. مەسىلەن، قەدىمكى چاش (ھازىرقى قاراشەھەر) ئەسلى ئاۋات، باغۇ بوستانلىق، توق، باياشات بىر ماكان ئىدى. ئاپپاق خوجا ئىلكىگە ئۆتكەندىن كېيىن؛

ئېكىنزارلىق بولدى ئاڭا چارۋا مەيدان، قەھەت بېسىپ ئەل- جامائەت بولدى سەرسان،
يەر، مەھەللە ھالى كېتىپ بولدى ۋەيران. ئەتراپ چۆل، ھۆكۈم سۈردى مۇندا بوران،

بولۇپ كەتكەن» («تەسەۋۋۇپ تونىغا ئورۇلۇۋالغان ئاپپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ باراكەندىچىلىك ئۇرۇشلىرى» (ئاپتورى ھاجى نۇرھاجى). «ئارىختىكى ئىسلامىيەت»تە يەنە مۇنداق مەلۇماتلار بېرىلگەن: «ھەزرىتى ئافاق خان زامانىدا، ئۇ، سەۋەبىدىن بولۇپ تۇرغان يۇرتلارنىڭ مۇسۇلمان قەۋملىرى ئارىلىرىدا مېيىت- جىنازا نامازلىرى ناگاھان كۈن ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان ھەر قانداق چاقاردا (مەھەللىدە- كەنتتە- ئا) «تەۋەللۇت» (تۇغۇت- ئا) ئاي ئۆرۈلۈپمۇ سادىر بولمايدىغان ھادىسىگە باققان ئېردى... ئەلگە يېڭى ئات- يېڭى جان قوشۇلمىغان قىيامەت قايۇم ئالامەتلىرى پەيدا بولغان ئېردى...» دېمەك ئۇ چاغ- ئەزىز يۇرتىمىزنىڭ ئىگىلىرى تۈزۈپ، نەسلى- نەسەب ئىز باسارلىقى ئۈزۈلۈپ، دۇنيادىن قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە يۈزلەنگەن چاغ بولۇپ قالغانىدى. 2) ھاياتنىڭ، جۈملىدىن ئىنسانىنىڭ جىنسىي مەنئەت، جىنسىي مۇئامىلە ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇپ، چەكلەپ ياكى مەلۇم كۈچ بىلەن مەلۇم رامكىلىق قاراشلار دائىرىسى بىلەن چەكلەش – مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان تەبىئىي قانۇنىيەتتۇر. «ئامەتتى كەتكەن»، «نەس باسقان» خوتۇنلارنىڭ «ئىمان»نى «يېڭىلاش»قا كۆنۈپ كەتكەن ئاپپاق ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ «جىنسىي گۇناھتىن ساقلىنىش»، «جىنسىي گۇناھ» قىلغانلارنى چەكلەش، جازالاش چاقىرىقى بىلەن ھەرىكەت، قىلمىشلىرى قانداقتۇر بىزنىڭ يۇرت- ماكانلىرىمىزدا ئىنتايىن ئېغىر دىنىي گۇناھلارنىڭ ھېسابسىز كۆپىيىپ كېتىشىنى، مىللىي ئەخلاق ۋە مىللىي خۇسۇسىيەت... لىرىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ، ياۋايىلىشىپ ... كېتىشىدەك ئىجتىمالاشقان ئىجتىمائىي «مىللىي ئادەت» لىرىمىزنىڭ يامراپ بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنداق «دىنىي تىزگىنلەش» چارىسىنى شۇنداق پەرەز قىلىپ بېقىشقا بولىدۇكى، گۈلخان، گۈلەخ... لەردە جىنسىي جۈپتى ھەمراھسىز يۈرۈشكە، «ئاشىق» بولۇشقا كۆنگەن قارابىس، قارام نەشەخور مەستخۇش «ئاشىق»لار جىنسىي شەھۋانەتچىلىكلىرى قوزغىلىپ كەتكەندە، ئۆز ئىشتىھالىرىنى يەنە بىر خۇدا ئۇرغان ياۋاش، بوزەك، بىچارە «ئاشىق» بۇرادەرلىرىدىن زورلۇق ياكى پەمى ئىلاج بىلەن قاندۇرماي قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ جەمئىيەتتە تەدرىجىي جىنسىي پاجىئەلەر ۋە جىنسىي ۋەيرانچىلىقلارنىڭ ئۇلغىيىپ ۋە كۆپىيىپ بارماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ جەمئىيەت كەسپىي پاھىشىۋازلىق، كەسپىي غىتمەكچىلىك، بولۇپمۇ «سوپى ئاشىق»لار جىنسىي ماجىرا- جېدەللىرىنىڭ قەبىھ ئاقىۋەتلىرىگە دۇچ كەلمەي مۇمكىنمۇ؟

شەك- شۈبھىسىزكى، جەمئىيەتتە جەمئىيەت خاراكتېرلىك فىزىئولوگىيىلىك ئىنسانىي جىنسىي تۇرمۇشنى ۋە جىنسىي مۇناسىۋەتلەر سىستېمىلىرىنى ھەرقانداق شۇئار، ھەرقانداق يول ۋە ھەرقانداق چارە- تەدبىرلەر بىلەن چەكلەپ قويۇشقا ئۇرۇنغان ھەرقانداق زوراۋان كۈچ، ھەرقانداق «ئەۋلىيا» زات تەبىئىيكى جەمئىيەتتە پەقۇلئاددە نەسلى- نەسەب جىنايىتى سادىر قىلغاندىن بۆلەك، سانسىزلىغان جىنايى پاجىئەلەرنىڭ يامرىشىغا، ئاقىۋەتتە شۇ جەمئىيەت، شۇ خەلقنىڭ ھالاكەت ئاقىۋىتىنى تېزلىتىشكە سەۋەب بولىدۇ، خالاس. ھۆرمەتلىك ئەدىب مامۇت ئىسلام ئۆزىنىڭ «بەلەن گەپلەر» دېگەن خاتىرىسىنىڭ «ئەيىبلىرىمىز» دېگەن قىسمىدا ئاپپاق خوجا «ئاشىق» لىرىنىڭ زامانى ئاۋۋالدىكى قىلمىقسىزلىقلىرى توغرىسىدا توختىلىپ: «قارام- بەدقىلىق «ئاشىق» لار پەيلى- ئېتىبارلىرى بۇزۇلۇپ، خۇمارى كەيپلىرى ئۆرلەپ، ساما قىلىپ چۆرگىلەپ، «ئىبادەت» لىرىدىن خالىي بولغاندا، يامانلىرى قاۋاندەك قارامىلىشىپ بەزى بىقۇۋۋەل «ئاشىق» لارغا، مەزلۇملەرگە خۇدا ئالدىدا توڭگىگۈسىز جىما زورلۇقى (جىنسىي تاجاۋۇز) سادىر قىلىشاتتى. «غېرىب بەچچە»، «غىتمەك سوپى»، «غىتمەك

«ئاشىق»، «بۇلۇق» (جىنسىي تاپاۋەتكە بېرىلگەن كەيىمىز خوتۇن — ئا)، «دۇم قىتمەك»، «دەرد بۇۋى»، «كۆز بۇۋى»، «لالما خوتۇن» ... دېيدىغانلار ئەنە شۇنداق قاۋاندەك قارىملاشقان نەمجىس «ئاشىق» لارنىڭ قىلمىشلىرى بىلەن پەيدا بولۇپ قالغانلار ھېسابلىناتتى...» خوش، دېمەك ئاپپاق خوجىنى تارىختا «جىنسىي گۇناھ» نى چەكلەش باھانىسى بىلەن ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا قانداقتۇر غەيرىي جىنسىي جىنايى پاجىئەلەرنىڭ پەيدا بولۇش، داۋاملىشىش جەريانىغا ئۇل سېلىپ بەرگەن نىجاسەت «داھىي» سى دەپ ئاتاش ئانچە ئورۇنسىزلىق، ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. 3) «ئاشىق» بولۇشنىڭ ئۆلچىمى — قانغۇدەك نەشە چېكىش، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئىشقىغا ئاتاش - ئاپپاق خوجىچە «مۇسۇلمان» چىلىقنىڭ بىر خىل شەكلى قىلىنغان. «... پىدائىيلارنى نەشە چەكتۈرۈپ مەست قىلاتتى. ئۇلار نەشىگە ئادەتلىنىپ، ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان ھالەتكە كەلگەنىدى. ئۇلار نەشە چەككۈسى كەلگەندە نەشە بېرىمەن دەپ خەتەرلىك ئىشلارغا بۇيرۇيتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا نەشە بېرەتتى ۋە «جەننەتتى» كە كىرگۈزەتتى...» («شىئە - ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا» دىن). ئاتاقلىق تەرىقەت روھانىلىرىدىن بىرى ھەسەن ساباھ دېگەن كىشىدىن بۇ خىل «دىنىي كەشپىيات»نى ئۆزلەشتۈرگەن ئاپپاق خوجىنىڭ كارامىتى بىلەن 17 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن ئېتىۋارەن بىزنىڭ يۇرت - ماكانلىرىمىزدا نەشە كەندىرى تېرىش، نەشە ئىشلەش، سېتىش، تارقىتىش، چېكىش، چەتكە چىقىرىش، چىلاپ ئىچىش... ئومۇمەن «ھالال كەسىپ»، «توغرا كەسىپ»، «خۇدالىق كەسىپ» بولۇپ ئومۇملىشىشقا باشلىغان (بۇ خىل ئومۇملىشىش — ھازىرقى مىللىي تەركىبىمىزنىڭمۇ ئەڭ ئېغىر زەخمىسىدۇر، ئەلۋەتتە). بىزگە مەلۇمكى، نەشە چەككۈچىلەر بولۇپمۇ كەسپىي بەڭگىلەر ئومۇمەن قورقۇنچاق، پىكىر، تەپەككۇر قابىلىيىتى تۆۋەن، ئاش قېپى، زەئىپ، تەرسا، چېپچىلاڭغۇ، ئىش - ئەمگەككە ئاجىز، ئەخمەق، لاپخور، خىيالپەرەس، شاللاق، تەرى سۇرۇن، كەپلىرى توڭ، ھەرىكەتلىرى قىلىقسىز، ئەقلى پالەچ... كېلىدۇ. دېمەك، ئاپپاق خوجا تارىختا بىزنىڭ مىللىي تەركىبىمىزدىن ئەنە شۇنداق ناباپ، زەئىپ «ئاشىق» ئادەملەر تۈركۈملىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان ۋىجدانسىز «كەشپىياتچى» دۇر. ئەگەر ئۇ زاتنىڭ تارىختىكى «پىر» لىق «ئىناۋىتى» بىلەن ھېسابلىشىش توغرا كەلسە، دەرۋەقە ئۇ «ئىناۋەت» يۇقىرىقىدەك «ئاشىق» ئىنسانلارنىڭ پاجىئەلىرىگە ياندىشقان ئەڭ ئىپلاس قارا ئىناۋەتتۇر. ياراتقان تەڭرى ئۇ زاتنىڭ ھەم ئۇنداق زاتلارنىڭ «ئۇ ئالەم»لىك ياتقان جايىنى ئەبەدىلئەبەد دوزاخنىڭ تۆرىدە، ئەلنىڭ قارغىش، نەپرەت دۇئالىرىنىڭ قاينىمىدا ساقلىغاي.

بۇ دۇنيادا زالىم قالالماس ئەبەد،
ئۇنىڭغا قالىدۇ مەڭگۈلۈك لەنەت.
— شەيخ سەئدى

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




## نامەلۇم بولسا كېرەك؟

بىر باي زىياپەتتە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۆپ خوتۇنى بارلىقىنى ماختىنىپ:

— بالىلىرىمنىڭ شۇنچە كۆپلىكى، ھەتتا بەزىدە قايسى بالام قايسى خوتۇندىن تۇغۇلغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىمەن، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا سەلەي چاققان:

— دېمەك، باي ئاكا، سىلى ئانىلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمىگەن بالىلارنىڭ دادىلىرىمۇ نامەلۇم بولسا كېرەك؟! دەپتۇ.

## ھەممە ئۆلۈم — ئوردىدىن

بىر كۈنى پادىشاھ سەلەينىڭ ھارغىنىغا قارىماي، ئۇزاقتىن - ئۇزاق قىزىق پاراڭلارنى قىلغۇزۇپ، كۆڭلىنى خوش قىپتۇ. ئاخىرىدا، كۈلكە تەس كەلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، شاھ «يەل» قويۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئوڭايسىزلىنىپ، نائىلاج گەدىنىنى تاتىلاپتۇ ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇراپتۇ:

— سەلەي، سەن زادى نەدىن؟

— ئوپالدىن.

— نېمىشقا شەھەرگە كېلىپ قالدىڭ؟

— قېچىپ ناپىسەنت، قوپالدىن...

— سەن يالغۇز ئوغۇلمىدىڭ؟

— بىز ئۈچ ئوغۇل ئىدۇق.

— سەن نەچچىنچىسى؟

— مەن كەنجىسى.

— ئاكىلىرىڭ بارمۇ؟

— ئۆلۈپ كەتكەن.

— ئۇلار نېمە بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن؟

— چوڭ ئاكام ئالۋاڭ تۆلىيەلمەي، چۆلگە پالىنىپ ئىسسىقتا ئۆلگەن. كىچىك ئاكام زۇلۇمغا كۆنمەي، داردا — ئېسىقتا ئۆلگەن. ئەمدى مەن پاراڭ تۈگىمەي، ئوردىدا سېسىقتا ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ.

## ئىشان

بىر كۈنى كىشىلەر «ئىشان» ۋە شۇ نام توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشىپ تۇرغاندا، بىر موللا تۇرۇپ: ئىشان دېگەن سۆز دىنىدا ئۇلۇغ، ئاگاھ «ئىشەن» دېگەن سۆز، — دەپتۇ. سەلەي چاققانلىق بىلەن: «ئىشان دېگەن سۆز — دىلغا قۇلۇپ، پۇتقا كىشەن» دېگەن سۆز دەپتۇ.

## كەلدىنامە

قاتار مەشرەپ سەلەيگە كەلگەنىكەن. بۇنى ئىمام ئاڭلاپ: «مەشرەپىڭگە مەنمۇ بارايمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. يۈز كېلەلمىگەن سەلەي، ئۇنىمۇ تەكلىپ قىلىپتۇ. بۇنى 30 ئوغۇل ئاڭلاپ قېلىپ: «ئۇنداق بولسا، مەشرەپنى ساھىب بىلەن راھىب ئۆزلىرى ئوينىسۇن» دېيىشىپتۇ. ئىشنىڭ چاتاق بولۇشىنى سەزگەن



سەلەي، ئىمامغا يولۇقۇپ، — سىلى مەشرىپىمگە ئويلىشىپ بارسىلا. يەنە «يېتىپ كەلگىنىم — يېتىشكە كەلگىنىم» دەپ ئادەتتىكىدەك كېلىپ ئىششىپ ئولتۇرۇۋېرىدىغان بولسىلا، كۆپىنىڭ ئالدىدا «كەلدىنامە» دېگەن كىتابنى ئاچىمەن، ئەزرا تارتىپ قالىدىلا، — دەپتۇ.

ئىمام چۆچۈپ، ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ:

— ئۇنداقمۇ كىتاب بولامدىكەن؟

— يېقىندا قولۇمغا چۈشۈردۈم، ئاجايىپ كىتاب!

— يوق گەپ!

سەلەي چاققان جىددىي جاۋاب بېرىپتۇ:

— سىلى مەسچىتتە ئېيتقاندەك، كىمنىڭ سەپىرى توغرا ياكى ناتوغرا، شۇنى بىلىدىغان كىتاب — «سەپەرنامە» بولىدۇ-يۇ، قايسى مېھماننىڭ كەلگىنى توغرا، ياكى ناتوغرا ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كىتاب بولمامدۇ؟ يە، سىلى خۇدانىڭ ئىلىم خەزىنىسىگە شەك كەلتۈرەمدىلا؟

گەپ تاپالمىغان ئىمام قورقۇپ، مەشرەپكە بارالماپتۇ. 30 ئوغۇل كەگىناشا ئويناپ، ياپراپتۇ.

## نېمىشقا كاپىر بولىدۇ؟

سەلەي چاققاننىڭ ئېشىكى ئۆلۈپ قال-غانلىقىنى ئاڭلىغان قازى:

— پىيادە يۈرمەيدىغان كىشى ئەمدى قان-داق قىلارسەن؟ — دەپ زاڭلىق ئارىلاش سوراپتۇ.

— بېقىر پەقەت پىيادە قالمايدۇ، تەخسىر، — دەپ كۈلۈپتۇ ئۇ، — ھېلىقى سىلى كۆر-گەن چوڭ قويۇمنى مىنىپ يۈرۈۋاتىمەن.

— ئاغزىڭنى يۇم، قوينى مىنگەن كىشى كاپىر بولىدۇ.

— تەخسىر، ئۆزلىرى: «شۇ قويۇڭنى قۇر-بانلىق قىل، قۇربانلىق مال قانچە چوڭ ۋە سېمىز بولسا، ئۇ ئۆز ئىگىسىنى ئۇستىگە مىندۈ-رۈپ، پىلسىرات ئىنى شۇنچە ئىختەتەر ئېلىپ ئۆتىدۇ» دېگەن ئىدىلە. ھازىردىن تارتىپ شۇ قوينى مىنىپ كۆندۈرۈۋاتىمەن.

— بەس! قوي مىنگەن كىشى كاپىر بو-لىدۇ دېدىم، كاپىر!

— قوينى «ئۇ دۇنيانىڭ» شۇنچە خەتەر-لىك قىل كۆۋرۈكىدە مىنگەن ئەخمەقلەر كا-پىر بولماي، مۇشۇنداق كەڭ يەرلەردە مىن-گەن ئادەملەر نېمىشقا كاپىر بولىدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي.

## ماڭمۇ ياخشى بولدى

بىر كۈنى ئىمام: ناخشا - ئۇسسۇل شەي-تاننىڭ ئىشى. راۋاب، تەمبۇر بار ئۆيگە پە-رىشتىلەر كىرمەيدۇ، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا بۇ ماڭىمۇ ياخشى بولدى. مۇ-بادا ئۆلۈپ كەتسەم، بالىلىرىم راۋابىمنى گۆرۈمگە ئاپىرىپ قويسا، مۇنكىر - نېكىرلەر كىرەلمەي، سوئال - سوراقتىن قۇتۇلۇپ قا-لىدىكەنمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

## يەتتە قىز

بىر كۈنى كىشىلەر سەلەيدىن:

— موللىلار «يەتتە قىز ئۆستۈرگەنلەر جەن-نەتكە كىرىدۇ» دەيدۇ. يەتتە ئوغۇل ئۆستۈر-گەن كىشىلەرچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

سەلەي چاققان سەل - پەل ئويلىنىۋېلىپ:

— «ئۇنداقتا توي ئاسان بولسا ئەجەب ئە-مەس» دەپ يەتتە ئوغلىنى ئاشۇ قىزلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتۈرۈپ ھېيدەپ، ئۇ كىشە-لەرمۇ جەننەتكە كىرىپ كېتىشى ئېھتىمال، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

---

ئالمۇتا: «يازغۇچى» نەشرىياتى نەشر قىلغان «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» ناملىق كىتابتىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت




# سۆيگۈ ناخشىلىرى

ياسىن مۇخپۇل

## شاھى كۈيلەر

تۈندە ئاشىقلار ئۈچۈن كۈلگەندە ئاي،
كۈيلىرىدىم ئاشىق دىلىمدىن ئالدى جاي.
مەن ئۈچۈن ھاجەت ئەمەس تاج، زەرلىباس،
پاك دىلىم زەردىن گۈزەل خىسلەتكە باي.

ناخشا، ساز بولغاچقا قەلبىم جەۋھىرى،
ئاچتى دوستلار نۇر قۇياشتەك خۇشچىراي.
ئايىغىمغا باش ئۇرار بىلسەڭ ئەگەر،
كۈيلىرىمدىن مەست بولۇپ شاھ ۋە گاداي.

## كاككۇك قونغان تال

بىر مەلىدە چوڭ بولدۇق،
ئىجىل - ئىناق ئوينىشىپ.
گۈلزارلىقتا - چىمەندە،
كېپىنەكلەر قوغلىشىپ.

ئايلار ئۆتتى، يىل ئۆتتى،
بەرنا بولدى قەددىمىز.
كاككۇك بىلەن زېينەپتەك،
تەلپۈنەر چىن قەلبىمىز.

كاككۇك قونغان تال بىلەن،
ئاستا ئۆردۈم مەن سېنى.
كاككۇك ئاشىقى زېينەپ،
بەرسىكەن دەپ ئىشقىنى.

ئەشۇ قىلغان شوخلۇقۇم،
بالا بولدى بېشىمغا.
رەنجىدىڭ سەن مېنىڭدىن،
ھېچ كەلمىدىڭ قېشىمغا.

كاككۇك يەنە سايرىدى،
بىز كۆرۈشتۇق دالىدا.
كاككۇك قونۇپ سايرىغان
سۆگەت — تالنىڭ ئالدىدا.

«سۆيدۈم»، دېدىڭ تىلىڭنى
يۇغۇرغاندەك بال بىلەن.
باغلىنىپتۇ رىشتىمىز،
كاككۇك قونغان تال بىلەن.

## سىم - سىم يامغۇر

سىم-سىم يامغۇر، سىم-سىم يامغۇر،
زېمىن سەندىن ئالدى قۇۋۋەت.
گۈل-چېچەكلەر ياساندى ئۆز،
كائىناتقا بەردى زىننەت.

سىم-سىم يامغۇر، سىم-سىم يامغۇر،
بۇلۇتلارنىڭ شادلىق يېشى.
ئاشىقسەن چىمەنزارنىڭ،
يېشىللىقنىڭ چىن سىردىشى.

قايتارما:
سىم-سىم يامغۇر، سىم-سىم يامغۇر،
كۆكتىن چۈشكەن كەۋسەر سۈيى.
ئايان بولۇر تامچىلاردا،
گۈزەللىك ھەم شادلىق كۈيى.

## قەبرىدىكى گۈل

ئۆتتى ئۆمرۈم ئىككى يىغلاپ، بىر كۈلۈپ،
كەتتى ئاز كۈن ياشلىقىم مېھمان بولۇپ.
چاچلىرىمغا كۈنسېرى چاچتى قىرو،
يورغا يىللار تامغىسىنى قالدۇرۇپ.

قايرىلىپ باقتىم ئىزىمغا مەن ئۇزاق،
ئەل ئۈچۈن ياقتىممۇ بىر تال شام - چىراغ.
قايتۇ ئۆمرۈمدىن نىشانە ناخشا، ساز،
ئاقىۋەت قەبرەمدە ئۈنگەن گۈل بولۇپ.

## دەرد ئەيلىمە

تۇرغان شاۋۇدۇن

غازاڭ بولغان باغلاردا،
بۇلبۇل قانداق سايرىغاي.
كەلسە باشقا جۇدالىق،
يۈرەك قانداق پايلىغاي.

ئۈزۈپ سۆيگۈ رىشتىنى،
كەتتىڭ مەندىن ئۇزاقتا.
قالدىم دەردتە مۈڭلىنىپ،
چۈشكەندەك قۇش تۇزاقتا.

ئۆلمەي تىرىك ئايرىلماق،
ئاشىق ئۈچۈن راۋامۇ؟
ۋاپا ئەيلەپ دەرد چەكتىم،
دەردىم ساڭا داۋامۇ؟

## ۋەتەن مېھرى يۈرەكتە

مېھمانجان روزى

ئۇلۇغ ئانا ۋەتىنىم،
قۇچىقىڭدا كۆز ئاچتىم.
كۈيچى بولۇپ يېتىلىپ،
ئىجادىمدىن گۈل چاچتىم.

خۇددى قۇياش تەپتىدەك،
يۈرىكىمدە مېھرىڭ بار.
ئۈزۈلمەسكە چېتىلغان
مۇھەببىتىڭ، رىشتىڭ بار.

ئۇلۇغلاپ،
سېنى دىيەپ ئۆتۈمەن.
ساڭا سادىق ئۆمرۈمدىن،
شانلىق داستان پۈتۈمەن.

## تارىم سۆيگۈسى

ئاۋۇت ساۋۇت

ئانا دەريا-بۈيۈك تارىم،
بوييۇڭ رەڭدار گىلەم ئوخشاش.
سۈيۈڭدىن ياشنىغان يۇرتۇم،
قۇياشلىق باغ ئېرەم ئوخشاش.

ئۇپۇق سۆيگەن ئېگىز-ئىزلاردىن،
ياسالسا چەش بىلەن تاغلار؛
تۆكەر ئەلگە شېرىن شەربەت،
نېمەت كانى گۈزەل باغلار.

ھايات ياشنار تېپىپ نۇسرەت،
سېنىڭ ئالتۇن بويۇڭ بىرلە.
باھار كەتمەس دىيارىمدىن،
سېنىڭ زەمزەم سۈيۈڭ بىرلە.

## يار ئۈچۈن

نۇرمۇھەممەت جېلىل

بەرى ئەمەس يۈرىكىم،
گۈل يېزامىنىڭ ھۆرقىزى.
ئاھۇ كۆزلۈك، قەلەمقاش،
ئەجەب شېرىن گەپ- سۆزى.

كەشتە باسار ئېتىزغا،
ئىشتا پىشقان جۈپ قولى.
ناخشىسىغا مەھلىيا،
باغ- چىمەننىڭ بۇلبۇلى.

مېھنەت بىلەن كۆڭلۈم شاد،
ۋاپادارىم يار ئۈچۈن.
ئەقىدەمدىن تايمايمەن،
ۋىجدان ئۈچۈن، يار ئۈچۈن.

## ھايات قەدرى

ئابلىجان ھېيت

ھايات كۆركى گۈزەل شۇنچە،
ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيگەنگە.
ھايات گۈلدەك چاچار خۇشبۇي،
بېرىپ مېھرىنى سۆيگەنگە.

ئۆمۈر چەكلىك، ئەشۇ چەكلىك
ھاياتنىڭ قىممىتى مېھنەت.
تۇتۇپ پۇرسەتنى تەر تۆكسەڭ،
زېمىنغا كۆچكۈسى جەننەت.

## سەن ھاياتىم يۇلتۇزى

يۇسۇپ كېرىم

ئاق خالاتلىق دوختۇر قىز،
نۇر ئاقاركەن چېھرىڭدىن.
كۆردۈم گۈزەل قەلبىڭنى،
يالقۇنلىغان مېھرىڭدىن.

گۈل ھاياتقا كۆز ئاچتىم،
شىپا تېپىپ قولۇڭدا.
پەزىلىتىڭ، خىسلىتىڭ،
نۇرۇن ئالدى دىلىمدا.

تەشەككۈرغا تىل يەتمەس،
دوختۇر جانان—ئەل قىزى.
پەرىشتەمسەن بىر ئۆمۈر،
سەن ھاياتىم يۇلتۇزى.

## يۇرتۇم

ئايگۈل مۇھەممەدىن

ئەي گۈزەل يۇرتۇم ئۆزۈڭ،
ئەقلىمدىكى جەننەت ماڭا.
قۇچىقىڭ باغى ئىرەم،
زۇمرەت سۈيۈڭ شەربەت ماڭا.

تاغدا گۈللەردىن ئىپار—
چاچسا زېمىنغا شوخ سابا؛
مىڭ، تۈمەن بۇلبۇل كۈلۈپ،
باغلاردا ئەيلەر خۇش ناۋا.

ھۆر قىزىڭمەن گۈل زېمىن،
سەندە باھار كۆڭلۈم مېنىڭ.
سېنى گۈللەپ، تەر تۆكۈپ،
ئاچقاي چېچەك ئۆمرۈم مېنىڭ.

## توي ناخشىسى

ئالىمجان ئازات (تۇقۇغۇچى)

قۇتلاپ بەختىيار كۈننى،
دوستلار خۇشچىراي كەلدى.
بەزمە - توي ناۋاسىدىن،
دىللار لەرزىگە كەلدى.

نەقىرات:

تويىنىڭ نەغمىسى دوستلار،
كۆككە ئۆرلىسۇن شۇدەم.
شاد تويىنى، خۇشال كۈينى،
ئاڭلىسۇن جىمى ئالەم.

قىزنىڭ لىۋىدە كۈلكە،
يىگىت چېھرىدە شادلىق.
چىن سۆيگۈ ۋىسال تاپقان،
بۇ كۈنلەر ئەجەب تاتلىق.

## سېغىنىش كۈيى

ياسىن ئىسمائىل

يارىم سېنى سېغىندىم،
تولا قاراپ يولۇڭغا.
ماڭا يازغان سالام خەت،
تەگكەنمىدۇ قولۇڭغا؟

تاغ شامىلى ئۇرغاندا،
گۈل ھىدىنى دىماققا؛
ئاڭلانغاندەك بولىدۇ،
ئوتلۇق سۆزۈڭ قۇلاققا.

ئۈمىدىم زور سېنىڭدىن،
ماڭا شادلىق ئېلىپ كەل.
چېگرىدىن زەپەرنىڭ
شاد سازىنى چېلىپ كەل.

## ئىككى تېكىست

ئىسكەندەر سەيپۇللايېۋ

### كۈتۈش

گۈل ئېچىلغان باغ ئارا،
يوللىرىڭغا قارايمەن.
ئىپار پۇيلۇق شامالدىن،
يارىم سېنى سورايمەن.

ئەشۇ باغدا تۈنجى رەت،
ساڭا كۆيگەن ئەمەسمۇ؟
گۈل تۈۋىدە ئاق كېچە،
سېنى سۆيگەن ئەمەسمۇ؟

يۈرەك رىشتىم ئۆمۈرلۈك
باغلانغان سەن لىۋىڭگە.
سېنى كۈتۈپ تۇرىمەن،
ۋەدىلەشكەن چىمەندە.

### قېيىمقىتا

زۇمرەت سۇلار تاۋلىنار،
كۈلنىڭ گۈزەل ھۆسنىدە.
چاقنار قۇياش شولىسى،
دولقۇنلارنىڭ كۆكسىدە.

يارىم بىلەن قېيىمقىتا
كەلمەكتىمىز سىرىدىشىپ.
گارمون تارتىپ، جىر - جىرلاپ،
سۆيگۈ كۈيى ئېيتىشىپ.

بەردى قېيىق سەيلىسى،
دىلغا خۇشلۇق - ھوزۇرنى.
ئۆتكۈزۈمىز مەنالىق،
مۇھەببەتلىك ئۆمۈرنى.

# تەپەككۇر جەۋھەرلىرى

كىشىلىك ھاياتتا ئۈمىدسىزلىك ۋە كۆرەڭلىكنىڭ ئىمارەت ئىككى خىل پاچىسى بار.

— شوبېرت

ئامەت ھەممىشە پۇختا ئويلىغان ئادەمگە كېلىدۇ.

— ژۇبېل

ھەقىقەت ئالتۇندەك ئېغىر بولغاچقا، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ چەكسىز ئېقىمىدا دائىم تۆۋەنگە ئولتۇرۇۋالىدۇ. سەپسەتە تېزەكتەك يەڭگىل بولغاچقا، دائىم سۇ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرىدۇ.

— بېكون

تۇرمۇش — يېڭى بىلىملەرگە ئىنتىلىش دېمەكتۇر.

— مېندېلېيېف

كۈلۈمسىرەش — كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى قىسقارتىدۇ، مۇلايىم جاۋاب — ئاچچىقنى باسىدۇ.

— «شىنجاڭ گېزىتى»دىن

ئادىمىزاتنىڭ ھاياتى تېجىلگەن ۋاقىتقا قاراپ ئۇزىرىدۇ.

— ف. كوللىر

ئادەم ئۆزىنى بىر خىل كۈچ پەرۋاز قىلىشقا ئۈندەۋاتقاندەك سەزگەندە ھەرگىز ئۆمىلەپ يۈرمەسلىكى كېرەك.

— ھەيلون كايلور

تۇرمۇش بەئەينى بىر قاتتىق قول مۇئەللىم. ئۇنىڭ شادلىقى سېنى چەكسىز بەخت قوينىدا ئەركىلەتسە، ئۇرغان شاپىلىقى سېنى سوغۇققان، ئېھتىياتچان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، سەن ئەقلىڭنى تاپىسەن.

— فېيرباخ

توپلىغۇچى: جۈرئەت نىزامىدىن

پەزىلەت — كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا تەئەللۇق، نام — شۆھرەت — كىشىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە — قىياپىتىگە تەئەللۇق.

— شېكسپىر

تالانت - ئىقتىدارنى يالغۇز - تەنھالىق ئىلكىدە ئۆستۈرۈپ — يېتىلدۈرگەن ياخشى؛ پەزىلەتنى دۇنيانىڭ قايناق دولقۇنلىرىدا ئۆزلەشتۈرگەن ياخشى.

— گېيوتى

بىراۋنىڭ ھەقىقىي پەزىلىتىنى ئۆلچەشتە كىشى بىلمىگەن ۋە سەزمىگەن پەيتلەردە نېمىلەرنى قىلغانلىقىغا قاراش كېرەك.

— مونتېسكو

توپلىغۇچى: ئابلىكىم تۇردى

ھىندىلارنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىدىن ...

دانالار — ۋاقىتنى شېئىرىيەت ۋە پەنلەرگە بېغىشلايدۇ، نادانلار — غەيۋەت، ئۇيقۇ ۋە ئۇرۇش - تالاشلارغا (بېغىشلايدۇ).

نادان — بالا ۋاقتىدا پەقەت ئاتا - ئانىسىنى ئويلايدۇ، ياشلىقىدا پەقەت سۆيگۈسىنى، قېرىغاندا پەقەت بالىلىرىنىلا ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزى ھەققىدە ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەي ئالەمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ.

توپلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت ساۋۇت



ئىش ئارىلىقىدا    ئابدۇرەھىم ئابدۇللا فوتوسى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 新疆文化(维吾尔文)

(قوش ئايلىق تونۇشتۇرسال ئەدەبىي ژورنال) 1989 — يىل 2 —، 3 — سان (قوشما سان). 38 — يىل نەشرى

ڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. تېلېفون نومۇرى: 28055. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋىي سەنئەت يۇرتى نەش
ى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى
ئانلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. تاق ئايلارنىڭ 20 ـ كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ.

كەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژورنال نومۇرى: CN 65 — 1073/1 . ۋەكالەت نومۇرى: 22 — 58. تىزىملانغان نومۇرى 414. باھاسى 1.00 يۈەن



ئوۋچىلار (ماي بوياق) جالالىدىن بەھرام سىزغان